www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (11)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014 ـيىلى 11 ـئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1. توپان بالاسى راستىنلا ھاجەتمۇ؟................ نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن.3
2. ئۇيغۇرچە ئېلانلاردىكى تىل مەسىللىرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت يولللىرى ...............................ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى37
3. مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىش مەسىلىسى......................ئىقبال تۇرسۇن65
4. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېرروتورىيىسى ھەققىدە.........غالىب بارات ئەرك79
5.كارىز ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە.....................غوپۇر نۇرىدىن تولمبۆك91
6. خوتەندىكى دىئالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا.........................
..........................................................مىرسۇلتان ئوسمانوف104
7. ساك ، ھۇن ۋە تۈركەرنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى................
..............................................................خەن كاڭشىن116
8. IX ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۇرپان رايونىدىكى ئاساسلىق ئاھالىلەر...............
...............................................................ئابلەت ئەخمەت137
9. خوجىلار دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى...............
..........................................................ئەخمەتجان ھەسەن149
10. جاڭ جىجۇڭ نىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى....
..........................................................ماخمۇت ئابدۇۋېلى161
11. كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان...........
.........................................................تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش172
12. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجراچانلىق ماھارىتى .............................................دىلخۇمار سادىق183

www.kitaphumar.com

# توپان بالاسى راستىنلا ھاجەتمۇ؟

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە كىشىلىرىمىز ئارىسىدا، مەتبۇئات، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە مەۋجۇتلۇق ھالىتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ھەققىدە ئاز بولمىغان بەھس- مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇنى قارىقۇيۇق تاپا- تەنە، ئاھانەت ۋەياكى پالان-پۇستان بىر نېمە دېگۈچىلەرمۇ، قوللىغۇچىلارمۇ بولدى. ئەمما، زادى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئىنكاسلارنىڭ بولۇشى ئەملىيىتىمىزدە شۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە ياكى باشقىلار نورمال ئىش دەپ قارىغان ھادىسىلەرنى مەسىلىگە باشقىچىرەك كۆزدە قارايدىغان، ئادەتلەنگەن تەپەككۇرنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئامراق « ئېقىمغا قارشى قەھرىمان » لارنىڭ مەسىلە، كېسەللىك، چاتاق، دەپ قارىغانلىقىدىندۇر. نېملا بولمىسۇن، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى ھەرقانداق بىر پىكىرنىڭ بولۇشى ئۆزگە ۋە قەۋمگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۇرمۇشتىن تاكامۇل ئىزدەيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمما، ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق بىر پىكىر- ئىنكاسنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە روھىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. بىزنىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا تولىمۇ تار، بىر تەرەپلىمە قىممەت قارىشىنىڭ تۈرتكىسىدە قىزىققان ھاياجان بىلەن مەيدانغا چىققان «ئەخلەت ئىدىيە» لەرمۇ ساماندەك. ھاياتلىق قىممىتىمىز ۋە تەقدىر-قىسمىتىمىز پاجىئەلىك تۈستە ئايان بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئېڭىمىزدىكى، يۈزلىنىشىمىزدىكى، تۇرمۇشىمىزدىكى ئازغۇن ئىدىيە، چىركىن قىممەت قاراشلىرىنى ۋاقتىدا تازىلاپ ساغلام ئەقىدە تۇرغۇزۇش يېپيېڭى تۇغۇم بىلەن باراۋەردۇر. سودىدىكى، كەسپتىكى، سەپەردىكى بىر خاتالىق كىشىنى مۇئەييەن پايدا- ئىقتىسادتىن، كۈچتىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكەت- پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئىدىيە- ئاڭدىكى ئازراقلا خاتالىق بولسا كىشىنى بىر ئۆمۈر سەرسان-سەرگەردان، خانۇ- ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. بىر قەۋمنىڭ ئومۇمىي ئىدىئولوگىيىسىدىكى بىنورمال يۈزلىنىش بولسا پۈتكۈل قەۋمنى ھالاك، مەدەنىيىتىنى گۇمران قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا مىنىڭچە بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە- ئەقىدىسىدىكى خاتا، ئازغۇن قاراش-

www.kitaphumar.com

تۇنۇشلارنى تازىلاش ھەممىدىن بالدۇر، ھەممىدىن چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىشى كېرەك. ناخشىنى بۇگۈن بولمىسا ئەتە ئېيتىش تامامەن مۇمكىن. ساغلام قاراش بولغاندىلا كلاسسىك ئەدەبىياتنىمۇ، مۇقامنىمۇ تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. پاكىز ئېتىقاد مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى چىرىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

« جىنسىيەت » ئىلمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدە كۈچلۈك تېپىرقاش، شۇنداقلا تەسۋىرلەش قىيىن بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئويغىتىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش شۇ خىلدىكى زۇرۇرىيەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەقەززادۇر.

جىنسىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە يات نەرسە ئەمەس، تېخى يېقىندىلا بايقىغان نەرسە تېخىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىنسان يارىتىلغان دەقىقىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەزايى- تىنى، روھىيىتى بىلەن مەھكەم جىپسىلاش ھالەتتە بارلىققا كەلگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈننى مەلۇم مەنىدە جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇ بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ پۈتۈنسۈرۈك ۋۇجۇد- كالامىدىكى تولىمۇ كىچىك بىرلىك. ئەمما ئۇنىڭ تارتىش كۈچى، ئىنسان نەزىرىدىكى مۇقەددەسلىك ئورنى كۆپ ھاللاردا ئىنسانلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ماھىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ باشتىن تارتىپلا ئىنسان جەزمەن مەخپىي تۇتۇشى كېرەك بولغان ئۇيatلىق، نومۇسلۇق يەر قاتارىدا سانىلىپ كەلدى، بىر ئامىللار بىلەن يۈرگەلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەخلاق مىزانلىرى، ھايا- ئۆلچەملەر شەكىللەندى. بىز تارىخنىڭ ئۇزاق قاتلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ جىنسقا تونۇشى، چۈشۈنۈش دەرىجىسىگە بىرىپ يەتكىنىنىمۇ بايقايمىز. جىنسىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي يوسۇن- قائىدىلەردىكى ئۇنىڭ رولى، ئورنى، قىممىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت- تارىخ تەرەققىياتىدا ئىزچىل كۆرۈلگەن، ساقلانغان، دە- تالاش پەيدا قىلغان، ئەمما ئىزچىل ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە. نوھنىڭ قەۋمى ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق تۈپەيلى توپانغا غەرق بوپ كەتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئومۇمىيۈزلۈك بەچچىۋاز بولۇپ كەتكەچكە، تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىندى. ئىپتىدائىي ئادەملەر چىغىدا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن بولسىمۇ ئۇنى ياپتى. قەبىلىلەر ئاساسىدا ئۇيۇشقان جامائە ئۆز ئۇرۇقدىكىلەر بىلەن توپلاشتى، يەنى بىر ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا جىنسىي ئالاقىنى مۇۋاپىق كۆردى. ھەتتا دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن

www.kitaphumar.com

ئانىسى بالىسىغا خوتۇنلۇققا قالدى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ- تۆت ئوغۇل بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن قىلىشتى. مانى دىنى بۇنداق نىكاھنى چەكلىدى. ئەمما مەزدەك بۇنىڭغا قارشى:« ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، مال- دۇنيا، خوتۇن دېگەنلەردىمۇ كىشىلەر ئورتاق ھەمشىرىك بولۇپ پايدىلىنىشى كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇددىزىم دۇنيانىڭ بارلىق ھاۋايى- ھەۋەسلىرىنى كىشىنىڭ تىنى، روھىيىتىنى چىرىتكۈچى زەھەر قاتارىدا كۆردى ۋە تەركىدۇنيالىق، زاھىتلىقنى، جاپانى بىردىنبىر يول قىلىپ تاللىۋالدى، جىنسىيەتنى قەتئىي بەنت قىلىپ تاشلىدى، ئائىلە، ئاياللار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەكىپۈكلىقىغا كۆزنى يۇمۇپ ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ئەمما رايىش بۇددىزىم ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇددا مەدەنىيەت- سەنئىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنى يالىڭاچ رەسىم ۋە بۇتلارغا كۆمۈۋەتتى. ئۇلار ماھىيەتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ جىنسىيەتنى خىيال قىلىۋاتقان زاھىتلارغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. خرىستىئان دىنى گەرچە ئائىلە، نىكاھ، ئەخلاق جەھەتلەردە جاھالەتكە پاتقان ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر ئاڭ ئېقىمى ساھەسىگە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئۆز خىيالى بويىچە توقۇغان ئەپسانە- رىۋايەت، يازمىلىرى بىلەن ئەبجەشلىشىپ راست- يالغىنىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە غۇۋالىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئەۋرىشىم- يۇمشاقلىق ئۇنى خرىستىئان دۇنياسى ئۇلۇغلايدىغان، ئەمما ئازراقمۇ ئەمەل قىلمايدىغان دەستۇرپىچكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسى تايانچ تۈۋرۈكسىز قالدى، ئەخلاق بۇزۇلدى. ئىنسانىيەت يەنە بىر قېتىملىق جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق ئۆڭكۈرىگە قاپسالغان شۇ دەۋردە ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى. ئۇ جەمئىيەتنى ئەخلاق- ئېتىقاد ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئورتاق، ئادىل بىر ئۆلچەم قوللىنىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى، تەشەببۇس قىلدىلا ئەمەس ئۇنى ھەربىر ئادەم جەزمەن ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان مۇقەددەس پەرھىزگە ئايلاندۇردى، رېئاللاشتۇردى. روھىيەت ۋە جىسمانىيەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام، پاك، دۇرۇس بولۇشىدا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇكەممەللىكنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ تەرىقىدە جىنسىيەت ئۆزىگە يارىشا بىر مۇكەممەل تونۇش، پوزىتسىيىگە ئېرىشتى. ئۇ كەمسۇندۇرۇلمىدى، ئەمما ھەددىدىن ئېشىشقا ئېنىق چەك قويۇلدى. نىكاھ جىنسىي بىرىكىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىندى. ئۇنى يۆرگەش، مەخپىي تۇتۇش قەتئىي تەلەپ قىلىندى...

www.kitaphumar.com

ئەمما ئىنسان يەنىلا ئۆزى بىلگىنىنى، مۇۋاپىق دەپ ئويلىغىنىنى قىلىۋەردى. تارىخ ئۆز ئېقىنىدا ئېقىۋەردى.تالاي يىللار ئەشۇنداق قورقۇش، بوزۇش، چەكلەش، قارامىلىق، گاڭگىراش، قىزىقىش، تەلۋىلىك ئىچىدە ئۆتۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى...

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ئۆز ئىچكى نىزالىرى بىلەن قېقىلىپ- سوقۇلۇپ ئۆتكەن بىزلەرمۇ جاھاننىڭ بۇ قىسمەتلىرىدىن خالىي قالمىدۇق. بىزمۇ تېپىك يەرلىك مەدەنىيەت ھەقدارى ۋە باشتىن- ئاخىر باشقىلارنىڭ ئىدىيە- مەپكۇرىسىغا خىرىدارلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى شادلاندۇرۇشتەك ئىككىلەمچى سالاھىيىتىمىز بىلەن جىنسىيەتكە باغلانغان نۇرغۇن كەچمىش- تەجرىبىلەرنىڭ ئىجراچىلىرى بولدۇق. بولۇپمۇ بۇ ھەقتىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرى بىزدە باشقا ئەل مىللەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە كۆپ، قويۇق بولۇپ كەلدى. زور قىرغىندىن ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بالا بۆرە بىلەن جۈپلەشتى... ئوغۇزخان دەرەخ كاۋىكىدىنمۇ خوتۇن تاپتى... بىر ساھىپجامالغا پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەلنىڭ تەقدىرىنى تەمتىرىمەستىن تىگىشىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىشقىۋاز سەركەردىلەر، ئۇيغۇر خەلق ناخشا- قوشاقلىرىدىكى مۇھەببەت، يار ئوبرازلىرى ۋە روھىي تەقەززالىقلار... ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولدى. مۇھەممەد باغراش:« پرومېتى مۇنداق دەيدۇ: پەخەس بولۇڭلار، ئادەملەر »)  « تارىم » ژۇرنىلى 1998ـ يىللىق 12ـ ، 1999ـ يىللىق 2ـ سانى) ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە بۇ ھەقتە باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىپ، ناھايىتىمۇ ئىنچىكە تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغان.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇيغۇر ئەل مەدەنىيىتى (فولكلور) دە ساقلىنىۋاتقان جىنسىيەتكە دائىر قاراش، ئادەت، قىلىق ۋە تونۇشلارنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئەمەس. تەتقىق قىلىدىغان بولساق نەچچە توملۇق قامۇس چىقىرىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئايانماي شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات- سەنئىتى ھاياجىنى ئۇرغۇپ، پارتلاپ تۇرىدىغان ئىشقىۋازغا بەكرەك ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەقىدە- ئېتىقاد، ئار- نومۇس زەنجىرى ھەرمىنۇت سىلكىپ، كىشەنلەپ تۇرمىسا ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە شۇنچىلىكلا دەپ قويىمىز. ئۆتمۈشتىكى قاراش، ئادەت، قىلمىش- ئەتمىشلەر شۇنداق بۇيتىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق كۆرگۈلىكى ھەغدادىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، يەتمىگەن بولسا بۇندىن كېيىن يېتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە قايناپ، سۆزلەپ بەت بوياش ئەھمىيەتسىز ھاياجان ۋە ئەقىل، قەغەز، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئەشۇلارنىڭ قالدۇقاتلىرى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسى، يۈزلىنىشى، ئۇلار پەيدا قىلىدىغان، قىلىۋاتقان ياخشى- يامان ئاقىۋەتلەر ھەققىدە بىرەر قۇر پاراڭ سوقۇشنىڭ ئاز¬- تولا

www.kitaphumar.com

ئەھمىيتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنى بىۋاستە پايدا- زىيانغا ئۇچراشتۇرىدىغان نەق رېئاللىق.

راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ بۇ ھەقتە، يەنە كېلىپ ئاشكارا مەتبۇئات يۈزىدە بىرەر نەرسە دېگۈم زادىلا يوق ئىدى. لېكىن ئاخىرى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەپۇسىنى تىلەيمەن.

مۇھاكىمىنىڭ قوزغىلىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەب بولدى.1. جەمئىيەت ۋە ئۇنىدىكى جىنسىيەتكە باغلانغان تۈمەن مىڭ خىل ھادىسىلەر 2. كىشىلەرنىڭ جىنسىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ غۇۋالىقى، قاتماللىقى، بىر تەرەپلىمە، زىددىيەتچان بولۇشى. ھەتتا ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ئەيمىنىپ ياكى بۇ تېمىغا چېقىلىشتا ئۆلچەمسىز، خالىغانچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى 3. ياشلار، يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئالدىدا ئىزاھاتسىز، يېتەكچىسىز تەمتىرىشى، گاڭگىرىشى، بۇ مەسىلىگە ئاڭسىز، ئۆز مەيلىچە مۇئامىلە قىلىشى 4. ئەدەبىيات- سەنئىتىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىنكاسى 5. يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەر ئالدىدىكى تۇرمۇش، قىممەت قارىشىمىزنىڭ بىچارە شۇمشىيىشى 6. ئارىمىزدا بارغانسىرى ئەدەپ باش كۆتۈرۈۋاتقان يېڭىچە قاراش، تەشەببۇس، يۈزلىنىشلەر ....

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللار گەرچە ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە ناھايىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى، زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. جىنسىيەتنى ئېچىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن خەلقىمىز بۇ ھەقتىكى ئەقىدە- ئېتىقادىنىڭ نەلەرگىدۇر سۈپۈرۈلۈپ تاشلانغىنىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇ ئېچىلىپ بولدى. بەلگىلىك ئەخلاق ۋە ئەركان رامكىلىرىنىڭ ئىچىدە ھايا پەردىلىرى بىلەن مەخپىي ئىپادىلىنىپ كەلگەن بۇ « زەنجىرلەنگەن پرومېتى » نىڭ باغلىقى كۆنسىرى بوشاپ كەتتى. بىز ئەدەبىيات- سەنئىتىمىزنى ۋە ھۆرمەتلىك يازغۇچىلىرىمىزنى بۇ ھەققەتە دادىل يول بېسىپ جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭ ۋە تەسۋىرلەرنىڭ ئېچىلىشىغا يېتەرلىك تۆھپە قاتتى، دېيەلەيمىز.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن كېيىنكى ئەدەبىيات- سەنئىتىمىزدە مودا بولغان شوئارۋاز چاقىرىقنىڭ بىرى «چەكلەنگەن تېمىلارغا بۆسۈپ كىرىش»تۇر. بۇ شوئار ئاپەتلىك يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى، شوئارلاشتۇرۇلۇشى ۋە شەخسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە سىنىپىيلاشتۇرۇلۇشىغا قارشى ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى شۇ مەزگىللەردە چەكلەنگەن تېمىلارغا ئەركىن، دادىل يۈرۈش قىلىپ

www.kitaphumar.com

تۇرمۇشنى تېخمۇ زور بەدئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئارزۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تەگ- تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مۇھەببەت تېمىلىرىغا بۆسۈپ كىرىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەستەك تۈس ئالدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن بۇ ئالىجاناب مەنىۋي نېئمەت ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىن بىر مەزگىل قوغلانغان ۋە «سېرىق»، «شەھۋانى»، «بۇزۇقچىلىق» نامىدا ئەيىبلەنگەن ئىدى. مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر شېئىر، ناخشا، قوشاق يازغان، ئېيتقان، شۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغانلارغىچە مۇشتۇمزور سىياسىينىڭ رەھىمسىز كالتەكنىڭ قارىقۇيۇق توقماقلىشىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئادەملەردىن مېھىر- شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنى شەپقەتسىز سىياسىي تېرورلۇق قاپلىغان ئون يىل بولدى. ئىنسانغىلا خاس بولغان بۇ يۈكسەك تۇيغۇنى قارىلاش ئىنساننى قارىلاش بىلەن باراۋەر ئىدى. مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق تۇيغۇ بولغان ئىكەن، ئۇ ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئېتىشى تامامەن كېرەك ئىدى. ئاخىرى ئەدەبىياتىمىز «مۇھەببەت»كە ئېرىشىپ ئارمىنىغا يەتتى. ئەمما ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتەر- ئۆتمەيلا ئەخلاق، ھايا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ كەلگەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ تېمىنىڭ ئۆزىدىنمۇ يەنە چەكلەنگەن تېمىلار بايقىلىپ قالدى. يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىياتتىكى چەكلەنگەن تېمىلارغىلا ئەمەس، رېئال تۇرمۇش ۋە مۇقەددەس ئېتىقادىمىزدىكى چەكلەنگەن تېمىلارغىمۇ دادىل بۆسۈپ كىرىشنى ئىستەيدىغان بولدى. ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ قانائەت قىلمايدىغان مەخلۇق ئىدى. جىنسىيەت ئەدەبىياتىمىزدا ئاپئاشكارا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان، ئىستېتىك ئۆلچەملەرگىمۇ توشمايدىغان بەزىبىر تەپسىلاتلارنى ئەتەي تەپسىلى، زىغىرلاپ يېزىش خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. « بەزى يازغۇچىلىرىمىز قەھرىمانلارنىڭ قانداق سۆيۈشكەنلىكى، كۆسارغا قانداق قول ئۇزاتقانلىقى، قانداق ئاۋازلارنىڭ چىققانلىقى، تەمىنىڭ قانداقلىقى»( ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى « كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003ـــ يىل 7ـ ئاي نەشرى)، كۆكسىنىڭ قانداقلىقى، ئايالىلارغا قانداق ئۇرۇلغانلىغى، چاترىقىنىڭ كېرىلىشى، قانداق نەپەسلىنىشى، قانداق تىپىرلاپ، قانداق جىم بولۇشلىرىغىچە تەپسىلى، زوق- ھاياجان بىلەن يازىدىغان بولۇۋېلىشتى. ھەتتا، بەزى يازغۇچى- شائىرلىرىمىز بۇزۇقچىلىق، رەسۋالىق، جالاپ، شەرمەندىلىكلەرنى بىر ئامالىلار بىلەن ئاقلاپ چىقىشتى، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ تۇرمۇش، ھاياتقا بولغان قارىشىدىكى چۈشكۈن، مادداراچىلىقنى زوق- شوق بىلەن كۈيلىگەن بولۇشتى. ئۇلارچە ئىنساننىڭ

www.kitaphumar.com

ھېسسىياتى تولۇپ تاشقان نىگىزىدىن ئالغاندا رەزىللىك، ياۋۇزلۇقنى سىزىپ چىقتۇق، يېقىن ئىدى. ئۇلار ئەدەبىيات- سەنئەتتىكى بۇ خىل ئېچىپ ئىپادىلەش «دادىللىق»نىغا قارىتا «چىن، ھەقىقىي ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ پەردازلانمىغان ئىپادىلىنىشى» دەپ يەتتۇۋا بىرىشتى. بىز 90- يىللاردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن پېرسوناژلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئەخلاق، ئېپپەت مەسىلىلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسىدىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەسكىن جانپىدالىقنى كۆپ ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما بۇزۇقچىلىقنى يەتكىچە قىلىپ بولۇپ ئارقىدىنلا ئۇنى ئاقلاشقا چوشىدىغان ئەقىدىسىز ماڭقۇرتلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.80- يىللاردىكى ئەدەبىيات بىلەن 90- يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىرىگە قارىساقلا مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە بولغان ئەستايىدىللىق، جەريان تەپسىلاتچىلىقى ۋە ھەۋەس- زوقمەنلىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتىش مۇمكىن. ھەتتا بەزى ئەسەرلەر شەھۋانىي ئەسەرلەرگە ئايلىنىپ قالايلا دېدى. بۇ ھال كېيىنچە كىنو- تىياتىر ساھەسىگە ئىنتايىن تېزلىك بىلەن كىرىپ كەلدى. دە، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، يالىڭاچ يۇيۇنۇش، ھەتتا چېكىدىن ئېشىپ جىنسىي ئالاقە ھەرىكەتلىرىگىچە تەپسىلىي ئىپادىلەش، كۆرسىتىش بوگۇنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ يېپيېڭى يۈزلىنىش مودىسى بوپقالدى. شۇغىنىسى، بىز ئەشۇ پېرسوناژلارنىڭ روھ- تېنىدىن بىر دەۋرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، سەزەلىشىمىز كېرەك ئىدى. يازغۇچى بولغان ئادەم تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتى تەسۋىرلەۋەرسە سەنئەتتە مەزە قالمايدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشقا جەزمەن مەلۇم بىر ئەقىدە بىلەن ياندىششى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھېس- تۇيغۇ، پائالىيىتى ئارقىلىق مەلۇم بىر توپنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، ئادالەت- قاباھەتنى سىزىپ بېرىشى كېرەك. كۆپىنچە ئەھلى سەنئەت «يازغۇچى رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلىشى، مۇھاكىمە كىتابخانىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇشى كېرەك»، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ يازغۇچى قىلىپسىز، ئۆلچەمسىز، دەخلىسىز ھەرىكەت قىلسا، نېمىنى، قانداق يازغۇسى كەلسە شۇنداق يازسا بولىۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى سەنئەت بېغىدىكى نېمىنى ئۆزگۈسى كەلسە ئۆزۈپ، نېمىگە ئۆسكۈسى كەلسە ئۆسسە ھەق، توغرا بولىۋېرىدىغان باشتاق ئىشەك ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر مەدەنىيەت توپىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بولغانىكەن، شۇ توپىنىڭ ئەخلاق- ئەركان، مىزان، پرىنسىپلىرىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا قەلەم تەۋرىتىشى كېرەك. جىنسىيەتنى شۇ قەدەر شەھۋانىي ھېسسىيات، ئۆلچەمسىز مەۋقە بىلەن بېرىلىپ ئىپادىلەش يازغۇچىلىرىمىزدىكى تولىمۇ شاللاق كەيپىياتنى تولۇقى بىلەن ئاشكارىلاپ

www.kitaphumar.com

بەردى. مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا جىنسىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشىغا مۇئەييەن زېمىن، ئاساس ھازىرلاندى.

كېيىنكى كۆنلەردە غەرب ئەدەبىياتىدىن كىرىپ كەلگەن ئاتالمىش مۇدېرنىزم بىزنىڭ يازغۇچى- شائىرلىرىمىزنىڭ ئىپادىلىيەلمەي قالغان ھېسسىياتىنى قايناپ تاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا تېخىمۇ شاللاق، ئەرزىمەس، تۇترۇقسىز پاساتلاشتۇرۇۋەتتى.چىن ھېسسىيات ۋە رېئال ئىش- پائالىيەتنىڭ ئورنىغا يۇشۇرۇن ئاڭ، چۈش، باش- ئايىغى يوق خىيال، ئەھمىيەتسىز سىمۋول، ئىشارىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى لىپمۇ- لىق قاپلاپ كەتتى. يىغلاڭغۇ شېئىرىيەت ۋە ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق نامى تامغىلانغان، ئاپتورىمۇ چۈشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى بىمەنە خىيال- تەسۋىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆرسىنى نەچچە ھەسسە چۈشۈرىۋەتتى. ئەگەر بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى بولدى، دېيىشكە توغرا كەلسە ئەنئەنىدىن دادىل گۇمانلىنىش، بىر قېتىملىق ئاڭسىز تەجرىبە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا غەربنىڭ ئاز- تولا قاراش- ئىدىيىلىرىنى چالا- پۇلا سۆرەپ ئەكىرىش بولدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش رايونىمىزدا ئىسلاھات تۈرتكىسىدە مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى كەسكىنلىشىۋاتقان، تەشۋىقات ۋاستىلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى. تۇرمۇشىمىزغا يات مەدەنىيەت ئېقىملىرى بەس- بەستە كىرىپ كەلدى. ئادىل ئابدۇقادىر ئەخلاقىا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى ئۈچ چوڭ كۈچ سۈپىتىدە سىياسى، تېخنىكا، ئۇرۇشنى تىلغا ئالىدۇ.( ئادىل ئابدۇقادىر «ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى» شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2005- يىل 3- سان) سىياسى بىلەن تېخنىكىنىڭ بىزنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىزغا ئېلىپ كەلگەن يۇشۇرۇن ۋەيرانچىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر بولدى. ئۇلار ئاشكارا تۈستە ئىپادىلەنمىدى، ئەمما ئون يىللىق ئاپەت مەزگىلىدىكى قالايمىقان سىياسي ھەرىكەت خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان دەرىجىدە قورقۇنچاق، سەزگۈر قىلىۋەتتى. بىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاق سەمەرىلىرىگە فېئودالىزىمنىڭ قالدۇقى، كونىلىق، جاھالەت، خۇراپىيلىق تامغىلىرى بېسىلدى. ئون يىللىق سىياسي مالىمانچىلىق بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەت سەمەرىلىرىمىزگە قارا قالپاق كېيگۈزۈپ ئۇلارنى بولۇشىغا تىللاپ چىققان بولدى. مالىمانچىلىق ئاخىرلاشتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىدىيە- ئېڭىنىڭ قات- قېتىغا سىڭىپ كەتكەن پۈتمەس- تۈگىمەس گۇمان، خۇدۇكسىرەش، ئۆزىدىن ئۈركۈش كېسىلى ئاخىرلاشمىدى. كاللىسى فېئودالىزمنىڭ سېسىق تۇرخۇنىغا ئوخشاپ قالغان ئەشۇ كىشىلەر ياشلىرىمىزغا ئەنئەنىۋي جىنسىيەت،

www.kitaphumar.com

نىكاھ، ئائىلە، قىممەت قارىشىنى زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالغان كونىلىق، خۇراپىيلىق دەپ ئىبزىپ چۆشەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يازغۇچى- سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئىبغىزى قۇلىقىغا يىتىپ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىمىزدىكى تەۋرىرۈك ئەخلاق ئادەتلىرىمىزنى سۆكۈش، ئۇلارغا فىئودالىزمنىڭ قالپىقىنى كىيگۈزۈپ تىللاپ، قارغاپ چىقىش، ئاتالمىش يىڭىلىق ۋە زامانىۋىي مەدەنىيەتنى كۈيلەش، مەدھىيلەش مودىغا ئايلاندى. خەلقىمىزدىكى ئەنئەنىۋى قىممەت، مەدەنىيەت قارىشىغا بولغان چۈشەنچە، ساداقەت، ئېتىقاد ناھايىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت- ژۇرنال ۋە ئۈن- سىن ۋاستە- بويۇملىرى ئۇنىڭغا قېتىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقى يىمىرىلىشىنىڭ تېزلىششىگە مۇئەييەن ھەسسە قاتتى. تېلېۋىزورلارنى غەربنىڭ يالىڭاچ فىلىملىرى قاپلاپ كەتتى. ئاتا- بالا بىر يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشتىنمۇ ئەنسىرەيدىغان دەرىجىدىكى شەھۋانىيلىقى كۈچلۈك فىلمەر ئېكراننى بىر ئالدى. ئەزەلدىن جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئاتا- ئانىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئۇلار باللىرىنىڭ ئالدىدىلا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىشلاردىن خىجىل بولاتتى. ئەمما بۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ئەسلا بىلەلمەيتتى. بۇ توغرىدا گەپ ئېچىشتىن ئەيمىنەتتى. ئىككى ئىت كوچىدا جۈپلەشسىمۇ چالما- كېسەكتە ئۇر- قاچ قىلىپ كۆنۈپ قالغان بۇ خەق ئېكراندىكى ئادەملەرنىڭ ئۇيالماستىن قىلىپ يۈرگەن قىلقلىرىنى ئەدەبلىيەلمەيتتى. ئىچىدە تىللاپ باشقا ياققا قارىۋالاتتى، قانال ئالماشتۇراتتى... باللار خىجىل بولغاندەك قىلاتتى، قىزىقسىنىپ ئوغرىلىقچە قارايتتى، يەرگە قارىۋالاتتى، كۆڭلىدە نىمىلەرنى ئويلاپ، نىمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرگىنىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلەتتى...

ئەقىدە تەربىيىسىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈشى، ئەنئەنىۋي ئەخلاق، مەدەنىيەت قارىشىنىڭ يەكلەشكە ئۇچرىشى، نوقۇل ئەقلىچىلىكنى بەلگە قىلغان پەنگە چوقۇنۇشنىڭ كۈچەپ تەرغىپ قىلىنىشى، قارىقۇيۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي قىزغىنلىقنىڭ بىنورمال يۆنىلىشتە ئەۋجىگە چىقىشى، ياش- ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنىڭ ئەقلىلىكتىن ھالقىپ چىقالماسلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە كۆپ ئۆتمەي تۇرمۇشىمىزمۇ ئېكرانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئەمدى ئوغۇل-قىزلارنىڭ قولتۇقلىشىپ مېڭىشلىرىنى ئۇنچىۋىلا ھار ئېلىپ كەتمەيدىغان بولدى، بۇنى ئادەتتىكى ئىش، زامان شۇنداق بۇپ كەتتى، دەپلا قويىدىغان بولۇشتى. كىشىلەر جىنسىيەت ھەققىدە خۇپىيانە، پەس ئاۋازدا ئەمەس ئاشكارا سۆزلىشىدىغان بولدى. جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئېلانلىرى،

قىزلىق پەردىسى سىيلىش، كۆڭۈل ئېچىش ھەققىدىكى ئېلان، ئۈچۈرلار قۇلاقنى ئەتسىمۇ ياڭراپ، كۆزنى يۇمۇۋالسىمۇ مانا مەن قىيشىڭىزدىلا، دەپ دىغراپ تۇرىدىغان ھالغا يەتتى. 14 ـ 15 ياشلىق قىزلارنىڭ ھامىلىدار بولۇپقالغانلىقى، كىيملىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، توختاۋسىز غىدىقلىنىش، ھاياجانلىنىش ئىچىدە تۇرىۋاتقان ئەرلەر ئىچىدىكى جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشى، قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ بازار تېپىشى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نامىدىكى شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانىلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، ئائىلىنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى... قاتارلىق ھادىسىلەر بىزدە ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەيدىز، سىفىلىس ۋە تۆرلۈك ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان جىنسىي كېسەللىكلەر، تۆرلۈك روھىي كېسەللەر جەمئىيىتىمىزنى لىق قاپلىدى. ئائىلىلەر ئېغىر كرىزىسكە دۇچار بولدى. ئاجرىشىش، جىنسىي زوراۋانلىق ۋە جىنايەت نىسبىتى تېك سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1960 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە غەرب دۇنياسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى تويى قىلىش نىسبىتىگە قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان، ھارامدىن تۇغۇش نىسبىتى بولسا تۆت ھەسسىدىن ئالتە ھەسسىگىچە كۆپەيگەن يەنى، 1800 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن ھارامدىن تۇغۇش ھادىسىسى 1992 ـ يىلغا كەلگەندە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بولسا 6ـ7 ھەسسىگىچە كۆپەيگەن( Jkalb.org تور بېتىدىكى « ئەنئەنە جاھىللىقى » ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن) بىزدە بۇ خىل ستاتىستىكىلارنى تاپماق بەكمۇ تەس. ئەمما 25 مىڭ نوپۇسى بار بىر يېزىنىڭ يىللىق تويلىشىش، ئاجرىشىش ئەھۋالىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىن ئىگىلىشىمچە، توي قىلغانلار سانى 200، ئاجراشقانلار سانى 80 ئەتراپىدا بولغان. ئاجراشقانلارنىڭ 95% ياشلاردىن بولغان. يېزىلاردا خەلق ئىشلار تارماقلىرىغا تىزىملاتمايلا ئاجرىشىپ، يەنە خوتۇن ئېلىۋالىدىغان ئىشلار ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ ئۆرۈمچىدىن ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى ناھايىتىمۇ چەت، ئەنئەنىۋىي ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچى رولىنى يوقاتمىغان سەھرادىكى نىسبەت. شەھەرلەردىكى، ئەخلاقنىڭ رولى كۈچىدىن قالغان جايلاردىكى نىسبەت قانداق چىقىشى مۇمكىن؟ ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايدىغان خۇپىيانە جىنسىي زوراۋانلىقلار، بۇزۇقچىلىقلار، ھارامدىن تۇغۇش، نىكاھسىز بىقىنچىلىق قىلىش، شەھەرلەردىكى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشرەتخانىلار ۋە ئۇ يەرلەردىكى بۇزۇقچىلىقلارنى

ئىنقىلاپ، مۇھاكىمىگە قويىساقچۇ؟ دېمەككى، بىزدىكى مەسىلە كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەن بىر دوختۇرنىڭ ھازىرقى ياشلارنىڭ 90 پىرسەنتى جىنسىي كېسەل دېگەننى ئاڭلىغان ئىدىم. شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى تىل تارماق ئىنىستىتۇتىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنگلىزتىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ شىفىڭ بىر قېتىملىق دەرىسىدە :«ئەگەر خەنزۇلارنىڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش، ئىستىمال ئادەت- يۈزلىنىشى موشۇ بويىچە داۋاملىشىپ ماڭىدىغان بولسا جۇڭگولۇقلار يەنە 50 يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆرەلمەسلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ بۇ سۆزنى يەڭگىللىك بىلەن مۇنداقلا دەپ قويغان ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى نوپۇزلۇق ئالىم، مۇتەخەسسىلەرنىڭ نەچچە يىللىق تەتقىقاتىنىڭ، جەمئىيەتشۇناس، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قايناپ تۇرۇپ ئىلىپ بارغان مۇنازىرە- مۇھاكىمىسىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇنى دەلىللىگەندەكلا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 40% ياشنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك چىقتى. (« ئۇرۇقسىزنى قۇتقۇزىۋالايلى» تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس تەرجىمىسى شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2005- يىل 5- سان ) شەك- سۈبھىسىزكى، « بۇ روھ ئاينىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئاينىشىدۇر»( ئابدۇرېھىم دۆلەت «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل 5- ئاي نەشرى). ئادەمدە ئىمان- ۋىجدان قالمىغاندىلا ھارامنى، زىنانى، بۇزۇقچىلىقنى، كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە راۋا، دۇرۇس كۆرىدۇ.

جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاپەت سۈپىتىدە يامرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنى ئانچە ئىغىر ئىلىپ كەتمەسلىكى، ھەتتا زامان تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ بۇنى بىغەملەرچە دەۋرگە ۋە ئاتالمىش مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا يۈكلەپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم تۇتۇپ يۈرۈۋېرىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك نەچچە مىڭ يىللاردىن بىرى جىنسىيەتكە تولىمۇ كۆچلۈك ئىھتىيات ۋە قاتتىق ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ھالا بۈگۈنكە كەلگەندە جىمجىت سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىگىلىنىشچە، يېقىنقى بەش يىل مابەينىدە داۋالاش كەسىپلىرى ئىچىدە جىنسىي كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك داۋالاش كەسىپلىرى ۋە شۇ ساھەدە مەخسۇسلاشقان دوختۇرخانا، بۆلۈملەر ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان، كېڭەيگەن، بىمارلىرى ئىزچىل كۆپەيگەن. بىز «بوغدا دوختۇرخانىسى» نىڭ ئىنتايىن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يوقلۇقتىن بارلىققا كىلىپ، زورىيىپ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە تارماق دوختۇرخانىسى بار زەنجىرسىمان داۋالاش لىنيىسى شەكىللەندۈرگەنلىكى، بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىغا

قاراپ باقسىاقلا مەسىلىنىڭ ئۈنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بۇ مەسىلە، كېسەللىكلەر قانداق پەيدا بولدى؟ ئەجىبا بىزدىكى ئەقىدە ئۆلدىمۇ؟ ئەخلاق شۇ قەدەر ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ۋەياكى جىنسىيەت راستىنلا ئىچىلىشى، كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان، بىلگىنىنى قىلىپ ياشاپ ئۆتىۋېرىشى كېرەكمۇ؟

گەرچە غەرب ئەللىرىدە كەڭ ئەۋج ئالغان جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار بىزدە تېخى مەلۇم كۆلەمگە ھاسىل قىلىپ ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە خەتىرىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ پسىخىكىسىغا، نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكىگە، مەدەنىيەت، ئەقىدە- ئېتىقادىغا ئوخشىمىغان شەكىل، كۆلەمدە زور تەسىر كۆرسىتىپ يېڭىدىن- يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا. كىشىلەر گاڭگىرىماقتا، نېمە قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي نائىلاج ھەممىنى دەۋرگە ئارتىپلا بولدى قىلماقچى بولىشىدۇ، داۋالاشقا يۈگرىشىدۇ ياكى زاماننىڭ بۇزۇلغىنىدىن زارلاپ، قاقشاپ ئاخىرىدا يەنە پەسكويغا چۈشۈپ ئۆز دۇنياسىغا چۆكۈپ كېتىشىدۇ. نۇرغۇن كىشى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنى ئەمدى تۈزەش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ، قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئالىدۇ. ۋەھالەنكى، مەسىلە بولغان ئىكەن، جەزمەن ھەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. ھەل بولماسلىق مەسىلىنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىدا ئەمەس، ھەل قىلغۇچىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا.

ئۇنداق بولسا، جىنسىيەتكە باغلانغان بۇ كرىزىسلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇھەقتىكى بىر بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە بىر قاتار دىلولارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:«بۇ دېلولارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى موشۇ دېلولارنىڭ سادىر بولۇشىغا زېمىن بولغان مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىمىز، ئەنئەنىۋى جىنسىي قاراشلىرىمىز، جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ۋە جىنسىي پسىخىكا زەئىپلىكىمىز ۋەھاكازالار توغرىسىدا قاتتىق ئىچىنىش كەيپىياتى ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ۋە چوڭقۇر ئويلانماي قالمايدۇ». ئۇ جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي قاباھەتنىڭ يىلتىزىنى مەدەنىيىتىمىزدىن ئىزدەيدۇ. ۋەھالەنكى، مەن مەدەنىيىتىمىزدىكى جىنسىي ئەخلاق، پرىنسىپ- قاراشلىرىنىڭ كىشىلەرنى جىنسىي بۇزۇقچىلىققا، زوراۋانلىق، جىنايەتكە يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس، تولۇقى بىلەن رىئايە قىلىپ ئۇنى ھاياتلىقتىكى مۇتلەق

www.kitaphumar.com

مىزانغا ئايلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جىنسىيەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە كەلگەندە نىكاھنى، قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ئەر- ئاياللارنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى، زىنا قىلىش ھەتتا باشقىلارنىڭ ئايالىغا قاراشنىمۇ چەكلەپ كەلگەن. نىكاھتىكى ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى مۇھىم شەرت قىلغان، جامائەت گۇۋاھلىقىنى ئاساس قىلغان. يېتەرلىك مەھرى بېرىش، ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى ئەسكى چاپاننى چۆرىگەندەكلا قوغلاپ چىقارماستىن ئايالنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلىشىش، ئۇيياتلىق يەرلەرگە قارىماسلىق، ھەتتا ھاجەت بولمىسا خالىغانچە تۇتۇپ سىلىماسلىق، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھارام يولغا ماڭماسلىق، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قاتتىق ئۆزىنى تارتىش، مەنىۋي بۇلغىنىش ۋە يامان خىياللارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ھاياتلىقتا پاكىز، رەتلىك، مەنىلىك ياشاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قۇربى يەتسە ۋاقتىدا كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ھاياتىنى قامداش، قۇربى يەتمىسە ھەتتا روزا تۇتۇپ بولسىمۇ ئۆزىنى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ساقلاش... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەخلاق تۈزۈم- پرىنسىپلىرىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا تىرىشقان. ھالالدىن بولمىغان ھەرقانداق جىنسىي پائالىيەتنى قاتتىق چەكلىگەن، ئېنىق جازا تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلىقىنى، ئائىلىنىڭ، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. ئەمما نىيىتى دۇرۇس، ئىمانى پاكىز، قەلبى تازا، ئەخلاقى ياخشى بولمىغان ئادەملەر يوشۇرۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلغان، ھاياتلىقتىكى مۇقەددەس پرىنسىپلارنى بۇزغان. باشقىلارنىڭ خوتۇن- قىزلىرىغا چېقىلغان، ھارام نىيەتتە بولغان. ھەتتا پاھىشىخانىلارمۇ ئېچىلغان، بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارمۇ بولغان. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. ئەمما ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەخلاقى چىرىكىن، بەدبەخ ئادەملەرنى بۇ خىل جىنايەت يولغا ماڭدۇرغان بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەمەس! بىزنىڭ ئېتىقاد ئەمەس! بىزدىكى جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمى، قاراشلىرى تېخىمۇ ئەمەس! نېمە قىلغۇلۇك كەلسە ھالاللاپ ئېلىپ قانغۇچە قىل، ئالالمىساڭ ئۆزۈڭنى، كۆزۈڭنى، نەپسىڭنى يىغ، روزا تۇتۇپ بولسىمۇ پاكىز ئۆت، ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى، جەمئىيەتنى بۇلغىما دەپ تۇرىدىغان پرىنسىپنى مۇتلەق مىزان قىلغان بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇنداق چىدىغۇسىز ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ ھەم ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. كىم مەدەنىيىتىمىزدە باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا پوخۇرلۇق قىل، زىنا قىل، دەيدىغان گەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپتىكەن؟ بىزنىڭ جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدە نىكاھسىز يېتى يات جىنسقا يېقىنلاشسا بولىۋېرىدۇ،

www.kitaphumar.com

دەيدىغان گەپنىڭ ئۇرۇق- پىچىكمۇ يوق. ئېتىقادنىڭ لەنتىي بۇزغۇنچىلىرى، مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىك مىتىلىرى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈن ئىجراچىلىرى سادىر قىلغان خاتالىق مەدەنىيەتكە، ئەخلاققا يۆكلەنسە بۇنى زادى نېمە دېگۈلۈك؟

يۇقىرىقى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان يازغۇچى بىزدىكى ئىنتايىن كۆچلۈك بالا- قازا سۈپىتىدە زاھىر بولۇۋاتقان پاجىئەنى «جىنسىي ساۋاتسىزلىق» دەپ ئاتايدۇ ۋە «مۇبادا بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىز، جۈملىدىن جىنسىي تۇرمۇشىمىز ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىسا، يېتىشەلمىسە ئۇ ھالدا بىز دەۋرنىڭ سىرتىدىكى تاشلاندۇق ‹بوشلۇق›تا تىنەپ- تەمتىرەپ، مۇدۇرۇپ- چوقۇرۇپ، بىر ئىزىمىزدا چۆرگىلەپ قېلىشىرىمىز. ئەمسىر بىزگە بەخش ئەتكەن تەرەققىيات ۋە ئەلالىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىز»دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەندىشە قاپلىغان بايانلىرى كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىزغا نېمە تەلەپ قويۇپتۇ؟ بىز يېتىشەلمىگۈدەك ئۇ قايسى باسقۇچقا بېرىپ يېتىپتۇ؟ ئۇ بەلكىم جىنسىي جەھەتتىكى بىلىم- ساۋاتلار بىلەن تەربىيىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يازغۇچى بىزدە ئايان بولۇۋاتقان بىر قىسىم جىنسىيەتكە باغلىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئىزاھلىغان ۋە بۇ خىل پاجىئەلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنسىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتەر- ئۆتمەيلا مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ماقالە- تەشەببۇسلار كۆپىيىپ بەلگىلىك پىكىر- ئېقىمى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. ئېخى يېقىندىلا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشكە يول قويۇش- قويماسلىق ھەققىدىكى مۇنازىرىدە خېلى كۆپ سانلىق ئاما قەتئىي تۈردە يول قويۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى، نۇرغۇن ئادەم گاڭگىراپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىگىمۇ ھوكۇم قىلىشالمىدى. شەكسىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ «ئېچىش»، «قويۇۋېتىش»كە بولغان مايىللىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

مەن توساتتىن شۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدىم: جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، چىرىكلىشىش، جىنسىي بۇزۇقچىلىق، يامراۋاتقان كېسەللىك، زەئىپلىشىۋاتقان تەن، چۈشكۈنلىشىۋاتقان روھىيىتىمىزنى راستىنلا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ ياكى بۇ بىر يېڭى ئاپەتنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالارمۇ؟

www.kitaphumar.com

كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى كىمنىڭ پىكىر- قارىشى بولسۇن، بۇ تېگى- ماھىيىتىدىن ئالغاندا بىزدىن چىققان پىكىر- قاراش ئەمەس. يەنى جىنسىيەت تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جىنسىيەتنى بەلگە، مەنبە قىلغان مەنىۋى ئەخلەت، بالا- قازالارنى تازىلاش تەشەببۇسىمۇ جىنسىيەتنى بازارلاشتۇرۇش، ئېچىش، قۇيۇۋېتىش ئىدىيىسىگە ئوخشاشلا غەربتىن كەلگەن ھارام توغۇندى. بىزدىكى قىزىققان ھەۋەسكارلار غەربلىك يېڭى مەدەنىيەت بايراقدارلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىدىن ئاز- تولا ئۈزۈندىلەرنى ئوقۇغان بولۇشى تەبىئىي ۋە شۇنىڭ ئەس- ھاياجىنىدا سۆزلەپ كەتكەنلىكى ئېنىق. جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىسمىنى تولا ئاڭلىغان، چوڭ بىلىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيە- مەپكۇرىسى ھەققىدىكى بىر- ئىككى ئېغىز سۆزنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىجادىيىتىگە تەدبىقلىغان شەخس ئاۋستىرىيىلىك دوختۇر، روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگمۇند فرېئۇدتۇر. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە مۇپەسسەل بىر نەرسە بىلىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغان بىلەن «يۇشۇرۇن ئاڭ»، «چۈش تەبىرى»، «روھىي ئانالىز»، «سەنئەت- چۈش دېمەكتۇر»، «جىنسىيەت»... دېگەندەك ئۇقۇم- ئاتالغۇلارنى سۈيئىستىمال قىلىپ ئۇنى پۈتكۈل ئىجادىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىخلاسمەن مۇرىتلار ئاز ئەمەس. بىز يېڭىچە شېئىرىيەت ۋە شۇ مەزگىلدە مەيدانغا چىققان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ماقالە، ھېكايە، نەسرلەرگە شۇنداقلا قارىساقلا پۈتۈنلەي سۇبيېكتىلاشقان، سىمۋوللاشقان، روھقىلا ئالاقىدار سۆز- جۈملىلەردىن بۇنىڭ تەسىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بايقايمىز. گەرچە فرېئۇد روھىي ئانالىز ئىلمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى ياۋروپادا غۇلغۇلا قوزغىغان، ئەمما كىشىلەر تەرىپىدىن دېگۈدەك قوبۇل قىلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر قاتارىدا سانالدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى غەربتە پەقەت بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە قارالغان بولسا، بىز ئۇنىڭ سادىق ئىجراچىلىرىغا ئايلاندۇق. ئەمما ئۇنىڭ قاراشلىرى قانداق، ئۇ زادى بىر مەدەنىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي تۈستە ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەقلىق، ئىلمىي قاراشمۇ ئەمەس، بىزلەر ئۇنىڭغا زادى قانداق مەۋقەدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، دېگەندەك تېمىلار ھەققىدە ئالقانچىلىكمۇ مۇنازىرە بولۇپمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ھەقتىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق يېڭى ئىدىيە، نەزىرىيە ھەققىدىمۇ بىزدە ئىلمىي پاراڭ ھاۋاسى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە قىممەت قارىشىمىزنى تېخىمۇ تېز

www.kitaphumar.com

كېرەكتىن چىقىرىدۇ. ئىستىمالدىكى قارا- قۇيۇق قوبۇللاش تەننىمۇ، روھنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە كاردىن چىقىرىدۇ. بىزدە «ئاز يېگەن توق يەر، جىق يېگەن پوق» دەيدىغان ھېكمەت بار. بۇ تاللاپ، چېكىپ، ئويلىنىپ قوبۇللاشقا قارىتىلغان.

خوش، ئۇنداق بولسا، پۈتكۈل دۇنيادا جىنسىيەتنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە، ئېچىلىشىغا ۋاستىلىق يول باشلىغۇچى دەپ قارىلىدىغان فرېئۇدنىڭ ئىدىيىسى قانداق؟ بىزنىڭ ئاقىللار تەشەببۇس قىلغاندەك جىنسىيەت ھەققىدىكى بىلىم- ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەكتەپلەردە مەخسۇس دەرس تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ساغلام جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەك ئاقىلانە ئۇسۇل، تاللاشمۇ؟ ئېچىلىۋاتقان جىنسىيەت ۋە ئۇ كەلتۈرىۋاتقان ئاپەتلەرنى جىنسىيەتنى يەنە ئېچىش، جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ باشقىلارغا يېتىشىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟

بىزدە پەيدا بولغان «جىنسىيەتتە تەرەققىي قىلىپ يېتىشىۋېلىش»، «جىنسىيەتنى ئېچىش»، «دەرسخانىلارغا جىنسىيەتنى ئەكىرىش»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىش»... ھەققىدىكى چاقىرىق، تەشەببۇسلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، ماھىيەتتە، ئاتالمىش غەربچە ئەركىن تۇرمۇش شەكلى، ئەركىن قىممەت سىستېمىسىنى قوغلىشىش ئارزۇسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى؛ فرېئۇد، ئوشۇ، لاۋرېنسلارنىڭ جىنسىيەت، مۇھەببەت قارىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاكارلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئەمدى ئۇلار ئىنتىلگەن تۇرمۇش شەكلى، ئۇلارنى زوۋانغا زورلىغان قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە بىر قۇر توختىلىپ ئۆتىمىز.

17- 18- ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى غەرب دۇنياسى خرىستىئان دىنىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىشى ئىچىدە ئۆتتى. پوپلارنىڭ، چېركاۋ روھانىيلىرىنىڭ ھەربىر سۆزى مۇقەددەس سانالدى. ئۇلار ئۆز مەپكۇرىسىغا چۈشمىگەن ياكى ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى بار كۈچى بىلەن ئىنكار قىلدى، چەتكە قاقتى. دىن دىنغا ئوخشىماي قالدى. ئىتالىيىدە كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىيات- سەنئەت قايتا گۈللىنىشى ۋە ياۋروپادا ئارقا- ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت، ئىزدىنىشلەر ئاستا- ئاستا غەرب دۇنياسىنى ئويغىتىپ تاشلىدى. مارتىن ليۇتېر كىشىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىدىن كېيىن دىن ئاستا- ئاستا شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. چېركاۋ بىلەن جەمئىيەت بىر- بىردىن يىراقلاپ كەتتى. غەرب دۇنياسىدا ئەركىن قىممەت قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاپتى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسى ۋە ھاياتلىق مىزانىغا ئائىت ئېتىكىلىق

www.kitaphumar.com

قاراشلاردىن بەكرەك شەخسنىڭ ئارزۇ- ھېسسىياتىغا مايىل خۇسۇسىي خاھىش، ئەقلى تەجرىبىچىلىك ۋە تەتقىقات كەڭ قانات يايدى. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي، روھىي تەجرىبە، خۇلاسىلىرىدىن كەسكىن گۇمانلىنالايدىغان ۋە يېڭى ئۆزگىچە تەھلىل، تەسەۋۋۇر، خۇلاسە، يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان جۈرئەت غەربلىكلەرگە دۇنيانىڭ ماھىيىتى، شەكلى، بەرپا بولۇشى، ئادەمنىڭ تەبئىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى... قاتارلىقلارنى باشقىچە تەرزدە كۆرسەتتى. ئۇلار نەچچە ئەسىر قول بېرىپ كەلگەن دىنىنى «زەھەرلىك ئەپيۇن» دېدى، ئىنسانىنى« مايمۇندىن ئۆزگەرگەن»، «ئەزەلدىن يوق قۇتقۇزغۇچ خۇدا» دەپ سۈرەن سېلىشتى ۋە بۇنىڭغا لايىق نەزىرىيە، ئىسپاتلارنى تۈزۈش، تېپىشقا كىرىشتى. پۈتكۈل دۇنيا بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئوي- خىيال، تەسەۋۋۇرىغا ئەگىشىپ كېتەيلا دېدى. كىشىلەر ھاياتلىقتا رېئايە قىلىدىغان مىزان- تەرتىپلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئىزدەيدىغان مەنە- ئېھتىياجلىرىنىمۇ، تۇرمۇشقا قويىدىغان تەلەپ- ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. قۇدۇققا مەھكۇم پاقا دۇنيا ۋە ماھىيەت مۇشۇ، دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭغا يارىشا ھەرىكەت قىلىدۇ. لاچىن پەرۋازدىن بۈيۈكلۈك، كۆكتىن يۈكسەكلىكنى بىلىپ، ھېس قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىلەرگە قانات قاقىدۇ. «موزاينىڭ يۈگرىشى سامانلىق، چىۋىننىڭ قونار جايى پوق- سۈيدۈك». چىۋىن پوق- سۈيدۈكتىن راھەت ئىزدەيدۇ، ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىدىن ھاياتىنى زوققا ئورايدۇ.

غەرب دۇنياسىدىكى تۇرمۇش مەنتىقىسىمۇ غەربتە مودا بولغان ئېقىم- ئىدىيىلەرنىڭ ناھايىتى زور زەربىسىگە ئۇچرىدى. گەرچە بىر- ئىككى شەخس مەلۇم بىر جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىنى، يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ، ئەمما بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كىلەلەيدۇ. دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش» نەزىرىيىسى دۇنيادىكى نەچچە مىليون خەلقنى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن يالتايتقۇزدى، ھاياتقا يېڭى، يىشىلمەس گۇمان ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن كىشى ئۆزلىرىنى «ھايۋان» دەپ شەكسىز ئىشىنىشتى. ماركسىنىڭ كوممۇنىزم نەزىرىيىسى نەچچە مىليون خەلقنىڭ ئەقىدە- ئېتىقاد تۈۋرۈكىگە ئايلاندى، دۇنيادا ئاتېزم يەنى دىنىنى ئىنكار قىلغۇچى ئېتىقاد شەكلى مەيدانغا كەلدى- دە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ئادىتىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن مۇقەددەس مىزانلارنىڭ كۇرسى پەگاغا تەگ بولدى، كىشىلەرنى تەپتارتقۇزۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي نوپۇز ئۆلدى. جەمئىيەت ئىقتىسادنى بەلگە قىلغان سىنىپىي رامكىلارغا ئايرىلىپ كەتتى. فرېئۇدنىڭ نەزىرىيىسى كىشىلەرنى مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، ئەتىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش

www.kitaphumar.com

رامكىسى بىلەن تەمىن ئەتمىدى. ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مىكائىل روس ئۆزىنىڭ « فرېئۇد: مەدەنىيەت ۋە تۇقۇنۇش» ناملىق كىتاۋىدا فرېئۇدنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ :« روھىي ئانالىز سەرخىللارنىڭ ۋە مودا مەدەنىيەتنىڭ، سىياسىي، رومانتىكا، يۇشۇرۇن ئاڭ، ئاڭسىزلىقنى ئىپادىلەشنى تۈپ نىشان قىلغان رەسساملىق، شۇنداقلا كۈلكىلىك، بىمەنە ئىشلارنى مەقسەت قىلغان كارتونچىلىقنىڭ قوغلىشىدىغان مۇھىم ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى»(«20_ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا» ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003_ يىل ئىنگلىزچە نەشرىگە بېرىلگەن نەقىل). ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭ روھىي كېسەللەرنىڭ پىسخىك بىنورماللىقىنى داۋالاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان، ئوتتۇرىغا قويۇلغان «روھىي ئانالىز»، «ئاڭسىزلىق»، «چۈش تەبىرى» ۋە جىنسىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ بولۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە قاپلاپ كەتتى. گەرچە ئۇ فرېئۇدىزم سۈپىتىدە تارقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئېقىم- كاتېگورىيىلىرىگە ئۈنسىز سىڭىپ كەتتى. ئاڭسىز، ئىدراكسىز كىشىلەرنىڭ روھىي بەرباتچىلىقى نورمال، ساغلام كىشىلەرنىڭ قوغلىشىدىغان، قىزغىن بەھس قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بەلكىم فرېئۇد ئۆزىمۇ مۇنداق بولارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

فرېئۇد بىر ئۆمۈر روھىي كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان دوختۇر. ئۇ بۇ جەرياندا كىشىلەردىكى روھىي تۇسالغۇ، بېسىلىش، سىقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللار ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە بىر قاتار ئويى- خىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە ئۇ بۇ نەزەرىيىلەرنى بىر خىل ئىلمىي قىياس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن راست ھەقىقەتتەك قوبۇل قىلىندى. ئارىدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتەر- ئۆتمەيلا فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسىدىن ئاز- تولا خەۋىرى بار بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى باشقىچە تەرزدە سۇيىئىستىمال قىلىپ «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كىشى فرېئۇدنىڭ «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ۋە كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈنلىشىشى بىلەن باغلىنىپ قېلىشىغا شۈبھىلىك كۆزدە قارايدۇ ۋە بۇنى فرېئۇدقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھاقارەت، دەپ كۆپچىلىك بارىچە ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ چۈشىنىشىگە باغلىق مەسىلە. بىز تۆۋەندە فرېئۇدنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

www.kitaphumar.com

فرېئۇد باللارنىڭ سۈت ئىمىش ئارقىلىق هاياتلىقنى قامدىشى ماھىيەتتە، «پروتوكول جىنسىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، « سۈت ئىمىش ئىستىكى ئەمەلىيەتتە ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش ھەۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئانىنىڭ كۆكسى جىنسىي شەھۋەتتىكى تۇنجى ئوبيېكت»، «باللاردىكى جىنسىي ھەۋەسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئانىلار تەمىنلەيدۇ»(« فرېئۇدنىڭ پىسخىك پەلسەپىسى» توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى خەنزۇچە) دەپ قارايدۇ. ئاندىن باللارنىڭ زوق- شوق بىلەن سۈت شورىشى، ئىمىزگە ئىمىشى، قولىنى ئىمىشى... قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ھەۋەس، جىنسىي تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇشى دەپ قارايدۇ. باللارنىڭ تېپىچەكلىشى، ئۆمىلىشى، كاسا سۈركەپ مېڭىشىدەك ئەڭ ئەقەللىي ھەرىكەتلىرىنى جىنسىي شەھۋەتنىڭ باللىقتىكى ئىنكاسى، دەيدۇ.ئۇ 1915- يىلىدىن 1917- يىلىغىچە يېزىپ چىققان « كىرىش لېكسىيە »دە :« ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە ئۇزاقتىن بىرى باللىق دەۋر جىنسىي ئىستەكسىز دەپ ئىشىنىپ يۈرىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دەپ يازىدۇ. فرېئۇدنىڭ شاگىرتى، شۇنداقلا تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، فرېئۇد نەزەرىيىسىگە قارشى تەنقىد ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ۋىنالىق دوختۇر ئالفرد ئادلېر باللىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي قۇتراتقۇلۇق ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك رەت قىلىدۇ ۋە فرېئۇد تۇنجى جىنسىي ئىستەك دەپ قارىغان ئىمىش، ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ يېتىلىشكە بولغان تۇغما پوتېنسىئال (ئىچكى) كۈچى دەپ قارايدۇ ۋە « ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس، باللار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئېچىرقاش سىزىمى بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. كىچىك، ئاجىز باللارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا چوڭ بولغۇسى، كۈچەيگۈسى كېلىدۇ. بۇ خىل تۇغما، تەبىئىي ئىنتىلىشكە جىنسىيەتنىڭ تامغىسىنى بېسىش ئىلمىگە، ئىنسانغا قىلىنغان كەچۈرگۈسىز ھاقارەت»( « 20ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا» ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003ـ يىل نەشرى ئىنگلىزچە) دەيدۇ. فرېئۇد يەنە : «باللار تۇغۇلۇپ جىنسىي سەزگۈ ئەزا سۈپىتىدە زاھىرلىنىدىغان ۋە قەلبتە جىنسىي تەلەپ ئويغىتىدىغان تۇنجى ئەزا- ئېغىز »(« فرېئۇدنىڭ پىسخىك پەلسەپىسى» توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى خەنزۇچە) دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭچە باللاردىكى جىنسىي ھەۋەس ئېغىزدا زاھىر بولاتتى ۋە ئېغىز ئارقىلىق قاندۇرۇلاتتى. تاماق يېيىش، ئىمىش، سۈت شوراش، قولىنى ئىمىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جىنسىي ئالاقە، جىنسىي

www.kitaphumar.com

شەھۋەتنىڭ قاندۇرۇلۇشىدىن باشقىچە نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىبغىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ئەزا سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى كىشىنىڭ كۆچلۈك غەزىۋىنى، قۇسقۇسىنى قوزغايدۇ. ئاردىن ئانچە ئۆزۈن ئۆتمەيلا لەنەتكەردى بەچچىلەر ھەقىقەتەنمۇ پاكىز، ھالال تائام يېيىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىبغىزنى رەسۋالەرچە بۇلغىدى، بىر- بىرىنىڭ ئەۋرىتىنى شوراپ، يالىدى، ئاققان خۇن- زەرداپنى ئىچىشتى( Inoohr.org تور بېتىگە قارالسۇن.)

فرېئۇد يەنە ئوغۇللاردا ئودىپوس دەۋرى- ئانىسىنى دادىسىدىن كۆنلەش يەنى ئانىسىنى يالغۇز ئىگىلەشنى ئويلايدىغان باسقۇچ بولىدۇ، دەپ قاراپ دادا- بالىنى بىر ئايال ئۈچۈن خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى ھايۋانىي كۈچ سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. پۈتكۈل ئاياللارنى بولسا دادىسىنىڭ ھاياتىدىكى ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئىبلىشقا تەلپۈنىدىغان، بويسۇنغان مەخلۇق دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇنىڭچە بارلىق قىزلار دادىسىغا خوتۇن بولۇش ئىستىكىدە پۇچۇلىنىدىغان، بارلىق ئوغۇللار ئانىسىنى خوتۇن قىلىشنى، يالغۇز ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرىدىغان كۈچلەردىن ئىدى. ئائىلە ئىنسانىي قان- قېرىنداشلىق ۋە مېھر- مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۈزۈلمەس مەنىۋىي بىرلىك ئەمەس بىر- بىرىگە خىرىس، ھەسەت، كۆنلەمچىلىك قىلىپ تۇرغان شەھۋانىي كۈچلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مارىن كزېگىدى ماسزاك ئۆزىنىڭ « ئىدىيۋى ھۆكۈمران » ناملىق ماقالىسىدە فرېئۇدنىڭ ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىستىكى ھەققىدىكى يۇقىرىقى قارشىنى «كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق» دەپ يازىدۇ.( « تالانتنىڭ سىرى » ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003ـ يىل نەشرى ئىنگلىزچە )

فرېئۇد يەنە «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ- ئادەت، ئېتىقاد، مۇراسىم، ئەخلاق، تەرتىپ- مىزانلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىپ ئېيتقاندا ئادەملەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىدىن تۇغۇلغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. بارلىق ئىلىم- پەن ۋە مەدەنىيەت- سەنئەت ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆرلەپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئىنساننىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ بېسىلىشى، قاندۇرۇلماسلىقى سەۋەبىدىن باشقىچە چىقىش يولى ئىزدەپ ئىبقىشى نەتىجىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن»(« فرېئۇدنىڭ پىسخىك پەلسەپىسى» توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى خەنزۇچە) دەيدۇ. فرېئۇدنىڭ ياقلىغۇچىلىرى ئۇنىڭ موشۇ سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، دېمەككى « فرېئۇدنىڭ ئېستىتىك ئىدىيىسى جىنسىي ئازادلىق ئىدىيىلىرى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ- قارشى بولغان ئىدىيە، ئۇ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جىنسىي تەلەپنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىنى ياقلايدۇ» (ئەلى ياقۇپ «فرېئۇد ۋە

www.kitaphumar.com

جىنسىيەت »، «شىنجاڭ كۆتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1998ـ يىل 2ـ سان) دەيدۇ. ئەمما سەل كاللىسى بارلا كىشى فرېئۇدنىڭ ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق بىر ھەرىكەت، تىنىق، رەڭ، ھەتتا نەقىشلەردىمۇ جىنسىي مەنە ئىزدىشىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن، نەزەرىيىسىنىڭ توغرا قىممەت قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىدىن گۇمان قىلماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «جىنسىي ئەخلاق ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەشۋىشى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەدەنىي جىنسىي ئەخلاق (بېسىلغان جىنسىي شەھۋەت) نىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئەندىشىسى، ۋەھىمىلىك بايانلىرى كىشىنى ئىختىيارسىزلا ئۇنداقتا جىنسىيەتنى ئۆز مەيلىچە قويىۋېتىش كېرەككەنىدە، دېگەن خىيالغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئۇمۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمەيدۇ. بەلكى بېسىلىشنىڭ يامانلىقى، زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تىنىماي گەپ ساتىدۇ. « نىكاھتىن ئىلگىرىكى قاتتىق پەرھىز قىز- ئاياللارغا تېخىمۇ ئېغىر خەۋپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنىلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ جىنسىي بېسىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغىنىدىن بولغان، دەپ قارايمەن» (« فرېئۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى» توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى خەنزۇچە) دەپ يازىدۇ. ئەجبا بۇ ئەي ئاياللار، ئاچ، بېسىمدىن قۇتۇل، ئەقلىڭنى، زېھنىڭنى قۇتۇلدۇرىۋال دېگەن بولماي زادى نېمە؟

فرېئۇد ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى نۇقۇل ئۇنىڭ تەبىئىي بىئولوگىيىلىك نۇقتىسىدىنلا كۆزىتىپ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىغانىدى. نىكاھ مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ئادىمىلىك، مۇھەببەت، ئەخلاق، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك پرىنسىپى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەدلى- ئادالىتى، خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن باھا بەرمەستىن، نۇقۇللا جىنسىي مۇناسىۋەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاشقانىدى. جىنسىيەتنى ھەرقانداق بىر مەسىلىگە قاراشتىكى لوپا ئەينەك قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭچە جىنسىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە ھەرقانداق بىر ئىش- ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشى ياكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالمايتتى، جىنسىيەت بەجايىكى يەر شارىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرغان مۇتلەق كۈچ ئىدى. ئۇ ھاياتلىقتىكى بارچە ئىنتىلىش، مەنىلەرنىڭ يادروسىنى جىنسىيەت دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئاز كەم ئون ئەسىر ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن شەرق مۇتەپەككۇرى ئىبن سىنا :« نۇقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىش مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى سۆيگەنلىك» دېگەنىدى. فرېئۇد ھاياتلىقتىكى ماھىيەت بىلەن پوست، مەنە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى

ئېغىر دەرىجىدە ئاربلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىنسانلىقتىن چىقىپ جىنسىيەتنىڭ ئىنساندىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاران بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە يۈزلەنمەي، جىنسىيەتتىن ئىنسانغا تازىم قىلغانىدى. فرېئۇد ئۈچۈن جىنسىيەت بەجايىكى قىبلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ :« باللىق ئەسلىمىلىرى شۇ قەدەر خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق (ئۆزى ئىزاھلىغان جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك باللىق ئەسلىمىلىرىنى دېمەكچى). ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر مەۋجۇداتتا بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىنى قوغدىغۇچى مۇرەككەپ تور شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇ قوغدىغۇچى تور قۇرۇلمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس، بىز ئېرىتقۇ دۇنيادا ئۆزىمىزنىڭ تەڭپۇڭلىقىمىزنى ساقلاش، غەم- ئەندىشىلەردىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن بۇ قوغدىنىش تور قۇرۇلمىلىرىغا ھەرۋاقىت مۇھتاجمىز» (« 20ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا» ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003ـ يىل نەشرى ئىنگلىزچە ) دەپ يازىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاپ، ھەتتا ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولۇپ 30 نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيىگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ تاماكا چېكىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە جېيەنىگە :« تاماكا چېكىش ھاياتلىقتىكى ئەڭ بۈيۈك، شۇنداقلا ئەڭ ئەرزان لەززەت. ئەگەر ماڭا تاماكا چەكمەسلىك ھەققىدە ۋەز قىلماقچى بولىدىكەنسەن، ساڭا دەيدىغىنىم ‹ كەچۈر ›، دېگەن» (« 20ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا» ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003ـ يىل نەشرى ئىنگلىزچە). ئۇنىڭچە تاماكا چېكىش باللىقتىكى ئىمىش، شوراش ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋامى ئىدى، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن ۋە تالاي يىللاردىن كېيىن تاماكا ۋاستىسى بىلەن قايتا زاھىر بولغان ئىدى. تاماكا شوراشتىن كېلىدىغان لەززەت جىنسىي ئىستەكتىن بولىدىغان تەقەززالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايتتى. شۇڭا ئۇنى قەدىرلەش كېرەك ئىدى. فرېئۇد ھەممە مەۋجۇداتنىڭ بارلىق تىنىقىدىن جىنسىي بەلگىلەرنى ھارماي ئىزدەپ چىققان ئىدى. «گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر- بىرىگە تۇتاش، ئەمما پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خاھىشىنىڭ تىزگىنسىز يامراپ كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئەمما ئاڭدىن خالىي جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى، خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىل 2ـ ئاي نەشرى) دەپ قارىغان ئىدى. ئىنسان ئۈچۈن ئاڭسىز، ئىدراكسىز جىنسىي خاھىشتىن

www.kitaphumar.com

ئېشىپ چۇشىدىغان خۇشاللىق، راھەت ئىش يوق دەپ بولۇشىچە جار سالغان ئىدى. لېكىن ئۇ « قىممەت مەسىلىسىدە نىسپىيلىك قارىشىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقتىن ئەخلاقشۇ- ناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى پىسخولوگىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈنمۇ زور پاسسىپ تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» (ئىرىخ فروم «ئۆزلۈكنى ئىزدەش» ئىشچىلار نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى خەنزۇچە ). بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەن بىر توپ شوركا مۇخلىسلار فرېئۇدنىڭ جىنسىي بەلگە ئالامەتلەر، ئۇنىڭ بېسىلىشى ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالدى، فرېئۇد شەھۋەتخور جىنسىيەت دەۋاگەرلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا ئىلمىي، نەزىرىيۋىي ئاساس تىكلەپ بەردى، شۇنداقلا نەچچە مىليون خەلقنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە تۇرمۇش شەكلى، ئەقىدە- ئېتىقادىنى ۋاستىلىك ھالدا كاردىن چىقىرىۋەتتى. فرېئۇدنىڭ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئازادلىقنى ئاشكارا تەرغىپ قىلمىغانلىقى راست، ئەمما ئۇ كىشىلەرگە جىنسىيەتنى بېسىشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىردىنبىر، ئەڭ بۈيۈك لەززەت ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ئۆزى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلمىدى. ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە تاپتىن چىققان تۈركۈم- تۈركۈملىگەن بايراقدار يېڭى مەدەنىيەت تەشەببۇسچىلىرى بەس- بەستە جىنسىي ئازادلىق، جىنسىي ئەركىنلىك دەۋالىرىنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقتى. كىشىلەر قۇلاق يېقىپ دىيىشىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بۇ تېما ئېچىلىپ كەتتى. بىزنىڭ ھە دېسىلا «ئىلمىي»لىكتىن چۆچىدىغان مەۋقەسىز زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا « جىنسىيەت ئاخىرى بىر ئىلىم، پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى». گېزىت- ژۇرنال، ئاشكارا سورۇنلاردا بۇ ھەقتە ئۇچۇقتىن- ئوچۇق پاراڭ، گەپ- سۆزلەر بولىدىغان بولدى. جىنسىيەت كىشىلەر قورقىدىغان ئەيمىنىپ، نومۇس قىلىپ چېقىلالمايدىغان پەرھىزكار تېما بولۇشتىن قالدى. چەكلەنگەن تېما، رايونلارغا بۆسۈپ كىرىشكە خۇشتار كىشىلەر قىلغۇسى بارنى قىلدى، كۆرگۈسى بارنى كۆردى. «كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسە دەل ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە » دەيدىغان بىدئەت جاھانكەزدى ئىدىيىلەر ھەقىقەتەنمۇ پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاپتى. كىيىملەر ئېچىلدى، ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئەۋرىتى دەپ قارىلىدىغان تەن- ئەزايى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاندى. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ھاملدار بولۇش، ھارامدىن بالا تېپىش، بالا چۈشۈرۈش، ئوخشاش جىنسلىقلار ئارا يېقىنچىلىق قىلىش نومۇس، گۇناھ سانالمايدىغان بولدى. ئىشرەتخانىلارمۇ ئاشكارا ئېچىلىدىغان بولدى. چۈنكى، بۇ خىل ئىشلار ئەمدى نومۇس، گۇناھ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ تۈپ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش، ھەقىقىي،

www.kitaphumar.com

پەردازلانمىغان ئىنسانلىقتا يۈزلىنىش ئىدى، ئۇرغۇپ چىققان شەھۋەتنى بېسىش، كىشىلەرنى قىلغۇسى بار ئىشتىن توسۇش بولسا ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئارزۇ- خاھىشىغا قارشى چىققانلىق، كىشىلىك ھوقۇق- ئەركىنلىكى، تاللىشىغا دەخلى- تەرۇز قىلغانلىق، جىنايەت ئىدى. بۈگۈن سەپسەتىلەر ئۆزلىرىگە چۈشلۇق يالغان- ياۋىداق نەزىرىيە- مەپكۇرلىرى بىلەن مۇتتەھەملىشىپ ھەممىدىن ئۈنلۈك سۆزلەيدىغان، ئەسەبىلىكى چېكىگە يەتكەن بىر دەۋر بولدى.

بىز فرېئۇدقا، ئۇنىڭ نەزىرىيىسىگە قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟ مىنىڭ ھېچنەرسە دىگۈم يوق. پەقەت خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نىرۋا- روھىي كېسەللەر ئىلمى پروفېسسورى روبېرت ستىككولدىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يەتكۈزۈپلا قويىمەن :« فرېئۇد 50% توغرا، لېكىن 100% خاتا»( « 20ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا» ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003ـ يىل نەشرى ئىنگلىزچە).

ھالا ئەسىر 21 گە ئۇلاشقاندا غەربلىكلەر ئۇچۇن جىنسىيەت ئاللىقاچان «ئاش- نان» دېگەندەكلا ئەرزىمەس، ھېسسىز بىر گەپكە ئايلاندى. بەش ياشلىق بىر غەربلىك ئۆسمۈر ئۈچۈن ئەر- ئاياللارنىڭ تېنى، بىرگە بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ يات ئەمەس. بىزنىڭ ئاقىللار بىزدىكى ياش- ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى- تېنى بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇپ چىقىشىنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، جىنسىيەت ھەققىدە بىلىم ساۋاتلىق بولۇشنى تەرەققىيات، زامان بىلەن ماس ھالدا ئەلالىشىش، دەيدۇ. ئۇلارچە جىنسىيەت ئېچىلسا، كىشىلەر بىر- بىرىنىڭ تېنى ھەققىدە تونۇش، بىلىشكە ئىگە بولسا ئەخلاقى پاجىئەلەر تۈۋەنلىگۈدەك. راستىنلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىز جىنسىيەت ئېچىلغان، جىنسىي جەھەتتىكى ساۋات- تەجرىبىلەر كەڭ ئومۇملاشقان جەمئىيەتلەرگە قاراپ باقايلى. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز قانداق ئىلمىيلىك ۋە قانداق مەدەنىيەت، قانداق ئەلالىق بولاركىن؟

غەربتە ھەقىقەتەنمۇ جىنسىي ساۋاتلار، بىلىملەر كەڭ ئومۇملاشقان. بىر قىسىم دۆلەتلەر ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ يولغىمۇ قويىدى. ئەمما ئەمەلىيەت شۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلىدىكى، جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتتىكى جىنسىي بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكنى كېمەيتمەستىن ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرىۋەتتى. ئۇ ئېچىلدى- دە، ئەسلى مۇقەددەسلىكىدىن قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا خالىغانچە يېقىنلاشتى، خالىمىسا يىراقلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھەدى، تېنى ھەتتا كىشىلەردە ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى

www.kitaphumar.com

ئويغىتالماس بۇيكەتتى. ئىنسانىي روھ قاشاڭلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھاياسى بىر- بىرىگە يات، سىرلىق، تارتىملىق تۇيۇلمايدىغان بولدى، ئۇلارنى بىر- بىرىگە تارتىپ تۇرىدىغان كۆرۈنمەس سېھىرلىك زەنجىر ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەرلەر بىر ئايال بىلەن قانائەت قىلمايدىغان، ئاياللار بىر ئەرگە قانماي يەنە باشقىسىنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايدىغان، نىكاھ، ئائىلىنىڭ ئىناۋىتى قالمىغان بىر ھال غەرب جەمئىيىتىدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىكنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بارلىق ھەرىكەت- قائىدىلەرنى ئۆلچەمسىزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، كۆڭۈلنىڭ رايىنىلا، نەپسىنىڭ خاھىشىنىلا مۇقەددەس بىلدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رادىي فىشنىڭ «جالالىدىن رۇمىي» رومانىدىكى «تېنىڭ بىر ئات، سەن شۇ ئاتقا مىنگۈچى. ئىي ئاتقا مىنگۈچى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدا ھەم ياتمىغىن، ئات ئۇزۇقى سېنىڭ ئۇزۇقۇڭ بولالماس، ئات سېنى ئەمەس، سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا سال» دېگەن ھېكمەتلەرگە ياندىشىپ ئاھاڭدا مۇنداق دېگەنىدى :« ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ئات، مەنىۋىي جەھەتتىن ئاتقا مىنگۈچى. ئەگەر ئاتقا مىنگۈچى دانا بولسا ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ، نادان بولسا ئات ئۇنى ئوقۇرىغا باشلايدۇ». ھەقىقەتەن بەزىلەر خۇن- زەردابنى شەربەت بىلدى. ھەتتا يات جىنسلىقلار بىلەن خالىغانچە ئالاقە قىلغىنىغا قانائەتمۇ قىلماي ھەددىدىن ئېشىپ ئۆز جىنسداشلىرى بىلەن ئالاقىگە چۈشۈشتى ۋە بۇنى نومۇس قىلماي ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە، قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتى. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار، بەچچىۋازلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 10% دىن ئېشىپ كەتكەن.نىكاھسىز بىللە تۇرغۇچىلار، پاھىشىلەر، كۆڭلى تارتسىلا خالىغان بىرى بىلەن ئىچ- پۇشۇقىنى چىقىرىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدىغان سەرگەردان سوكۇلداقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل شەرمەندە قىلىقىدىن ئازراقمۇ نومۇس ھېس قىلىپ باقمايدۇ، ئۇيالمايدۇ. بەلكى كوچىلارغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەقلىقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەققىدە تىنماي نامايىش ئۆتكۈزۈپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس تەشكىلاتى، گېزىت- ژۇرناللىرى، تور بەتلىرى بار. مىڭلىغان بەچچىلەرنى زىيارەت قىلىپ چىققان ئالفېرد كىنسېينىڭ ئېيتىشىچە :« مۇتلەق كۆپ سانلىق بەچچە ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى، ئارزۇ - خاھىشىنىڭ قوغدىلىشىنى، قوللاشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن» ( « ھەپتىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» 1993– يىل 15– فېۋرال سانى، Inoohr.org تور بېتىدىكى

www.kitaphumar.com

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل ). گەرچە بىر قىسىم ئاما ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن غەزەپلەنسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلق ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى شەخسنىڭ خاھىشى، دەپ قارايدۇ، ئارىلىشىش، توسۇشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ، كارى بولمايدۇ. بەچچىلەرنىڭ توي قىلىشىنى قانۇنى ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولغان مىكائىل.ج.مىد ئىسىملىك بىر شىتات ئەمەلدارى شۇنداق دېگەن :« بىز ئاساسىي قانۇن لاھىيىسى ئارقىلىق قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ باراۋەر نىكاھ ھوقۇقىنى قوغدايمىز. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. بۇ قورققۇدەك ئىش ئەمەس، ئاسمان ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمەيدۇ»( Gay.com365 تور بېتىنىڭ 2005- يىل 7- فېۋرالدىكى سانىغا قارالسۇن). ھەتتا ياۋروپا دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيىسى بولمىش مارتىن ليۇتېر كىڭنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كامبىرىج دىنىي بىرلەشتۈرۈش- ئومۇملاشتۇرغۇچىلار باش مەھكىمىسى ۋە چىركاۋنىڭ مىنىستىرى رېۋ.توماس. ج. س. مېكىلسون :« مەن ئوخشاش جىنسلىقلارغا توي قىلىش ھوقۇقى بېرىشنى قوللايمەن. بۇنداق ھوقۇقنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ ئەنئەنىۋي ئائىلە ۋە نىكاھ چۈشەنچىمىزگە چوڭ توسالغۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ۋە ھەرىكىتى بىزنىڭ مۇشۇ مەدەنىيەتتىن چىققانىكەن، يەنە مۇشۇ مەدەنىيەتتىن قوللاش مۇھىتى بېرىلىشى كېرەك» دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ :« بۇ ئىشلارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما بىز ئۇلارغا باراۋەر نىكاھ ھوقۇقى بېرىلگۈچە كۈرەش قىلىمىز»( Freedomtomarry.org ( نىكاھقا ئەركىنلىك) تور بېتىگە قارالسۇن). دېگەن. « ئىنسانىي، ئىنسانىلىقنى پاكىز، غەرەزسىز سۆيۈش» تىن ئىبارەت خرىستىئان روھىنىڭ بۇ باش ئېپىسكوپى ئۆز قارىشىغا ئۆزى پەتىۋا بېرىپ يەنە شۇنداق دەيدۇ :« مەن ھەممە يەردە ئوخشاش جىنسلىق بەچچىلەرنىڭ ئائىلە، خىزمەت، نىكاھ، پەرزەنت، قوشنىدارچىلىق، ھاياتلىقتىن بەھرىلىنىش ھەققىدىكى تەلەپ- چوقانلىرىنى ئاڭلايمەن. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇلار ئۈچۈن قانۇنلۇق نىكاھ پۇرسىتى بېرىش جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي نىكاھ چۈشەنچىسىنى چىڭىتىدۇ». كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان بۇ چاكىنا پەتىۋا خرىستىئان روھىنىڭ ئادەمنىڭ نەپسى- خاھىشىغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لىگتاسما ئېتىقاد شەكلىگە ئايلىنىپ قالغىنىنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتىمۇ نەپس ۋە جىنسىيەت قوغلاپ زورايغان بەھەيۋەت لەھەڭگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەخلاق- ئەقىدىسى چۈشكۈن بىر توپ زەھەرخەندە مىتىلەرنىڭ چەكتىن

www.kitaphumar.com

ئاشقان يولسىز مۇتتەھەملىكنى توغرا، دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئۇنى قوغداش جەمئىيەت خاراكتېرلىك بۇزۇلۇشقا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. دىنىي مۆتىۋەر كۆچلەرنىڭ پاسىقلىقنى ھەق دەپ قوبۇل قىلىشى تارىخمۇ، شۇلار ئىشەنگەن خۇدامۇ مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان ئىپلاس شەرمەندىلىكتىن، ئېتىقادقا قىلىنغان شەكسىز خورلۇق، ئاسىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دىنىي كۆچلەر، ھۆكۈمەت ۋە كۆپ سانلىق ئامىمىنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك ۋە بەچچىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاققا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى، چېقىلغىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇق، ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك بولغان خاھىش دەپ ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشى، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشى نەتىجىسىدە پاسىق بەچچىلەرگە تېخىمۇ جان كىردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە قانۇندىن ئاساس، دىندىن پەتىۋا ئىزلەشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇندى. ئىندىئانا شىتاتى قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ نىكاھ ھوقۇقىنى قوغداش قانۇن لايىھىسى تۇرغۇزۇشقا پىكىر ئىلىش مەزگىلىدە رېۋ.جىف.مايىنىر ئىسىملىك بىر بوۋاي :«تارىخ شەرمەندىلىككە رەھىم قىلمايدۇ، ھەرگىز مۇنداق خاتالىققا يول قويمىغايسىلەر. نەچچە يىللاردىن كېيىن ئەۋلادلار بىزنىڭ بۇ قىلمىقىمىز ئۈچۈن نومۇس قىلمىسۇن» ( Freedomtomarry.org نىكاھقا ئەركىنلىك) تور بېتىگە قارالسۇن.) دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا يىغلىنىپ. جىنسىي دىكلىپىنتى ئىسىملىك يەنە بىر ئايال :« ئەگەر ئىندىئانا تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئەشۇنداق پاسىق جايغا ئايلانسا، مەن بۇ يەردىن كېتىشكە ھەرقاچان تەييار» دېدى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. ئەمما دەل شۇ چاغدا بۇ قانۇن لاھىيىسى ئاللىقاچان 11 شىتاتتا ماقۇللۇقتىن ئۆتۈپ 24 شىتاتتا مۇھاكىمە باسقۇچىغا كىرگەنىدى (Fortwayne.com تور بېتىگە قارالسۇن). «شىمالىي ئامېرىكا ئەر- ئوغۇللار سۆيگۈ تەشكىلاتى» نامىدىكى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ بەچچە تەشكىلاتىنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئەزالىرى لوزۇنكا كۆتۈرۈپ « سەككىز ياشتىن كېيىن قالغان جىنسىي ئالاقە ئەڭ چوڭ كېچىكىش!»، « ئون پىرسەنت يېتەرلىك ئەمەس، يىگىرمە ئەزا قوشايلى، يۈز ئەزا!» دەپ شۇئار توۋلاپ نامايىش كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار يېشى كىچىكلەرگە مەجبۇرىي چېقىلىش ئارقىلىق ئەزا سانىنى كۆپەيتىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم مەقسىتى قىلغان ئىدى. يېشى قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىشاتتى. «ئايال مۇھەببەتداش قىساسچىلار تەشكىلاتى» ئەڭ ياش، گۆدەك قىزلارغا زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلغىنىدىن ئاشكارا پەخىرلىنىپ مەيدە قېقىپ يۈرەتتى. («سان فرانسىسكو مۇھاپىزىتى» 1992-يىل 27-مارت سانى ، Inoohr.org تور بېتىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا

www.kitaphumar.com

كەلتۈرۈلگەن نەقىل) بىر يېرىم پىرسەنت بالا ئاتا- ئانىسى تەرىپىدىن خورلانغان ئىدى. بەچچىلەرنىڭ بوزۇقچىلىقتىكى يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرىنى ئويلاشمۇ كىشىنى سەسكەندۈرۈپ، كۆڭلىنى ئايىنىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ بۇ خىل رەسۋالىقلارنى يېزىشقا ھەقىقەتەنمۇ قولۇم بارمىدى. ئەقلى جايىدا ھەرقانداق ئادەم يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز ئىنتىلىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ تەگ- ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇم خۇلاسىگە كېلەلەيدۇ ۋە نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

يۇقىرىقى نومۇسسىز قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلار ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بەزى «ئاقىل» لىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ساۋاتلىق، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئوقۇغانلار، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سەرخىللاردىن سانىلاتتى. ۋاشىنگتون، نيۇيورك، سان فرانسىسكو كوچىلىرىدا بەچچە، قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلىق دەۋاسى قىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ 59.6% ئى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، 18% ئى ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار، 49% ئى كەسپىي، مەمۇرىي خادىملار ، 15.9% ئى ئادەتتىكى پۇقرالاردىن ئىدى (1990- يىلى نەشر قىلىنغان «ئامېرىكا قىسقىچە ستاتىستىكىسى» دىن Inoohr.org تور بېتىدىكى مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل). دېمەككى، جىنسىيەت ھەققىدىكى ئىلىم، ساۋات، ئۇچۇرلاردىن خېلى مۆكەممەل خەۋىرى بار، دەپ قارىلىدىغان ياشلار، زىيالىيلار، جاھاننىڭ سەركىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ بۇزۇقلىرىغا، ئەخلاقنىڭ، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانخور كۆشەندىلىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇلار يات جىنسلىقلارنىڭ تىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئەقىدىسىز ئىلىم ئۇلارنى توغرا، ساغلام ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلىگىمۇ ئېرىشتۈرەلمىگەن ئىدى. جىنسىي ساۋاتتىكى ھۆرمەتلىك نوپۇزلۇقلاردا ئەخلاقى بوزۇلۇش، روھىي ئايىنىش ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن بىلەن، بۇ ھەقتىكى ئىلىم، ئۇچۇرلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان ئادەتتىكى پۇقرالاردا ئەڭ ئاز بولغان. غەرب دۇنياسىغا قارىمۇ- قارشى ھالدا شەرق ئەللىرىدە، بولۇپمۇ دىنىنىڭ، ئۆرپ- ئادەتنىڭ ھاياتى كۈچى يوقالمىغان، جىنسىيەت ئېچىلمىغان، دەرسخانىلارغا، ئاشكارا سورۇنلارغا تۆلۇق چىقالمىغان جايلاردا جىنسىي زوراۋانلىق، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، روھىي سۇلغۇنلۇق ئەڭ ئاز كۆرۈلگەن. كۆرۈلسىمۇ جەمئىيەتلىشەلمىگەن، مۇئەييەن چەكلەش كۈچىنىڭ نەتىجىسىدە بۇزۇقچىلىق سادىر بولسىمۇ، خۇپىيانە، خالىي جايلاردا بولغان. «بەچچىۋازلار ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە ئېيتىلغاندەك :« دىنىي كەيپىيات سۇس ياكى ئۆلگەن ئائىلە، جەمئىيەتلەردىن جىنسىي، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، زوراۋانلىق

هادىسىلىرى، پاھىشىۋاز، بەچچىۋازلار ئەڭ كۆپ چىققان»( Inoohr.org تور بېتىدىكى ئىنگلىزچە ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارالسۇن) جىنسىيەت يېيىلغان، يۇشۇرۇلغان، خالىغانچە، ئۆلچەمسىز مۇئامىلە قىلىش چەكلەنگەن جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىتى بىر قەدەر ساپ، جۇشقۇن، خاتىرجەم، مەنىۋى ھاۋاسى سۈزۈك، كىشىلىرى ھەر جەھەتتىن ساغلام بولغان.

ھىندىستانلىق پەيلاسوپ، ناتىق ئوشۇمۇ بىزنىڭ « تەرەققىيپەرۋەر » زاتلار تەشەببۇس قىلغاندەك فرېئۇدنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ جىنسىيەتنى يېيىشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە باللارنىڭ مەلۇم ياشقا يەتكىچە يالىڭاچ يۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭچە « ئۇلار كىيىم زۇرۇرىيىتى جىنسىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك» ئىمىش( ئوشۇ « چىن مۇھەببەت سەپىرى »، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1998ـ يىل 4ـ سان.) ۋەھالەنكى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى- تېنىنى پىششىق بىلىدىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مەن كىيىم زۇرۇرىيىتى %90 جىنسىيەت ۋە ئۇنى يۆرگەش سەۋەبىدىن دەپ قارىغۇچىلاردىن. يات جىنسلار ئارا تەن، ئەزالارنىڭ بىر- بىرىگە تونۇش بولۇشى قەلبتىكى رەزىللىك ئورۇقىنى قوزۇتۇپ تاشلىيالمايدۇ. تەنلەرنىڭ تونۇش بولۇشى راستىنلا ئىجتىمائىي ئاپەتنى تۈگىتىشتىكى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولسا كىيىملەر ئاساسەن دېگۈدەك ئېچىلغان، ئاتا- بالا ئېشەكتەك قىيپالىڭاچ پېتى بىر مونچىدا يۇيۇنىۋېرىدىغان شەھەرلەر، غەرب، ياۋرۇپا دۇنياسىدا نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي كرىزىس شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىدۇ؟ ئەگەر يات جىنسلار ئارا تەنىنىڭ تونۇش بولۇشى ئىجتىمائىي كرىزىسلارنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالايدىغان بولسا بىز نېمە ئۈچۈن يالىڭاچ يۇرۇشنىلا تەشەببۇس قىلمايمىز؟ كىيىم زۇرۇرىيىتى جىنسىيەت سەۋەبىدىن بولمىغان ئىكەن ئۇنى كىيىۋېلىشنىڭ، جىنسىي ئەزا- بەلگىلەرنى يۆرگەپ يۇرۇشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟

ئوشۇ يەنە جىنسىي خىيالنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستىقامەت يولىنى تاللاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ ئوشۇ ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇددىزم ئېتىقاد- مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن نورمال كىشىلىك لەززەت، قەدىر- قىممەتكىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ، دۇنيادىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈپ زاھىتلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى راھىپلىق يولىغا قايتا قەدەم باسامدۇق؟ مەن دەيمەن ئەقىدە. ئەقىدە - ئېتىقادسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىش كاللىنى ھارام خىيالغا پاتۇرىۋېتىدۇ. مەزمۇت ئەقىدىگە تويۇنغان روھىي قۇۋۋەتكە راھىپلاردەك ئىستىقامەتمۇ، يالىڭاچلىنىپ كۆز

www.kitaphumar.com

تويدۇرۇشمۇ لازىم ئەمەس. كۆڭۈل ئاچ، روھ زەئىپ، مەنىۋىيەت قۇرغاق تۇرسا كۆز، قۇرساق، نەپس تويامتى؟

جىنسىيەت، ئۇ ناھايىتمۇ نازۇك تېما. ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يېپىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئېستېتىكىدىمۇ نازۇك نەرسىنىڭ كۈچلۈك زەربىگە، قالايمىقان قېقىلىپ-سوقۇلۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ، ئاسراپ، پەپىلىگەندىلا ئىشلەتكىلى، گۈزەللىكىدىن زوقلانغىلى بولىدۇ. جىنسىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا جەزمەن دۇرۇس، ساغلام ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئېچىلىپ، يالىڭاچلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تېرىلەر تېگىشىپ، چاچلار غىدىقلاپ، ئوتتەك نەپەسلەر گۈرۈلدەپ يېنىپ تۇرسا ئادەمدىكى قىممەتلىك روھىي زىلزىلىلەر ئاسان قوزغىلىپ، ئاسان يېنىپ-يېتىپ ئېتىبارى قالمايدۇ، يات جىنسلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان ھەربىر ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزا-بەلگىلىرى، بولۇپمۇ، گىرىمدە ئاتايىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن لەۋ، كىرپىكلەر، لەپىلدەپ سويلاپ تۇرىدىغان چاچلار، ئوچۇق تۇرغان بىلەك، يوتا، كىندىك، پاقالچاق، كۆكرەكلەر، تار، خىپچاق كىيىملەردىن پاتماي چىڭقىلىپ تۇرىدىغان كۆكرەك، يوتا، ساغرا، قىسىلچىقلار قارشى تەرەپتە ئىنتايىن ئوڭايلا غىدىقلىنىش، ھېسسىيات قوزغىلىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تار، قىسماقتەك قىسىپ، پۈتكۈل ئەزايى-تەننى چىڭقالدۇرۇپ تۇرىدىغان كىيىملەرنىڭ ئۆزىمۇ غىدىقلىنىش، ھېسسىي قوزغىلىش، چىڭقىلىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل غىدىقلىنىش ئۇزۇن داۋاملاشقانسىرى دائىم قوزغىلىش ئىچىدە تۇرغان بۆرەككە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، بەدەندىكى كۈچ-ماغدۇر، قۇۋۋەتنىڭ سۇۋۇپ كېتىشىنى، ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يىلىك سۇۋۇيدۇ، جەڭگىۋار، جۇشقۇنلۇق ئاجىزلاپ، خام-خۇتا لامزەللىلەر شىددەت بىلەن ئاۋۇپ كېتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، دەسسىسە يەر تىترەيدىغان، ئەقلى كىشىنى لال قىلىدىغان زەبەردەست كىشىلەرنى كۆرمەكمۇ بەسىي مۈشكۈللىشىپ كەتمەيۋاتامدۇ؟! يەنە كېلىپ تار، بەدەننى قىسىپ، سىقىپ تۇرىدىغان خىپچاق كىيىملەر قاننىڭ راۋان ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ تېرىلەرنىڭ سېزىمچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تۆۋەنلىتىدۇ. تېرىلەر، سەزگۈ ئەزالار تولا غىدىقلىنىپ بارا-بارا قاشاڭلىشىدۇ، بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملاشقانسىرى تەنىمۇ، روھىمۇ، زېھنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمدىكى تولا غىدىقلىنىش، ھاياجانلىنىش بەدەندىكى رەئىس ئەزالارنى، بولۇپمۇ بۆرەكنى ئەڭ تېز كاردىن چىقىرىدۇ، بۆرەككە زەرەر يەتكەن ھامان نېرۋا، مېڭىنىڭ فونكسىيىسى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلايدۇ. ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش، ئاسان

www.kitaphumar.com

چارچاش، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىش، ئۈمىدسىزلىك، كەيپىيات ناچارلىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغاندىن باشقا يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىگە ئېغىر بېسىم ۋە كاشىلا پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر غەمدىقلىنىش ئۇزۇنغىچە داۋاملاشسا جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە تەرەققىي قىلىپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ زور ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، كەيپىياتى غەمناكلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، بارا- بارا يات جىنسنى كۆرسىمۇ ۋۇجۇدىدا باشقىچە ھېسسىيات، غەيرىي سىزىم پەيدا بولمايدىغان دەرىجىدە قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. يات جىنسنى كۆرسىمۇ، بىر- بىرىگە سۈركىلىپ تۇرسىمۇ باشقىچە ھېسسىيات ئويغانماسلىق دەل ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىق، ئەركەكلىكنىڭ ئۆلۈشى، ئاياللاردىكى لاتاپەت، سېھىر- جەزبىنىڭ خوراپ تۈگىشى بىلەن باراۋەردۇر. ئەڭ ئەقەللىي ئادەمىيلىك ھېسسىياتى ئۆلگەن بۇنداق كىشىلەردىن ئۇلۇغۋار غايە، نەتىجە، ئارتۇق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇنداقلاردىن توغۇلغان باللاردىن جەڭگىۋار، جۇشقۇن، قەتئىيلىرى ئازراق، مۇرەسسەچى، تەسلىمچى، خۇمسى مىجەز نائەھلىلەر كۆپ چىقىدۇ. تەن ساپاسى يىلدىن- يىلغا تۆۋەنلەيدۇ، ئەقلى قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۇرغاچىلىرىنىڭ كۈيلەيدىغان مەزگىلىدە ئەركەكلىرىنىڭ تۈپلىشىپ كۈچ سىنىشىپ يەڭگەنلىرى بىلەن جۈپلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ زور ھېكمەت بار. مانا بۇ ئۆزگە، قەۋمىگە، قەۋمىنىڭ كېلىچەكتىكى ساپاسى، مەۋجۇدلۇق سۈپىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت! راست، ئۆز ھاجىتى ئالدىدا ئامالسىز ئادەم قانداقمۇ باشقىلارغا ھەمتاياق بولالىسۇن؟

ئەخلاق يىرتىلغان، جىنسىيەت ئېچىلغان يەردە ئەڭ ئالدى بىلەن ئەرلەر ئاجىزلايدۇ، ئاندىن ئاياللار قۇترايدۇ. كىشلەر بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز سىقىلىش ئىچىدە ياشايدۇ-دە، ئۆز كۆڭلىنى ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىك ئارقىلىق خوش قىلىشقا چۈشىدۇ. ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، نىكاھنىڭ مەززىسى قالمايدۇ. مۇھەببەتلىشىش كەڭ ئەۋج ئالىدۇ، ئەمما مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلارنىڭمۇ نىكاھىدا خاتىرجەملىك قارار تاپمايدۇ، چۈنكى تولا مۇھەببەتلىشىپ، تولا ئايرىلغان ئادەم ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر خىل قارىشىغا قانائەت قىلالمايدۇ، ئۇلاردىن ۋاپا كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى يېقىنچىلىق سەۋەبىدىن نىكاھتا ئىززەت، قىممەت قالمايدۇ، توي كېچىسىدە مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك ئۆزگىچە ئۇچرىشىش ياكى يېڭىچە تۇيغۇ روياپقا چىقمىسا، نىكاھ تۈزسىز تاماققا ئوخشاپ قالىدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش بىلەن كېيىنكى تۇرمۇش ساڭا يېڭىلىق، مېھىر، ئىللىقلىق ئاتا قىلالمىسا بۇنداق نىكاھ جەزمەنكى ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، ھايا ۋە نومۇس ئۈستىگە

www.kitaphumar.com

قورۇلمىغان نىكاھتىن بەختىنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى شادىمان كۈيلىرى ئەمەس ئازابنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان يېقىمسىز تاراڭ- تۇرۇڭى چىقىدۇ.

ھاياتقا بولغان دۇرۇس ئەقىدە سۇنمىغان جايدا جىنسىيەت ئىززەتلىك بولىدۇ. نىكاھيات جىنسلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس ئۆتنۈشۈش شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەت پاكلىقنىڭ، چىن سۆيگۈنىڭ، مېھىر- ۋاپانىڭ، ساداقەتنىڭ سىمۋولى سانىلىدۇ. جىنسىي ئەزاغا قاراش تۇگۇل، زۇرۇر بولمىسا شۇ ھەقتە گەپ قىلىشمۇ ئەيىپ سانىلىدۇ. ئەر- ئايالنىڭ بىر-بىرىگە شەرتسىز ساداقىتى قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ، ھارام خىيال، خىيانەت نومۇس، ھاياسىزلىق، بۇزۇقلۇق سۆيۈندە قارىلىدۇ، جازا- تەدبىرلىرى ئېنىق بولىدۇ. جىنسىيەتنى ھاقارەتلەپ پەس كۆرۈشكىمۇ، ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈپلىشقىمۇ بولمايدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جىنسىيەتكە قويغان تەلەپ- ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسى. بىرنەچچە ئون ياكى بىرەر مىڭ ئادەمنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى پۈتۈنسۈرۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ گۇناھى قىلىپ ئارتىش چەكتىن ئاشقان يولسىزلىقتىن ئىبارەت. بىر مىليون ئۇيغۇر كوچىغا قىيپالىڭاچ چىقىۋېلىپ ئاشكارا بەچچىۋازلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ مەن ئۇنى ئادەمنىڭ، شۇلارنىڭ گۇناھى، رەزىللىكى دەيمەنكى، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ، ئېتىقادنىڭ گۇناھى دەپ بىلجىرلىمايمەن. بىر نەچچە ئادەمنىڭ رەسۋالىقىنى دەپ ئۆزىنى چۆشۈرۈپ ئۆزگىنى تەكچىگە كۆتۈرۈش ئەقلىسىز تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسلىرىمىز بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ئەمەس، پاكىتلىق، ئىلمىي دەلىللىك زوۋانى بولۇشى كېرەك. چېغىدا ئامېرىكىلىق ئەخلاقشۇناسلار مۇنداق دېيدۇ :« پەقەت ئەنئەنىۋىي جىنسىي ئەخلاقلا كىشىلەرنىڭ نەپسى- ئارزۇسىنى ساغلام قاندۇرۇپ، ئەخلاق، ئائىلىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى چىڭىتالىشى مۇمكىن. باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» ( Jkalb.org تور بېتىدىكى « ئەنئەنە جاھىللىقى » ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن).

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنداق دەيمەن: جىنسىيەت يۈرگىلىشى كېرەك! ئۇنىڭغا ئىلمىي، ساغلام قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئۇنى ئېچىش، ئۇ ھەقتە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ساۋات ئومۇملاشتۇرۇش جىنسىيەت ھەققىدە ساۋاتلىق، ئاقىل بولغانغا باراۋەر ئەمەس. ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان جىنسىي نومۇسسىز-لىقلارنى جىنسىي بىلىم- ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق چەكلەيمەن دېيىش ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىغا زەھەرنى «ياسىن سۈيى» ئورنىدا تېمىتىشنى ئارزۇلاشتىن

www.kitaphumar.com

باشقا ئىش ئەمەس. جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق روھىيەتنى، جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بولسا بۈگۈنكى ياۋرۇپا، ئامېرىكا قاتارلىق ساغلام كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان بولاتتى. ۋەھالەنكى، پۈتكۈل دۇنيا ئالقىشلىغان ئەڭ ساغلام، كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتەكچىلىك قىلغان دەۋر دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشتى. ئەپلاتوننىڭ «غايىۋىي دۆلەت»ئى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دۆلەتچىلىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، قاراشلىرى، ماركسىنىڭ كوممۇنىزمى پەقەت بىر گۈزەل جەمئىيەت ھەققىدىكى شېرىن خىيال، تەسەۋۋۇر پېتىلا قالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملا جەمئىيەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، مۇكەممەل لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزى ھايات چېغىدا ئۇنى نەق رېئاللاشتۇرۇپ ئۇنى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇردى، ئۆزى بولسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدە مۇتلەق مۇۋەپپىقىيەت قازانغان بىردىنبىر ئۇلۇغ شەخسكە ئايلاندى(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993ـ يىلى 12ـ ئايدا نەشر قىلغان «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» ناملىق كىتاب ۋە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996ـ يىلى نەشر قىلغان «ئىسلام دۇنياسى» (ئىنگلىزچە) ناملىق كىتابلارغا قارالسۇن).

جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلە- كېسەللەر ئاللىقاچان يەر شارى خاراكتېرلىك ۋاباغا ئايلاندى. ئۇنى دوختۇرخانىلار داۋالاپ ساقايتىپ بولالىشى، تەشۋىقات ۋاستىلىرى، بويۇملىرىنىڭ چەكلەپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنى قويۇۋېتىشكە، يالىڭاچلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا سۆرەپ كىرىش كېسەل تەگكەن دەرەخنىڭ تۈۋىگە كىسلاتا قۇيغان بىلەن باراۋەر. ئۇنداق قىلىش بىزنى، بىزنىڭ مەدەنىيەتنى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تۈگىمەس بالالارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. يېتەرلىك پەرۋىش، ساپ ھاۋا، بۇلغانمىغان سۇ بولغاندىلا يۇقۇملانغان، زەئىپلەشكەن تەن- روھنى قۇتقۇزىۋېلىش مۇمكىن. ھە راست، لازىم نەرسىلەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى لازىم نەرسىنى لازىم چېغىدا لازىم يېرىگە، جايىدا ئىشلىتىش. كېسەلنى داۋالاشقىلا، داۋالاش تەشەببۇسلىرىغىلا تاشلاپ قويۇپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللانماسلىق ئۆلۈمنى ئارزۇلاپ يېتىشتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش داۋالاشتىن مىڭ ئەۋزەل. چىركىن ئېقىم، مۇشتۇمزور ئىدىيىلەر كەلكۈندەك باسقاندا پاكىز روھىي سەرمايىدىن ئەپچىل كېمە ياساپ چىقىۋېلىش چۈشكۈنلۈك ئىلكىدە تويانى

www.kitaphumar.com

چىللاش- تىللاشتىن كۆپ ئەلا. ساغلام ئەقىدە، كەسكىن تۇرمۇش پرىنسىپى ئارقىلىلا بۇ ۋابادىن قۇتۇلۇش مۇمكىن. باشقىلار ئاچ دەيدۇ، مەن ياپ، قاچ دېگۈچىلەردىن!

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش قەھرىمانى فىلد مارشال مونتىگومىرى 1964- يىلى 24- ماي كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىدا :« ئاڭلىسام فرانسىيە ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بىر قانچە دۆلەت ئوخشاش جىنسلىقلار قىلمىشىغا قانۇنىي يول بېرىپتۇ. بىز فرانسوز ئەمەس، شۇنداقلا باشقا مىللەت، دۆلەت تېخىمۇ ئەمەس. بىز ئەنگلىيىلىك! ئاللاھقا مىڭ قەتلە شۈكرى! »(« ئوكسفورد ئۇزۇندىلەر لۇغىتى »، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994- يىل نەشرى ئىنگلىزچە) دەپتىكەن. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن :« دۇنيادا ئەخلاق پەقەت ۋە پەقەت بىر! بىز باشقا ھېچكىم ئەمەس، باشقىلارغا ئوخشىغىمىزمۇ يوق. ئاللاھقا مىڭ قەتلە شۈكرىكى ۋە جان- جېنىمىز بىلەن تىلەيمىزكى: تويان بىزگە ھاجەت ئەمەس! ئاپەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي بارغۇسى كەپقالغان ئازغۇنلارغا دېيدىغىنىمىز : يول بولسۇن!».

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 2005- يىللىق 6- سانىدىن ئېلىندى)

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرچە ئېلانلاردىكى تىل مەسىللىرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت يوللىرى

ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى

**قىسقىچە مەزمۇنى**: ئۇيغۇر ئېلانچىلىقى ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ بازارلىقتا كېلىشكە ۋە دەۋرنىڭ تەققازاسىغا ئەگىشىپ بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ياخشى ئېلانلار بازارلىقتا كېلىپ كىشىلەرگە ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئىستېتىك زوق بېغىشلىدى. ئەمما يەنە بىر قىسىم مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، تىل ئادىتىگە ماس كەلمەيدىغان ئېلانلارمۇ بازارلىقتا كېلىپ كىشىلەرنىڭ ئېلانغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەزكۇر ماقالىدە رادىئو، تېلېۋىزور ۋە باشقا مەتبۇئاتلاردا بېرىلگەن ئېلانلارنىڭ تېكىستلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تىل مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى ھەم بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت چارىلىرى كۆرسىتىپ بېرىلدى .

**ئاچقۇچلۇق سۆز:** ئۇيغۇر ، ئېلان، مەسىلە

نۆۋەتتە ئېلان كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ موھىم تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېلان ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئۇنىڭ كىشىلەرنى سودا-تىجارەت ھەققىدىكى ياكى باشقا جەھەتلەردىكى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، تەمىنلىيەلمەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر پارچە ياخشى ئېلان ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تارقاتقان ۋاقىتتا جەزمەن جايىدا، توغرا ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. دەل جايىدا، ئېپادىلەش ئۈنۈمى يۇقىرى تىل ئېلاندىكى ئۇچۇرلارنى ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئەڭ موھىم ۋاستىدۇر. شۇڭلاشقا، ئېلان ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئېلان تىلىغا نىسبەتەن يۇقىرى ئۆلچەم بەلگىلەپ، بەدىئىي پىششىقلاش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئېلاندىكى ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ئەڭ موھىمى ئېلاندا ئىشلىتىلگەن تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تىل

www.kitaphumar.com

جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى ئېنىقكى ئېلاننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تىل مەسىلىلىرى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى مەسىلىلەر

ئۇيغۇرچە ئېلانلاردا سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) مەنىسىنى بىلمەي ئىشلىتىش

سۆز مەنىسى ئادەتتە لېكسىكىلىق مەنە ۋە گراماتىكىلىق مەنە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. لېكسىكىلىق مەنە ئوبيېكتىپ شەيئى ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېلان تىلىدا سۆز تاللاشنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى ئېلان ئۈنۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، تىلدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن مەنىسى بولىدۇ، ئېلاندا سۆز ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاۋۋال شۇ تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىگەللىشىمىزگە، شۇ ئاساستا سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تىلدىكى ھەر بىر سۆز مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولۇشتىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياجلار بىلەن مەلۇم كونتېكستتا ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كونتېكستتا قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكى، مەزمۇن بىلەن ماسلاشقان-ماسلاشمىغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال مەنە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۆز تاللاش بىلەن سۆز مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىش بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە. ئەگەر بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتىپ قويۇش، ئوي-پىكىرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇرچە ئېلانلارنىڭ سۆز ئىشلىتىش جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بەزى ئېلانلاردا سۆز مەنىسىنى قارىغۇلارچە ئىشلىتىش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

(1) چەتئەل تىلى ئۆگىنىش بىزگە يېڭى ئىش ئەمەس، ئەجداتلىرىمىز تارىختىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ ئۆتەڭ قەھرىدە، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە كاتالىزاتور،

www.kitaphumar.com

ئاتامانلىق يول ئوينىشىدا چەتئەل تىلى ئۆگىنىش موھىم رول ئوينىغان.(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(2) ئاۋات ناھىيە تەكلىماكان يالپۇز چىيى تەرەققىيات مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان يالپۇز چاي تومۇز ئىسسىقتا چاڭقىغان دىللارغا بەرھەم بولغۇسى.(رادىئو ئېلانىدىن)

(3) سەرخۇش ئىنگلىز تىلى كۇرسانتى ئېسىل كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىش، ھېيت-بايراملىق پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(4) سۇلايمان «ئەل رازى» نانلىرىنىڭ مەزىلىك تەمى سىزنى لال قىلىدۇ، چىداپ تۇرالمايسىز.(گېزىت ئېلانىدىن)

(5) مەجنۇنتالنى كىچىكىدىن باشلاپ تۈز ئۆستۈرگەن ياخشى. سىزگە شۇنداق ۋەدە بېرىمىزكى، پەرزەنتىڭىز ئىككى ئاي ئىچىدە تۇرمۇش ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىپ، ئىنگلىز تىلىدىن بەلگىلىك ئاساس تىكلىيەلەيدۇ. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

يۇقىرقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئېلان ئاپتۇرلىرى تەرىپىدىن مەنىسىنى بىلمەيلا قوللىنىلغان سۆزلەردۇر. مىسال(1) دىكى «ئۆتەڭ قەھرىدە» سۆزىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن خاتا بولۇپلا قالماي، يەنە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشىدىمۇ مەسىلە بار. بۇ مىسالدىكى «قەھرى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى « ئاچچىق، غەزەپ(1)» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ «يولۇچىلار مەنزىل ئارلىقىدا چۈشۈپ قونۇپ ئۆتىدىغان دەڭ،سارايلىرى بار جاي(2)» دېگەن مەنىدىكى «ئۆتەڭ» سۆزى بىلەن بىرىكمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغان سۆز «مەلۇم جاينىڭ ئەڭ يۇقىرى ياكى ئەڭ تۆۋەن ۋە ياكى ئەڭ چوڭقۇر(3)» جاينى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «قەرى» سۆزىدۇر. مىسال (2) دىكى «بەرھەم» سۆزىنىڭ مەنىسى «دەخلى، توسالغۇ، زىيان(4)» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇ «بەرھەم بولماق»، «بەرھەم يەتمەك»، «بەرھەم يېمەك» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردە مەھسۇلاتنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى ئەمەس، بەلكى زىيانلىق تەرىپىنى كۆرسىتىپ قويغان. ئېنىقكى ئېلان ئاپتۇرى «بەرھەم» سۆزىنىڭ نېمە مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن. مىسال (3) تە «ئىشتىراك» سۆزى «بىرەر ئىش، ۋەقە، توي-مۇراسىم، مەجلىس قاتارلىقلارغا قاتنىشىش، داخىل بولۇش (5)» نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ «ئىشتىراك قىلماق»،«ئىشتىراك ئەتمەك» دېگەن شەكىللىرى بار. ئەمما «ئىشتىراك ئالماق» شەكلى يوق. مىسال (4) تىكى «لال» سۆزى «تىلى تۇتۇلغان، سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان، گاچا(6)» دېگەن

www.kitaphumar.com

مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «لال قىلماق» بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆچمە مەنىدە «ھەيران قىلماق»، «جەلپ قىلماق» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، مەزكۇر ئىبارىدا ئانىنىڭ تەمى «كىشىنى ھەيران قالدۇردىغان» دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ ئەمەلىيەتكە قەتئىيلا ئۇيغۇن بولمىغان سۆز ئىشلىتىشتۇر. مىسال (5) تىكى «مەجنۇنتال» «تال تىرەكلەر ئائىلىسىگە تەۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ(7)» بولۇپ، ئۇ ئۆسۈش شەكلى جەھەتتىن ئەزەلدىنلا تۆۋەن ئۆسىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق «ئەگرى-بۈگرى» لىكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە سۆز ئىشلەتكۈچى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە ئۇقۇمنى خاتا ئىپادىلەپ قويغان.

2) سۆز مەنىسى كونتېكست بىلەن ماس كەلمەسلىك

بۇنىڭدا ئاساسلىقى بىر سۆزنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى بىلەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ بىر-بىرىگە ماسلاشماسلىقى ياكى خاتا ئۇقۇمنى بىلدۈرۈپ قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى كونتېكست ئاساسلىقى ئىچكى كونتېكستنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

(6) «چىن نۇرى قورۇقتىن ساقلاش كۆز مېيى» كۆز ئەتراپىدىكى تېرىلەرنى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، تېرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ، كۆز ئەتراپىغا قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتسىڭىز، كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىپ ياشلىقىڭىزنى جانلاندۇرىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(7) مەركىزىمىز يەنە تويلۇق ۋە باشقا زاكاس كىيىملەرنى تىكىپ ئارمانىڭىزغا دەرمان، خوشاللىقىڭىزغا شاتلىق ئاتا قىلىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(8) 2004-يىللىق مەملىكەتلىك ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «لوڭقىسى» ئىنگلىز تىلى سۆز سۆزلەش مۇسابىقىسىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.... تەجرىبىلىك ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ...تۆۋەندىكى سىنىپلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. (ئېلان ۋاراقچىسى)

(9) ئىھسانى مىللى ئالاھىدە دوختۇرخانىسى سىزگە ساغلام ھايات ئاتا قىلغۇسى. (گېزىت ئېلانىدىن)

(10) يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان مەزكۇر ئۇسكۇنىنى( خالمۇرات قوم بىلەن داۋالاش ئۇسكۇنىسى) سىنتۇلىپ داۋالىنىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان بىمارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، داۋالاش جەريانىدا داۋالانغان ئورۇننىڭ قان ئايلىنىشى جانلىنىپ، ئاغرىق

سېزىمى يوقاپ ھەرىكەت نورماللىشىپ بىمارلارغا بەخت ۋە ئۈمىت ياراتماقتا. (ژورنال ئېلاندىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (6) دە «ياشلىق» سۆزى بىلەن «جانلاندۇرماق» سۆزى بىر-بىرىگە ماسلاشمىغان. ئادەتتە «ياشلىق» سۆزى « ئۇرغۇماق ياكى نامايەن قىلماق» سۆزلىرى بىلەن بىرىكىدۇ. «جانلاناق» سۆزى بىلەن بىرىكمەيدۇ. مىسال (7) دە بولسا «ئارمانغا دەرمان»،« خوشاللىقىغا شاتلىق» دېگەن بىرىكمىلەردىكى سۆزلەر «دەردىگە دەرمان»، « خوشاللىقىغا خوشاللىق» شەكىللىرىدە بىرىككەن بولسا توغرا بولغان بولاتتى. مىسال (8) دە ئادەتتە تىلىمىزدا «نۇتۇق سۆزلەش» دېگەن بىرىكمە مەۋجۇت، ئەمما «سۆز سۆزلەش» دېگەن بىرىكمە مەۋجۇت ئەمەس. ھەم «سۆزلەش» سۆزى «نۇتۇق» سۆزى بىلەن تەڭداش ئورۇندا تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. مىسال (9) دا ھايات ئەزەلدىن «ساغلام ھايات»، «كېسەل ھايات» دەپ ئايرىلمايدۇ، دوختۇرخانا كىشىلەرگە پەقەت «ساغلام تەن» ئاتا قىلىدۇ. مىسال (10) دىكى «بەخت ۋە ئۈمىد» سۆزلىرىمۇ «ياراتماق» سۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى «بېغىشلىماق»، «ئاتا قىلماق» سۆزلىرى بىلەن نورمال بىرىكىدۇ.

3) ئارتۇقچە سۆزلەرنى چىقىرۋەتمەسلىك

بۇ مەلۇم بىر جۈملىدە مەزمۇن ئاللىقاچان ئىپادىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەزۋەيلەپ چىقىرۋېتىلمىگەن، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىككەندە جۈملىنىڭ راۋان، مەنىنىڭ توغرا يەتكۈزۈلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئارتۇقچە تەركىبلەرنى زورمۇزور ئىشلىتىش دېمەكتۇر. مەسىلەن:

(11) بۇ ماي (جەۋھىرى تائام قوناق مېيى) ئالتۇن سېرىق رەڭدە بولۇپ، سۈزۈك بولىدۇ. (ژورنال ئېلاندىن)

(12) ئەگەر پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى موھىم تىللارنىڭ بىرى بولغان ياپۇن تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاياتلىقىڭىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇراي دېسىڭىز، ئۇلتاشقا كېلىڭ. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(13) بۇ ئىچىملىكلەرنىڭ تەمى شېرىن، تەركىبى ساپ، ھالال، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان ئىزچىلار مىۋە ئىچىملىكى سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا ماس كېلىدۇ. (ژورنال ئېلاندىن)

(14) (خىسلەت يۈرۈشلۈك خېنىسى) چاچقا ئىشلەتكەندىن كېيىن چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چاچنىڭ ئۇزاق مۇددەت يۇمران ۋە ئەۋرىشىملىكىنى ساقلاپ، چاچنى تەبىئى پاقىراق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، ھەمدە چاچنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلايدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(15) مەھلىيا كىرپىك ئۆستۈرۈش لاكى تەركىبىدە ئۇسما جەۋھىرى بولۇپ، كىرپىكنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ تەبىئى ئەگىپ كۆزنى جۇلالاندۇرىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (11) دە « جەۋھىرى تائام قوناق مېيى»نىڭ رەڭگى «ئالتۇن سېرىق رەڭ» دەپ سۈرەتلەنگەن، بۇنى «ئالتۇن رەڭدە» ياكى« سېرىق رەڭدە» دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىلا كۇپايە ئىدى. مىسال (12) دە «ھاياتلىقىڭىز» دېگەن سۆز ئارتۇقچە بولۇپ، پەقەت «قىممىتىڭىزنى ئاشۇراي دېسىڭىز» شەكلىدە ئىشلىتىلگەن بولسىلا بولاتتى. مىسال (13) تە «ھالال» ۋە «ئىچىملىكى مىۋە ئىچىملىكى» دېگەن سۆزلەر ئارتۇقچە مەزكۇر ئېلاننىڭ باش قىسمىدىلا بۇ ئىچىملىكنىڭ «ئىچىملىكى مىۋە ئىچىملىكى» ئىكەنلىكى تاپشۇرۇلغان. شۇڭلاشقا «ھالال» سۆزىنى ئىشلىتىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. ھەمدە مەزكۇر جۈملىنىڭ باش قىسمىدىلا « ئىچىملىكى مىۋە ئىچىملىكى» نىڭ ئورنىغا كۆرسىتىش ئالماش «بۇ» ئالماشقان بولۇپ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى يەنە تىلغا ئالغان. مىسال (14) تە قىسقىغىنە بىر جۈملىدە «چاچ» سۆزى بەش يەردە ئىشلىتىلگەن، بۇ جۈملىدە پەقەت بىر جايدىلا ئىشلىتىلسىلا كۇپايە ئىدى. مىسال (15) تە «تەبىئى» سۆزى ئارتۇق ئىشلىتىلگەن. تەبىئىلىك شەيئى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ تاكى مۇشۇ مەزگىلگىچە ئۆزگەرتىلمەي ساقلانغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلەتكەندىن كېيىنكى «ئەگىلىش» ھەرگىزمۇ تەبىئى ئەگىلىش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى «كىرپىكنى ئەگىپ» شەكلىدە ئىشلەتسەكلا كۇپايە.

4)گراماتىكىلىق مەنىلىرى مۇجمەل بولۇش

گراماتىكىلىق مەنە- ھەرخىل گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنىدۇر. گراماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان شەكىللەر ياسىغۇچى، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلىدا ئادەتتە سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مۇئەييەن قائىدە-قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا ئۇلىنىدۇ. ناۋادا بۇ خىل قائىدىلەرگە دىققەت قىلىنمىسا گراماتىكىلىق مەنە جەھەتتە خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خاتالىق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ نورمال يەتكۈزۈلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر ئېلانلىرىدىكى ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىشى ئاساسى جەھەتتىن نورمال تەرتىپتە

www.kitaphumar.com

ئېلىپ بېرىلغان. ئەمما ئايرىم ھاللاردا بۇ جەھەتتىكى خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن :

(16) ... تەپسىلى ئەھۋالنى بىلمەكچى بولسىڭىز 3-ئاينىڭ 6-كۈنى سائەت 6:30 دا ئۆتكۈزۈلىدىغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتىنىڭ داڭلىق ناتىقچىسى ... نىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە چەتئەل تىلى» توغرىسىدىكى نۇتۇق پائالىيىتىگە مەرھەمەت قىلىڭ. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(17) ھەممىدىنمۇ موھىمى بۇ شىركەت قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغىنىغا قارىماي ئىش ئورنىدىن قالغان ۋە ئىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن ئورۇمچى ۋە باشقا ۋىلايەت ناھىيەلەردىن بولۇپ 50 كە يېقىن ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. (ژورنال ئېلانىدىن)

(18) مەزكۇر مەھسۇلات (مەھلىيا ئەتلەسلىرى) خوتەننىڭ 3000يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمى قول ھۈنەرۋەن مەھسۇلاتى.(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(19)... كۇرسانتلار قىينىلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق بولغان ئىلمىي ماقالە، دوكىلات، ھۆججەتلىك فىلىم ۋە نەزىرىيەچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(20) بۇ چايلار (ئوغۇز چايلىرى) خوتەن تاغلىرىدىن چىقىدىغان تاغ گۈللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار چاي ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن قىزىل گۈل، پىننە، ئەقىل قارا، لاچىدانە، پاپا ھىندى قاتارلىق 23 خىل تەبىئىي دورىلىق ماتىرىياللارنى خام ئەشيا قىلىپ، خوتەن مىللى تىبابەت ئالىي تېخنىكۇمى تەمىنلىگەن قەدىمكى رېتسىپلار ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ ئىشلەندى. (ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (16) دە «ناتىق» سۆزىگە ئارتۇقتىن ئارتۇق «چى» ۋە«سى» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، تىلىمىزدا يوقلا بىر سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. مىسال (17) دە «مۇ» ئۇلانمىسى ئارتۇقچە ئۇلانغان. مىسال (18) دە «ھۈنەر» سۆزى بىلەن بۇ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش نەتىجىسىدە ياسالغان«ھۈنەرۋەن» سۆزى بىر-بىرىدىن پەرىقلەندۈرۈلمىگەن. شۇڭلاشقا ئۇقۇم جەھەتتە خاتالىق كېلىپ چىققان. مىسال (19) دا «نەزىرىيە» سۆزى ئادەتتە «چان» ۋە«لىق» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ۋى» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مىسال (20) دە تىركەلمە سۆزى «باشلاپ» ئەمەس، «تارتىپ» سۆزى بولغان بولسا ئاندىن ئۆز ئورنىغا چۈشكەن بولاتتى.

www.kitaphumar.com

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلەر گەرچە جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ نورمال ھالەتتە بىرىكمەسلىكى جۈملىنىڭ راۋانلىقى، ئوقۇشچانلىقىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

5) قوشۇمچە تۇسلىرىگە دىققەت قىلماسلىق

سۆزنىڭ تۇس مەنىسى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان، ئابستىراكتلىقتا ئەگە بولغان، لېكسىكىلىق مەنىدىن ئايرىلغاندا مۇستەقىل مەنە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بەلگى تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇ، خاھىش، سوبىكتىپ باھا، ئوبراز، دەۋر، يەرلىك پۇراق قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئېلاندا يالغۇز سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق مەنىلىرىگىلا ئېتىبار بېرىپ، تۇس مەنىلىرىگە دىققەت قىلىنمىسا ئوخشاشلا ئېلان ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. ئۇيغۇرچە ئېلانلاردا سۆزلەرنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى تۇس مەنىلىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

(21)...قىنى لى ياڭغا ئوخشاش پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئىنگلىزچە ۋاقىراي-جاقىراي دېسىڭىز، ھەر ئەتىگىنى ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 6:30دا ئۇلتاشقا يىغىلىپ مەركىزىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوقۇتقۇچىسى قەيسەر مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ۋاقىرغايسىز.(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(22) ئوپراتسىيە قىلىشقا قىرى، ئاجىز كېسەللەر ئۈچۈن ئالاھىدە ئۈنۈمى بولىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(23) تۇرسۇن پاڭزا كاۋاپخانىسى بۇرۇنقى ئورنى يەنى چېكەگە كۆچۈپ كەلدى. (گېزىت ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلاردا ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تۇس جەھەتتىن سەلبىي مەنە بېرىدىغان سۆزلەردۇر. ئېلان كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇشنى، قايىل قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىدىغان بولغاچقا، سۆزنىڭ سەلبىي تۇس ئېلىپ قېلىشى بىۋاستە ئېلان ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئېلاندا ئاساسى جەھەتتىن سەلبى مەنىدىكى سۆزلەر ئىشلىتىلمەيدۇ.

6) جۈپ سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەسلىك

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىككى تەركىبى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ ھەم ھەر ئىككى تەركىبكە ئومۇمى بولغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ جۈپلۈك ھاسىل قىلىشى ھەرگىزمۇ خالىغانچە بولمايدۇ. ئۇلار مۇئەييەن قانۇنىيەت ئاساسىدا بىرىكىدۇ ھەم ئايرىم

www.kitaphumar.com

تۇرغانـــدىكى مەنســـىدىن كەڭـــرەك مەنە ئىپادىلەيـــدۇ. ئەگەر ئـــۇلارنى خالىغـــانچە بىرىكتۈرگەندە، ئۇ تىلىمىزنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن، يەنە مەنە جەھەتتىمۇ توغرا، دەل بولىشى ناتايىن. بىز ئايرىم ھاللاردا ئۇيغۇر ئىبلانلىرى ئىچىدە جۈپ سۆزلەر مۇۋاپىق قوللىنىلمىغان ئەھۋاللارنىمۇ بايقاپ قالىمىز. مەسىلەن:

(24) ئىپسىمدە قىلىشچە، ئاپام سىيادان ماركىلىق سوپۇن بىلەن يۈز-قوللىرىمنى يۇيۇپ قويغاندا تېرىلىرىم سىلىقلىشىپ راھەتلىنىپ كېتەتتىم. (تېلېۋىزىيە ئىبلانىدىن)

(25) ئۆز پەرزەنتىڭىزنىڭ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ تاتلىق-چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئىنگىلىزچە راۋان سۆزلىشىنى خالامسىز؟ (ئىبلان ۋاراقچىسىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (24) تىكى «يۈز-قول» سۆزلىرى جۈپ سۆز ھاسىل قىلالمايدۇ. ئادەتتە تىلىمىزدا«يۈز-كۆز» دېگەن جۈپ سۆز ئىشلىتىلسە توغرا بولاتتى. مىسال (25) تىكى «تاتلىق-چۈچۈك» سۆزىمۇ تىلىمىزدا جۈپ سۆز ھاسىل قىلالمايدۇ. «چۈچۈك» سۆزى ئادەتتە تەم جەھەتتىن ئۆزىگە بىر قەدەر يېقىن كېلىدىغان «ئاچچىق» سۆزى بىلەن جۈپ سۆز ھاسىل قىلىدۇ. باللارنىڭ تىلى ئادەتتە «چۈچۈك تىل» دەپ تەسۋىرلەنسىلە كۇپايە. ئۇنىڭغا مەجبۇرى ھالدا جۈپ سۆز ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

## 2. جۈملە ئىشلىتىش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلەر

1) باش-ئاخىرى بىردەك بولماسلىق

بىر جۈملىدە ھامان مۇئەييەن بىر پىكىر ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇ پىكىر شۇ جۈملىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى بولىدۇ. بۇ مەركىزى ئىدىيە شۇ جۈملە ئارقىلىق باشقىلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئاساسى مەزمۇندۇر. جۈملە تۈزۈشكە قاتناشقان سۆزلەر بىر مەركىزى ئىدىيىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. مانا بۇ جۈملىنىڭ بىردەكلىكىدۇر. جۈملىنىڭ بېشىدا بىر خىل، ئاخىردا يەنە بىرخىل مەزمۇننى ئىپادىلەپ قويۇشى جۈملە مەركىزى ئىدىيىسىنىڭ توغرا، ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىبلاندا جۈملىلەرنىڭ بىردەك بولماسلىقى ئىبلان تىلىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئىستېمالچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ خاتا چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن:

www.kitaphumar.com

(26) دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان مىللىيچە ئۇسلۇپتا لاھىيەلەنگەن 177ـ212 كۋادرات مېتىرلىق، باغچا تۇسىنى ئالغان، ئىچقۇۋەتلىك چەتئەلچە ئۆيلەر سېتىلىدۇ.(گېزىت ئېلانىدىن)

(27) شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى كۆپ يىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە يانفۇننىڭ ئىقتىدار كۆزنىكى، ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش يوللاش، ئۇيغۇرچە قىسقا ئۇچۇر يوللاش ئىقتىدارى سىزگە شادلىق ئاتا قىلىدۇ. (گېزىت ئېلانىدىن)

(28) مەخسۇس ئۇيغۇر دوستلار ئۈچۈن قورۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەھەللىسى. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (26) دە جۈملىنىڭ باش قىسمىدا سېتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ «مىللىيچە ئۇسلۇپتا لاھىيەلەنگەن» لىكى تاپشۇرۇلغان. ئاخىرغا كەلگەندە بولسا، بۇ ئۆيلەر «چەتئەلچە ئۆي» دەپ سۈپەتلەنگەن. مىسال (27) دە جۈملىنىڭ بېشىدا بۇ يانفۇننىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر» ئۈچۈن لاھىيەلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان، ئاخىردا بولسا يەنە ئۇيغۇرچە يانفۇن دېيىلگەن. يەنە كېلىپ مەنە دائىرىسى بىر بىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى سۆز تەكىتلاش ئورنىغا قويۇپ قويۇلغان. مىسال (28) دە دەسلەپتە بۇ ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ «ئۇيغۇر دوستلار» ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، كەينىدىنلا «ئاز سانلىق مىللەتلەر مەھەللىسى» دەپ قويۇلغان.

دېمەك، يۇقىرقى مىساللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك جۈملىنىڭ باش قىسمىدا بىر خىل، ئاخىرقى قىسمىدا يەنە بىر خىل مەزمۇن ئوتتۇرغا چىقىرىلىپ، بۇ جۈملىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر بىر مەركىزى ئىدىيىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن نەتىجىدە جۈملىنىڭ بىردەكلىكى بۇزۇلغان. ئىپادىلىگەن پىكىر يا ئۇنىڭغا، يا بۇنىڭغا تەۋە بولمىغان بىر چۈۋالچاق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان.

2) ئىزچىل بولماسلىق

جۈملىنىڭ ئىزچىللىقى دېگەندە، ئۇ جۈملىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ماسلىشىشى-چانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىكى ئىزچىللىق ئوي-پىكىرنى تېخىمۇ توغرا ۋە ئېنىق ئىپادىلەشتىكى موھىم ۋاستە ھېساپلىنىدۇ. مۇرەككەپ جۈملىلەردە تارماق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ زىچ، مەزمۇنلىرىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەردىن بولۇشى بىر پۈتۈن جۈملىنىڭ ئىزچىللىقىنىڭ كاپالىتى ھېساپلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

جۈملىدە ئىزچىللىق بولماسلىق ئاساسلىقى جۈملىدە بىر ئوي-پىكىر ئاخىرلاشماي تۇرۇپ باشقا بىر مەزمۇننى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، جۈملىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىر-بىرىگە ماسلاشماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

(29) شىنجاڭ رۇخسار گىرىم بويۇملىرى چەكلىك شىركىتى 2001-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەر مىللەت ئىختىساس خادىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ يەرلىك كىلىماتى ۋە كىشىلەرنىڭ تېرە ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان، مىللىي تېبابەت نەزىرىيىسىدىكى تېرە ئاسراش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان رېتسىپقا ئاساسەن، مول ۋېتا-مىنلىق ئۆسۈملۈك جەۋھىرى ۋە تەبىئىي خۇشپۇراق ماتېرىياللارنى ئىلغار پەن تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا ئىشلەپ، سىزنىڭ بەدەن تېرىڭىزگە، شۇنىڭدەك ئىستېمال سەۋىيىڭىزگە ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك بىر يۈرۈش گىرىم بويۇملىرىنى بازارغا سالدى. (ژورنال ئېلانىدىن)

(30) بۇ شىركەت يېمەك-ئىچمەك پىشقلاپ ئىشلەش كەسپىگە 2 مىلىيون 300مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دۆلەتنىڭ سۈپەت ۋە تېخنىكا ئۆلچىمىگە يەتكەن، ئىزچىلار يۇرۇشلۇك مۇراببالىرى2001-يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە«ئەڭ داڭدار تاۋار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (ژورنال ئېلانىدىن)

(31) ئەسىر چوڭ بازىرى .... شەھىرنى يەنە بىر قېتىم گۈزەللەشتۈردى، ھازىرقى زامان بىناكارلىق ئۇسلۇبى، پۈتۈن رامكىلىق قۇرۇلما، ئىشكلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، سەپلىمىلىرى ئازادە، ئىناق، باياشاد تۇرمۇش رەڭدارلىقى جىپسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، سىزنى ساغلام ۋە ئىللىق بولغان ھەقىقىي سالاپەتكىزگە قايتۇرغۇسى. (ئېلان ۋاراقچىسى)

(32)نورمال ئادەمنىڭ پەقەت 32 تاللا چىشى بولىدۇ. بىراق بازارلاردا سېتىلىۋاتقان چىش پاستىسىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، زادى قايسىسىنى سېتىۋېلىش كېرەك.(ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (29) بىر قانچە تارماق جۈملىدىن تۈزۈلگەن كۆپ تەركىبلىك مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، تارماق جۈملىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىششى ياخشى بولمىغان. بولۇپمۇ 2-تارماق جۈملىدىن باشلاپ 5- تارماق جۈملىگىچە بولغان تارماق جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن بىر بىرىنى تولۇقلاپ كېلەلمىگەن. « شىنجاڭنىڭ يەرلىك كىلىماتى ۋە كىشىلەرنىڭ تېرە ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان، مىللىي تېبابەت نەزىرىيىسىدىكى تېرە ئاسراش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان

www.kitaphumar.com

رېتسىپقا ئاساسەن» دېگەن تارماق جۈملىلەر بىر-بىرىگە باغلاشمايدۇ. بىرى تېخى نىسپى مۇستەقىل بولغان ئۆي-پىكرنى ئىپادىلەپ بولالماستىنلا، يەنە بىر تارماق مەجبۇرى ئوتتۇرغا چىقىرىلغان. مىسال (30) دا 1-تارماق جۈملە تېخى تولۇق ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا باشقا مەزمۇنغا ئۆتۈپ كەتكەن. مىسال (31) دە بولسا جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىر-بىرىگە ماسلاشمىغان. «هازىرقى زامان بىناكارلىق ئۇسلۇبى، پۈتۈن رامكىلىق قۇرۇلما، ئىشىكلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش» دېگەن بىرىكمىلەر بىلەن« سەپلىمىلىرى ئازادە، ئىناق، باياشاد تۇرمۇش رەڭدارلىقى» دېگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىزچىللىقنى هاسىل قىلىدىغان ماسلىق، تۇتۇشلۇق، تەڭكەشلىكنىڭ بىرىنمۇ هازىرلىيالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخىردىكى تارماق جۈملىدە مەزمۇن جەهەتتە خاتالىق بار. بۇلارنىڭ هەممىسى بىرلىشىپ جۈملە ئىزچىللىقىنى بۇزۇپ تاشلىغان. مىسال (32) دىمۇ 1-تارماق جۈملە بىلەن 2-تارماق جۈملە بىر-بىرىگە ماس كەلمىگەن.

دېمەك، جۈملىدىكى ئىزچىللىقنىڭ بۇزۇلىشى ئىلان مەزمۇننىڭ نورمال يەتكۈزۈلىشىلا ئەمەس، بەلكى نورمال ئىپادىلىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر پارچە ئېلاندا بۇ خىل ئىزچىللىقى بولمىغان جۈملىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىلان مەزمۇنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا جۈملىدىكى ئىزچىللىقنى ساقلاش ئىلان تىلىدا ناهايىتى موهىم مەسىلەرنىڭ بىرى هېساپلىنىدۇ.

3) مۇجمەل بولۇش

بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى ئايرىم ئىلانلاردا ئىشلىتىلگەن بەزى جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدا زادى نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرىۋالغىلى بولماسلىقتىن ئىبارەت. مۇجمەل بولۇش ئاساسلىقى ئىلان سۆزىنى قالتىس تەسىرلىك ، جەلپ قىلارلىق قىلىمەن دەپ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان چۈشىنىكسىز ئىبارىلەرنى ئىلانغا مەجبۇرى كىرگۈزۈش، تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى هەددىدىن زىيادە يىراق بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

(33) ئەسىر چوڭ بازىرىنىڭ قۇرلۇشى ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان، خىش پارچىلىرى بىلەن تام يۈزىنى بېزەش هۈنەر-سەنئىتىنى قوللىنىپ، بوشلۇق بىلەن نۇر كۆلەڭگىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر نامايەن قىلىنغان، سەھنە دېكراتسىيەسى شەكلىدىكى بىناكارلىق تىلى شەكلىدە قوپۇرۇلماي، هازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ فۇنكسىيىلىقى ۋە دەۋر ئېڭى ئاساسىدا قوپۇرۇلغان بولۇپ، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ قايتا گۈللىنىشى قايتىلىنىپ، قويۇق مىللىي ئالاهىدىلىك ۋە رايون مەدەنىيىتى مەركەزلىك گەۋدىلەندۇرۇلدى.(ئىلان ۋاراقچىسىدىن)

www.kitaphumar.com

(34) رۇخسار يۈز سوپۇنى : رۇخسار چاچ ئاسراش، قوۋۋەتلەش، سىلىقلاشتۇرۇش، پارقىرتىشتىن باشقا يەنە ئاجايىپ خۇشپۇرىقى سىزنى ھەقىقى تۇرمۇش ئىستىكىگە باشلاپ كىرىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(35) ئۇدۇن سودا سارىيىدىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالسىڭىز سالاپىتىڭىزنى نامايەن قىلىدۇ. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

يۇقىرىقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (33) ئاساسى جەھەتتىن مەنىسى ئېنىقسىز ئابستراكت، چۈشىنىكسىز جۈملىلەر بىلەن تولغان. بۇ مىسالدىكى « خىش پارچىلىرى بىلەن تام يۈزىنى بېزەش ھۈنەر-سەنئىتى»،« سەھنە دىكراتسىيەسى شەكىلدىكى بىناكارلىق تىلى شەكلى» ،« ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ فۇنكسىيىلىقى ۋە دەۋر ئىپكىسى» ،« قەدىمىي يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ قايتا گۈللىنىشى قايتىلىنىپ» دېگەندەك ئىبارىلەردىن زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مىسال (34) تە زادى يۈز سوپۇنىنى تەشۋىق قىلىۋاتامدۇ ياكى چاچ سوپۇنىنىڭ تەشۋىق قىلىۋاتامدۇ؟ ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە« ئاجايىپ خۇشپۇرىقى سىزنى ھەقىقى تۇرمۇش ئىستىكىگە باشلاپ كىرىدۇ.» دېگەن ئىبارىنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بىلمەكمۇ قىيىن. مىسال (35) تە بىر سودا سارايىدىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش بىلەن سالاپەتنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟بۇ ئەقىلغە، شۇنداقلا لوگىكىغا قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر ئىش.

4) ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن بولۇش

ئۇزۇن جۈملە سۆز سانى كۆپ، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ھەجمى چوڭ، قاتلىمى كۆپ جۈملىدۇر. ئۇزۇن جۈملىلەردە ئېنىقلىغۇچى تەركىب كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شەيئىلەرنى ئېنىقكە، پۇختا ۋە ئەتراپلىق تەسۋىرلىگىلى، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇزۇن جۈملىلەردە ئوچايلا نوقسان كۆرىلىدۇ. ئۇيغۇر ئېلانلىرىنىڭ جۈملە ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ئاساسلىقى ئاددى جۈملە شەكلىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاددى جۈملىلەردە مەزمۇننى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا قاراپ تۈرۈپ ئاددى جۈملىلەرنىڭ كېڭەيتىلىپ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئاددى جۈملىلەردىكى بۇ خىل كېڭىيىش دەل جۈملىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇرەككەپ جۈملىلەردىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشىمۇ ئۇزۇن جۈملىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇيغۇرچە ئېلانلاردا بولۇپمۇ،

www.kitaphumar.com

گېزىت-ژورنال ئېلانى، ئېلان ۋاراقچىلىرىدا تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ زىيادە ئۇزۇن بولىشى، نۆۋەتتە جىددى تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن:

(36)كۈندىلىك تاماق مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئازايغان، تاماق يېسىمۇ، يىمىسىمۇ بولىدىغان ھالەتكە چۈشكەن، بۇرۇن ياخشى كۆرگەن تاماقلار ۋە سەي كۆكتاتلارغا ئەمدىلىكتە كۆڭلى تارتمايدىغان بولۇپ قالسا...

ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىمۇ ئۇخلىيالمىسا ياكى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كىتىپ قايتا ئۇخلىيالمىسا، قارا باسسا...

جىسمانى ئەمگەك قىلىدىغانلار كۆپرەك ئىشلىسىلا ھېرىپ قالسا، ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغانلار ئازىراق ئىشلىسىلا زىھنى قۇۋۋىتى يېتىشمەي، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان بولسا...

خىزمەت ياكى باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كېچە سائەت 12دىن كيىن ئۇخلايدىغان، كۈندىلىك ئوخلاش ۋاقتى 6 سائەتتىن ئاشمايدىغان بولسا...

45 ياشتىن بۇرۇن چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، ئەستە تۇتىشى كۆرىنەرلىك ئاجىزلاشقان، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا قورۇق چۈشۈپ، قاش-كىرپىكلىرى ئۇزىراپ كەتكەن بولسا...

..............................................

ھەر كۈنى كومپيۇتىر ياكى خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق مۇددەت ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئىشخانا خادىملىرى ۋە ئىنتېرنېت تور مەستانلىرىدا ماغدۇرسىزلىنىش، باش قىيىش، يۈرەك سىقىلىش، جىددىلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا...

كۆپ مىقداردا تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش داۋامىدا ئەرلەردە ئاجىزلاش، ئاياللاردا ھەيىز قالايمىقانلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە...

يۇقىرقىلار ئادەم ئورگانىزىملىرىنىڭ مەزگىلسىز ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بالدۇر قېرىش ھادىسىسىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ھەممەيلەننىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسى. (ژورنال ئېلانىدىن)

(37) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى-ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگىرسىدىكى، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى قەشقەر شەھرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنوم رايۇنىدىكى، بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تارىخى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرنىڭ

www.kitaphumar.com

شەرقى قىسمىدىكى تۇمەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تولۇق كۇرۇسلۇق ئالىي مەكتەپتۇر. (ئىبلان ۋاراقچىسىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (36) بىر قانچە تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، مەزكۇر جۈملىنىڭ تارماقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، جۈملە بېشىنى ئوقۇپ ئاخىرغا كەلگىچە نىمە دېمەكچى بولغانلىقنى ئۇنتۇپ قالغىدەك دەرىجىدە ئۇزىراپ كەتكەن. ھەمدە ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن تارماق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى ئەسلىدىكى مەركىزى ئىدىيەدىن زور دەرىجىدە چەتنەپ كەتكەن. ئالايلى« خىزمەت ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچە سائەت 12دىن كېيىن ئۇخلايدىغان، كۈندىلىك ئوخلاش ۋاقتى 6 سائەتتىن ئاشمايدىغان بولسا، ھەر كۈنى كومپيوتىر ياكى خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق مۇددەت ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئىشخانا خادىملىرى ۋە ئىنتېرنېت تور مەستانىلىرىدا ماغدۇرسىزلىنىش، باش قىيىش، يۈرەك سىقىلىش، جىددىيلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا،كۆپ مىقداردا تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش داۋامىدا ئەرلەردە ئاجىزلاش، ئاياللاردا ھەيز قالايمىقانلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە» دېگەن بايانلارنىڭ بالدۇر قېرىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى نورمالسىزلىقلار بالدۇر قېرىشتىن ئەمەس، بەلكى خىزمەت، تور، ھاراق، تاماكا دېگەندەكلەرگە زىيادە بېرىلىشنىڭ مەھسۇلىلا خالاس. مىسال (37) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى بولۇپ، مەزكۇر مەكتەپنىڭ قانداق مەكتەپ ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغان. ئەمما ئىنىقلىغۇچىلار ۋە ئىزاھلىغۇچىلار زىيادە ئىشلەتكەچكە، جۈملە ئۇزىراپ غەلىتە تۈسكە كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ بىلەن خەۋەرنىڭ ئارلىقمۇ يىراقلاپ كەتكەن.

ئېلان ئىخچاملىقنى تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت. جۈملىلەرنىڭ ئۇزۇن بولىشى، قارىماققا كۆپ ئۇچۇرنى يەتكۈزگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما مەركىزى ئىدىيىدىن ئوڭايلا چەتنەپ كېتىدىغان، موھىم مەسىلىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدىغان، خاتالىقلار كۆپ كۆرۈلىدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ئىشلىتىلگەن جۈملىلەرگە قارايدىغان بولساق، بەزىدە بىر پارچە ئېلاننىڭ پەقەت بىر جۈملە بىلەنلا يېزىلغانلىقنى بايقايمىز. بۇ خىلدىكى جۈملىلەر ئېلاننىڭ ئوقۇشچانلىقنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئېلاندا ئامال بار قىسقا، ئىخچام جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

5) جۈملە بۆلەكلىرى كەم ياكى ئورنى مۇۋاپىق بولماسلىق

www.kitaphumar.com

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىقى ۋە ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىمۇ جۈملە مەزمۇنىنىڭ مۈككەممەل يەتكۈزۈلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان يەنە بىر ئامىللارنىڭ بىرى.

مەسىلەن:

(38) ياڭاق مېغىزىنىڭ مىقدارى ماتاڭ تەركىبىدە80% نى ئىگەللەيدۇ.(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(39) بۇ زاۋۇت(ئىزچىلار مۇرابىا ئىشلەش زاۋۇتى) يىشىللىقا پۈركەنگەن شەھىرىمىزنىڭ موھىتى گۈزەل ئورۇنغا جايلاشقان. (ژورنال ئېلانىدىن)

(40) يۇمشاق دېتاللىرىدىكى يېڭى چولپان- ئۇيغۇر سوفت ئەل كاتىپ.(ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقى مىساللارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (38) ۋە(39) لاردا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق بولمىغان. مىسال (38) « ماتاڭ تەركىبىدىكى ياڭاق مېغىزىنىڭ مىقدارى80% نى ئىگەللەيدۇ» شەكلىدە، مىسال (39) « بۇ زاۋۇت شەھىرىمىزنىڭ يىشىللىقا پۈركەنگەن، موھىتى گۈزەل ئورۇنغا جايلاشقان» شەكلىدە كەلگەن بولسا مۇۋاپىق بولاتتى. ھەر ئىككى جۈملىدا ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق بولمىغان. مىسال (40) تا ئېنىقلىغۇچى تولۇق بولمىغان، شۇڭا مەزمۇندا ئازراق كەمتۈكلۈك ھادىسىسى مەۋجۇت. ئەسلىدە« يۇمشاق دېتاللىرى ساھەسىدىكى يېڭى چولپان- ئۇيغۇر سوفت ئەل كاتىپ» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلەنسە تولۇق بولاتتى.

6) قويۇلغان ماۋزۇ بىلەن جۈملىنىڭ مەزمۇنى ماس كەلمەسلىك

بۇنىڭدا ئېلاننىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان تېما بىلەن ئېلان تېكىستىدە ئىشلەتكەن جۈملىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ماسلاشماسلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسىلەن:

(41) شىركىتىمىز بۇ كىتابنى ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈپ، تۆت ئاي ئىچىدە ئورۇۋقلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى مۇۋاپىقيەتلىك ھالدا ئورۇۋقلاش مەقسىتىگە يەتكۈزدى. (ژورنال ئېلانىدىن)

(42) مىللى كىيىم-كېچەك تەتقىقات لاھىيەلەش مەركىزى شىنجاڭ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(43) باللارنى ئاقىللاردىن قىلىپ تەربىيەلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا-ئانىلار مەكتىپىمىز بىلەن ئالاقە قىلىڭ. (ژورنال ئېلانىدىن)

www.kitaphumar.com

يۇقىرقى مىساللارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (41) «16 كۈندە ئورۇۋقلاشنىڭ ئېپى» ناملىق كىتاپنىڭ ئېلانى بولۇپ، ئېلان ماۋزۇسى «16 كۈندە ئورۇۋقلاش چۈش ئەمەس» دەپ قويۇلغان. ئەمما يۇقىردا كۆرسەتكەن جۈملىدە 16 كۈندە ئورۇۋقلىتىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كىتاب بىردىنلا 4 ئايدا كىشىلەرنى« ئورۇۋقلاش مەقسىتىگە يەتكۈزگەن». مىسال (42)، (43) لەرنىڭ ماۋزۇسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا «كىيىم-كېچەك لوڭقىسى» ۋە «ئاقللار سىنىپى لوڭقىسى» دەپ قويۇلغان. بۇ ماۋزۇنى ئوقۇغان كىشى بۇ ئېلاننىڭ بىرەر مۇسابىقە ئېلانى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما بۇ ئېلانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىدۇر.

ماۋزۇ بىلەن جۈملە مەزمۇنلىرىنىڭ بىردەك بولماسلىقى بەلكى ئېلاننىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ھەم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ ماۋزۇ بىلەن جۈملە مەزمۇنىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش زۆرۈر.

### 3. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش جەھەتتىكى مەسىلىلەر

ئېلاندا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئېلان تىلىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، مەھسۇلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق، دەل جايىدا پايدىلىنىلسا ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئېلاننىڭ تەشۋىقات ئۈنۈمىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئېلانلىرى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىۋاستە ئىپادىلەشتىن ۋاستىلىك ۋە سەنئەتلىك ئىپادىلەشكە ئۆتۈش جەريانىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئەمما بەزى چاغلاردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن جايىدا پايدىلىنالماسلىق سەۋەبىدىن، ئېلان ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ئوخشىتىش جايىدا بولماسلىق

ئوخشىتىش ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ۋە ئىپادىلەش ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر ئېلانلىرىدىكى ئوخشىتىشتىن مۇۋاپىق پايدىلىنالماسلىق ئاساسلىقى، ئوخشىغۇچىلارنىڭ مۇجمەل،

ئابستراكت بولىشى ياكى ئوخشاشلىق نوقتىسى بولماسلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

(44) سىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن «ئىپار»نىڭ بىر-بىرىدىن ئۇتۇقلۇق بىسلىشۋاتقان قەدەم ئىزلىرىنىڭ گۈل توچكىلىرىنى كۆرەلەيسىز.(ژورنال ئىبلانىدىن)

(45) دىلچىن قەلبلەرنى لەرزىگە سالغۇچى مۇزىكا، كىرپىكلەردە دولقۇنلاپ ئاقىدىغان دەريا.(تېلېۋىزىيە ئېلانىدىن)

(46)يېڭى يىمەكلىكلەر پەرىشتىسى- سەبۇر مېغىز جەۋھىرى. (گېزىت ئېلانىدىن)

(47) مەن ياشلىق چېچەكلىرىنىڭ جىلۋىسىنى ساقلاش ئۈچۈن، مەھلىيا گىرىم بويۇملىرىنى ئۆزۈمگە ھەمرا قىلىمەن. (تېلېۋىزىيە ئېلانىدىن)

(48) شىنجاڭ ئىپار بىئو-تېخنىكولگىيىسى تەرەقىيات شىركىتىنىڭ بارلىق ئايالللارغا سۇنغان بەخت رەڭلىك گۈل سوۋغىتى- ئايچېچەك تابلىتكىسى. (ژورنال ئىبلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (44) ۋە (48) لەردىكى تاللىۋېلىنغان ئوخشىغۇچىلار زىيادە مۇجمەل ۋە ئابستراكت بولۇپ، بىر قاراش بىلەن ئۇلارنىڭ زادى قانداق شەيئى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلا شەيئى كونكرېت شەيئى بولماستىن، ئابستراكت ئوقۇم بولۇپ قالغان. مىسال (45)تە « دىلچىن لاكى» ئۆزى بىلەن قىلچىمۇ ئوخشاشلىقى يوق شەيئى ۋە ھەركەتلەر بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەن. مىسال (46) دا مېغىز جەۋھىرى «پەرىشتە» گە تەڭلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئوخشىغۇچىمۇ ئابستراكت بولغانلىقى ئۈستىگە، جايىغا چۈشمىگەن. مىسال (47) تە «ياشلىق» «چېچەك»كە تەڭلەشتۈرۈلگەن. تىل ئادىتىمىزدە «ياشلىق» چېچەككە ئەمەس، «گۈل» گە تەڭلەشتۈرۈلىدۇ.

2) مۇبالىغىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش

مۇبالىغە ئېلان تىلىدا دائىم قوللىنىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلانغاندا، ياخشى ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئېلاندا ئىشلىتىلگەن مۇبالىغە بىلەن باشقا ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن مۇبالىغە مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. يەنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن زىيادە يىراقلاپ كېتىشى چەتكە قاقىدۇ. چۈنكى، ئېلاندا مەھسۇلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىقتىدارى، ئۈنۈملۈكلىك مۇددىتى قاتارلىق تەرەپلەر زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلسە، مەھسۇلاتنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا ئېلاندا مۇبالىغىدىن پايدىلانغاندا، جەزمەن ئۇنى مۇئەييەن چەكتە كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ئايرىم

www.kitaphumar.com

هـاللاردا ئـۆز مەھسـۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىـدار، ئالاھىـدىلىكلىرىنى ئەمەلىيەتتـىن چىقىـش قىلماستىن، زىيادە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن:

(48)… كەچتە تاماق يېمەسلىك ۋە تاماق مىقدارىنى ئازايتىشنىڭ ئازابىنى تارتمايدۇ. ئەكسىچە، نورمال بەدەن ئېغىرلىقىغا، پىگورا گـۈزەللىكىگە، ھۆسـۈن-چىرايغا ئىـگە بولىـدۇ. ئۆزىنى 10 ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(49) ياشـنار سـاغلاملىق جەۋھـىرى ئالىقات، پىچەككۈل قاتـارلىق تەبىئـى دورىلىـق ئۆسـۈملۈكلەردىن ئىشـلەنگەن بولـۇپ، بەدەنىنـىڭ ئىمۇنىتـېت كـۈچىنى ئاشـۇرۇپ، بالـدۇر قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياشلىق باھارىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇرمۇشىڭىزغا شادلىق، ئائىلىڭىزگە بەخت ئاتا قىلىدۇ.  (ژورنال ئېلانىدىن)

(50) ھوي، دوستۇم نەچچە كۈن ئىچىدىلا زىلۋالىشىپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— تېنچ ئوكيـان ھۆسـۈن تـۈزەش، داۋالاش مەركـىزى چەتئەلـدىن بەدەنـدىكى مايىنى تارتىــپ ئورۇقلىتىشــقان ئۈســكۈنىنى كىرگۈزۈپتــۇ، بــەختەر ھەم ئۈنۈملــۈك ئىــكەن، بەدىنىڭىزنىڭ خالىغان يېرىنى ئورۇقلىتالايدىكەنسىز.  (رادىئو ئېلانىدىن)

(51)ئەلمىساقتىن لوپنۇر قويىنـدا ياشـاپ كەلگـەن ئەقىـل-پاراسـەتلىك، ئەمگەكچان، جەسۇر لوپنـۇر خەلقى بۇنىڭـدىن 200 مىـڭ يىلـلار ئىلگـىرى لوپنـۇر خەلقىنـىڭ بىردىنبىـر يەرلىـك مەھسـۇلاتى لوپنـۇر مـىراس تـوقچىنى ئىجـاد قىلىـپ ئىسـتىمال قىلغان.  (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(52) چېچىڭىزنى رەڭگارەڭ گۈزەللىك ئالىمىگە ھـازىرلا باشـلىغۇچى مەھلىيا.(رادىئـو ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايـدىغان بولسـاق، مىسـال (48) دە «شـىنجاڭ ئورۇقلاشـقا يـېتەكلەش مەركـىزى»دە ئورۇقلاش ئۇسۇللىرىنى ئـۆگىنىش ئـارقىلىق ئـورۇقلاش مەقسـىتىگە يەتكىلـى بولىدىغانلىقى ھەممە ئورۇقلىغۇچى كىشىنىڭ ئۆزىنى 10 يـاش ياشـىرىپ قالغانـدەك ھـېس قىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئادەم مەيلى ھەر قانچە سىمىز بولسۇن، ئورۇقلاش ئارقىلىق پەقەت بەدەن شەكلىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ 10 يـاش ياشـىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. مىسال (49) دا «ياشنار ساغلاملىق جەۋھـىرى» نـىڭ ئىقتىـدارى زىيـادە ئاشـۇرلۇپ كىشـلەرنىڭ ياشـلىق دەۋرىنـى ئەسـلىگە كەلتۈرەلەيـدىغان دەرىجىگە كۆتىرىلگەن. بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن يىراقلا يـىراقلاپ كەتـكەن مۇبالىغىدۇر. مىسال (50) تە سـەمىرىپ كەتـكەن بىـر ئادەمنىـڭ نەچچە كـۈن ئىچىـدىلا زىلۋالىشـىپ كېتىشـى مۇمكىن بولمايدىغان ھەم كىشلەر ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان بىر ئىش. مىسال (51) تە

www.kitaphumar.com

لوپنۇر مىراس توقاچلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ھېچقانداق تارىخى ئاساس يوق تۇرۇپلا 200 مىڭ يىللىغا چىقىرۋېتىلگەن. مىسال (52) تە «مەھلىيا چاچ بويىقى» نىڭ چاچنى گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئۈنۈمدارلىقى زىيادە ئاشۇرۋېتىلگەن. يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى چېكى بولۇش پرىنسىپىغا يات ھالدا كۆپتۈرۈلگەن مۇبالىغىلەردۇر. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن مۇبالىغىلەر ئېلاننى يالغان سۆزلەر بىلەن تولغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا مۇبالىغىنى كىشىلەر ئەقلىگە سىغدۇرالايدىغان، بىر قاراپلا ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرۇلغانلىقىنى بىلەلەيدىغان دەرىجىدە قىلىپ ئوتتۇرغا چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

3)ئوشۇقچە تەكرارلاشقا يول قويۇش

تەكرارلاش پەقەت مەزمۇننى، ئىنتوناتسىيەنى كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. تەكرارلاشنى قوللانغان ۋاقىتتا قايسى سۆزنى، قايسى جايدا، قانچە قېتىم تەكرارلايمىز دېگەن مەسىلىلەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۋېلىشىمىز لازىم. بولمىسا ئېلاندىكى ئارتۇقچە، زۆرۈرىيەتسىز تەكرارلاش ئېلان تىلىنى زىرىكىشلىك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. تەكرارلاش خۇددى ئوخشىتىش ۋە مۇبالىغىلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلغان، تۈرلىرى تولۇق ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەمما ئايرىم ھاللاردا بۇ خىل ۋاستىنى جايىدا قوللىنالمىغانلىقتىن ئېلان تىلى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

مەسىلەن:

(53) (قېرىنداش ئائىلە مۇلازىمەت مەركىزى) ئۆز قېرىندىشىغا بولغان سەممىي-سادىقلىقى، ئالىي مۇلازىمىتى ۋە پاك ۋىجدانى بىلەن يۇغۇرۇلغان قېرىنداشلىق مېھرى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنى رازى قىلىدۇ. قېرىندىشىڭىزغا ئىشىنىڭ، قېرىندىشىڭىزغا پۇرسەت بېرىپ سىناپ كۆرۈڭ، قېرىندىشىڭىز ھەر ۋاقىت يېنىڭىزدا. (ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

(54) ئىستىمالچىلارنىڭ ساغلاملىق ئېڭى بارغانسىرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان، يېمەك-ئىچمەك كەسپىگە ھەممە ئادەم ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بولۇپمۇ كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەر بىلەن ئۇزۇقلىنىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىزچىلار يۇرۇشلۇك مۇرابباللىرى دورىلىق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇن ئالغۇسى. (ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (53)تە «قېرىنداش» سۆزى بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئىچىدىلا زۆرۈرىيەتسىز ھالدا 6 قېتىم تەكرارلانغان. مىسال (54) تە بولسا

«بۇگۈنكى كۈنـدە» دېگەن بىرىكمە كېيىنكى قېتىمـدا ئـارتۇقتىن ئـارتۇق تەكرارلانغان. ئالدىنقىسىدا مەزكۇر ئورۇننىڭ نامىنى تەكىتلەپ كۆرسەتمەكچى بولغان ئەمما بەك كـۆپ تەكرارلىنۋەتكەن. كېيىنكىسىدە بولسا تەكىتلەشكە تېگىشلىك بولمىغان بىرىكمە مەجبۇرى تەكـرارلاپ قويۇلغـان. يۇقىرقىـدەك تەكـرارلاش ئىبلانىدىكى ئوشـۇق سـۆزلۈكنى كەلتـۈرۈپ چىقىردىغان ئاساسلىق سەۋەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

4) ئىپفىمىزىمىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانماسلىق

ئىپفىمىزىم پىكرنـى ئـۇدۇللا ئىپتىماي، سـىپايىلىك بـىلەن مۇلايىملاشـتۇرۇپ ئىپـتىش ئۇسۇلىدۇر.

ئـۇ كىشـىلەر ئاڭلىسا بىئـارام بولىـدىغان ئىشـلار، كىشـىلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىـك نوقسانلىرى ئۈستىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە؛ بەزى ئىشلارنى ئۇدۇللا دىيسە كىشىلەر ئوڭاي قوبۇل قىلالمايدىغان ئەھۋالدا؛ ئۆزىنى كەمتەر تۇتـۇپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشـكە تـوغرا كەلگەنـدە؛ تەنتەنىلىـك سـورۇن ۋە دىپلوماتىيە سـورۇنلىرىدا مەقسەتنى يۇمشـىتىپ ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە قوللىنىلىدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

ھەممىمىزگە مەلۇم ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا كىشـىلەر بىۋاسـتە تىلغا ئـېلىش، ئاتـاش چەكلەنـگەن يـاكى بـىئەپ بولغـان؛ ئـالاقە جەريانىـدا ھىسـيات ئالماشتۇرۇشـقا قولايسىزلىق كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدىغان بەزى سـۆزلەر بولىـدۇ. بـۇ خىـل سـۆزلەر شـۇ تىلنى قوللانغـۇچى كىشـىلەر تەرىپىـدىن ھەرخىـل يـوللار ئـارقىلىق سـىلىقلىنىپ ئالاقىنىـڭ نورماللىقىنى ساقلىنىدۇ.

ئىبلانغا نىسبەتەن ئېيتقانـدا، مەھسۇلاتلارنىڭ ئالاھىـدىلىكى، ئىقتىدارى، پايـدىلىق تەرىپى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلغانـدا، ئامال بـار قوبـۇل قىلغـۇچى ئوبىكتلارنىـڭ تىلىـدا چەكلەنـگەن، ئوڭـاي تىلغا ئېلىنمايـدىغان سـۆز-جـۈملىلەرنى ئىشلىتىشـتىن سـاقلىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا ئىبلانـدىن بـىزار بولـۇش كەيپىياتىنىـڭ شەكىللىنىشى، دەل بەزى ئىبلانلاردا يۇمشىتىپ ئىپادىلەشكە تېگىشلىك تەرەپلەرنى ئۇدۇللا ئىپادىلەپ قويۇش بـىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن:

(54) كۆكرەك ئايالنىسى چوڭ ئايالالارغا نىسبەتەن ساڭگىلاپ كەتكەن ئەمچەكنى توغرا ئورۇنغا قايتۇرۇپ كېلىپ، قايتا ساڭگىلاپ كەتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئايالالارنىڭ خاس كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئەگرى سىزىقلىرىنى چىقىرىدۇ.(ژورنال ئىبلانىدىن)

www.kitaphumar.com

(55) يىغىدىن بازارغا سېلىنغان «قەلبداش» ماركىلىق ھەيىز قەغىزى بىلەن تەگلىك قەغىزى خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ تەلەپ ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

(56) ئەر: خوتۇن، ھېيتنىڭ تەييارلىقى قانداقراق؟

ئايال: ھەي نېمىسىنى دەيلا، داستىخانغا شۇنچە نەرسىلەرنى ئالدىم، يەنىلا بىر نەرسە كەمدەك.

ئەر: رادىئودا ئېلاننى بىرىۋاتقان ئوغۇز شىركىتىنىڭ پەشمەتلىرىدىن ئالغانسىلەر؟ (رادىئو ئېلانىدىن)

(57) ياشنار ساغلاملىق جەۋھىرى ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار ئورگانىزىملىرىنىڭ ئىمۇنىتىت كۈچى ئاجىزلاش، بالدۇر قېرىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، ماغدۇرسىزلىنىش، كۆز تورلىشىش، جىنسى ئىقتىدار ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (ژورنال ئېلانىدىن)

يۇقىرقىلارغا قارايدىغان بولساق، مىسال (54) تە «چىن گۈزەل» بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش كىيىمىنىڭ ئىقتىدارى ئىنتايىن قوپال كىشىلەر بىۋاستە تىلغا ئېلىشقا ئەيمىنىدىغان سۆزلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مىسال (55) تە ئاياللار ئىشلىتىدىغان قەغەز ئۇچۇق-ئاشكارا ھالدا «ھەيىز قەغىزى» دەپلا ئېلىنغان. ئۇنى «تازىلىق قەغىزى» دەپلا ئاتىسىلا كۇپايە ئىدى. ئۇ دەرىجىدە ئېنىق ئېيتمىسىمۇ، ئېلاندىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ شۇنداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش تامامەن مومكىن. مىسال (56) دە ئەر بىۋاستە ھالدا ئۆز ئايالىنى «خوتۇن» دەپلا چاقىرىدۇ. ئادەتتە تىل ئادىتىمىز بويىچە ئەرلەر ئۆز ئايالىنى بىۋاستە چاقىرمايدۇ، كۆپىنچە «ئاپىسى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن چاقىرىدۇ. قارىماققا مەزكۇر ئېلاندىكى دىئالوگ ئىككىلا ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئېلان ئاممىۋى ۋاستىلەر ئارقىلىق تارقىلىپ ھەممە كىشى ئاڭلايدىغان نەرسە بولغاچقا، قوبۇل قىلغۇچىلارغا بىر خىل قوپال تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. مىسال (57)دە «ياشنار ساغلاملىق جەۋھىرى» نىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىق تەرەپلىرى سۆزلەپ كېلىنىپ ئاخىردا «جىنسى ئىقتىدار ئاجىزلاش» دېگەن قوپال بىرىكمە ئوتتۇرغا چىقىرىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنى تىلغا ئالمايمۇ مەزكۇر مەھسۇلاتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش تامامەن مومكىن.

ئېلانلاردىكى بۇنداق زىيادە ئۇچۇق-ئاشكارىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام بولۇش پىرىنسىپىغىمۇ خىلاپ، شۇڭا ئېلاندا سىلىقلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك جايلار

www.kitaphumar.com

بولسا ئامال بار سىلىقلاشتۇرۇش، سىلىقلاشتۇرۇشقا بولمىسا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

5) تەقلىدنى جايىدا تەقلىد قىلالماسلىق

تەقلىد ئادەتتە ئېيلان ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن تەييار تىل ماتېرىياللار ئاساسىدا شۇ ماتېرىياللارنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئېيلان تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. ئېيلان تىلىدىكى تەقلىد كۆپىنچە ئېيلان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ خالىغانچە قوللىنىشقا بولىدىغان ۋاستە ئەمەس. ئۇ جەزمەن ئېيلاننىڭ تەشۋىقات مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندا ئېيلاننى بىمەنە بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

(58)ئۇمۇ دېدۇ ئەڭ ياخشى تورخانا تىتانىك،
بۇمۇ دېدۇ ئەڭ ياخشى تورخانا تىتانىك.
باشقا تورخانىغا ئۆزەڭ بار، ئۇينا ئۆزەڭ ئال،
مەن بارىمەن ئەڭ ياخشى تورخانا تىتانىك.
(ئېلان ۋاراقچىسىدىن)

يېقىندىن بېچلىغان "تىتانىك تورخانىسى"نىڭ بۇ ئېلانىدا تەقلىد ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ (ئىخلاس مىنىڭ پىرەنكىم ناملىق ئېلاننىڭ تېكىستىگە تەقلىد قىلىنغان) مەزكۇر تورخانىنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغان. ئەمما بۇ ئېلاننى تېتىقسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلانىدىن رۇخسەتسىز پايدىلىنىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنۇمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن ئېلاندۇر.

## 4. ساقلىنىۋاتقان مەسىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت يوللىرى

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر ئېلانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلەرنى ۋە نوقسانلارنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەلۋەتتە بىز ئارىمىزدا تارقىلىپ يۈرگەن ئېلانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلاردا ئۇچۇقلۇق تەرەپلەرنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن

www.kitaphumar.com

يېتەرسىز تەرەپلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بايقايمىز. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى نوقسانلارنىڭ ساقلىنىشى نورمال ئەھۋال.

ئۇيغۇر ئېلانچىلىقى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، تېخى ئەمدىلا گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىۋاتقان بىر كەسىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يالغۇز تىل جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى باشقا جەھەتلەردىمۇ تۈزىتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر بار. تىل جەھەتتىكى نوقسانلار پەقەت بۇ يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بىر قىسمىلا خالاس. ئەمما خاتالىق بولغان ئىكەن كىچىك بولسىمۇ تۈزىتىش كېرەك. ئۇلارغا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، بىلىپ تۇرۇپ شۇ كەسىپنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلىتىش دېگەنلىكتۇر. نۆۋەتتە بەزى كىشىلىرىمىزدە ئېلاندا ساقلانغان قىسمەن كەمچىلىكلەرنى تۇتىۋېلىپ ئۇنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋېتىدىغان خاھىشلار مەۋجۇت. ئۇيغۇرلاردا مىللى كارخانىچىلار بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقان، مىللى سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ بولغان، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كۈنسېرى تېخىمۇ زۆرۈر بولىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە ئۇيغۇرلار ھەققەتەن ئېلاندىن ئىبارەت ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىسىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق بىر كىشى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. بىز پەقەت ئېلانچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى «بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ» بىرلىكتە كۆرسەتكەن، تۈزەتكەن ۋاقتىمىزدىلا، ئېلانچىلىقىمىزنى ئاندىن ساغلام تەرەققىيات يولىغا باشلاپ بارالايمىز. ئۇيغۇر ئېلانلىرىدىكى تىل جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. بۇلارنى تۈزىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل يولى بار:

1) ئەڭ ئالدى بىلەن كۆز قاراشنى توغرىلاپ، ئېلانغا بولغان ئىنكار قىلىش خاھىشىنى يوقىتىش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئېلانلارنىڭ تىل جەھەتتىكى سۈپىتى، ساغلام ياكى ئەمەسلىكىگە بولغان باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم.

ئېلان ئېلان شىركەتلىرى، تېلېۋىزىيە، رادىئو ئىستانسىلىرى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىشلىنىپ ئېلان ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە تارقىتىلىدۇ. تارقالغان ئېلانلار سودا-سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۆلەت ئېلانلارنىڭ تىل-يېزىقىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە مەخسۇس قانۇن، بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ ئۇلارنى نازارەت قىلىشنى قانۇنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ ۋە قوغداپ تۇرىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان تىل-يېزىقنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىنىڭ 1- ماددىسىدا« ئېلان تىل-يېزىقىنىڭ ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېلاندىكى تىل-يېزىقنىڭ ئېنىق، مۇككەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىستېمالچىلارنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى»، 4- ماددىسىدا « ئېلاندا ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ساغلام بولمىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك»، 11-ماددىسىدا «ئېلاندا ئىشلىتىلگەن تۇراقلىق بىرىكمىلەر جەزمەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، خاتا ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىپ جەمىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلماسلىقى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى دۆلەتنىڭ ئېلان تىل-يېزىقىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدىكى تەلەپلىرى ناھايىتى ئېنىق. ئەمدى قالغان گەپ مۇشۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان قانۇنى ھوقۇقلۇق ئورگانلاردا قالدى دىگەن گەپ. ئەگەر جەمىيەتتە تارقىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئېلاننىڭ تىلى يۇقىرقى بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق نازارەت قىلىنىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ھەر خىل ۋاستىلەردە ئۇچۇق-ئاشكارە تارقىتىلسا، تىل جەھەتتىكى نوقسانلارنىڭ ھەل بولۇشىدا گەپ يوق.

2) ئېلان ئىجادىيەتچىلىرى ئېلانغا مۇناسىۋەتلىك كەسپى بىلىملەرنى ئىگەللەش بىلەن بىرگە يەنە تىل-يېزىق جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىش لازىم.

ئېلان ئىجادىيەتچىسى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاۋۋال جەزمەن ئېلاننىڭ نىشانى، قايسى ساھەلەرگە چېتىلىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىللەرنى ياخشى ئىگەللىشى لازىم. ئالايلۇق، مەلۇم بىر يېڭى مەھسۇلات تەشۋىق قىلىنىغان بىر پارچە ئېلاننى يېزىشتىن بۇرۇن مەھسۇلاتنىڭ تارىخى، مەھسۇلاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارى، كىشىلەرگە ماس كېلىش ئەھۋالى، بازاردىكى سېتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ياخشى ئىگەللەش لازىم. مۇشۇ ئاساستا ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىمۇ ياخشى ئىگەللەش لازىم. تىل بىلەن تەربىيلىنىش جەھەتتە ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە دىققەت قىلىش لازىم.

(1) سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە، سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىلىرى ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرى، ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلىرى، قوشۇمچە تۈسلىرى، ئۆز-ئارا باغلىنىش مۇناسىۋىتى، قانداق كونتېكىستلارغا ماس كېلىشى، مۇزىكىدارلىقىقا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى،

www.kitaphumar.com

مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرى، ئىشلىتىلىش ئورنى، قارمۇ- قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ زىت تەرەپلىرى ۋە جۈپلەنمىلىرى، تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ قوللىنىلىش پرىنسىپلىرى ۋە ماس كېلىش ئوبيېكتلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى ياخشى ئىگەللەش لازىم.

(2) جۈملە ئىشلىتىش جەھەتتە، جۈملە شەكىللىرىنى ياخشى ئىگەللەش بىلەن بىرگە ئۇلارنى مەزمۇنغا قانداق ماسلاشتۇرۇشقا، ئاددى مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا، بۇيرۇق ۋە سوئال جۈملىلەردىن قايسىنى ئىشلىتىش قانداق جايدا ئىشلىتىشكە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىردەك، ئىزچىل، باش-ئاخىرى ماسلاشقان، ئىنتوناتسىيەنىڭ توغرا، ئېنىق، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(3) ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش جەھەتتە، ۋاستىلەرنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، ھاسىل قىلىدىغان ئۈنۈمى، ماس كېلىدىغان ژانىرلىرى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىگەللەش. ۋاستىلەرنى سۆز ئويىنىتىش، ئېلان سۆزنى ھەيۋەتلىك قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىقتىدارى، مۇلازىمەتنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى چىقىش قىلىش لازىم.

3) ئۇيغۇر ئېلانلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى مەسىلىرىنى ھەل قىلىشتا يالغۇز ئېلان ۋە تىلغا ئائىت بىلىملەرنى ئىگەللاشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئېلان ئوبيېكتى بولغان ئىستېمالچىلار، ئۇلار تۇرىۋاتقان ئىجتىمائى ۋە تەبىئى موھىت-شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگەللەشمۇ ناھايىتى موھىم.

بۇنىڭدا ئالدىنقىلىرى ئېلان تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىللىرى بولسا، كېيىنكىلىرى تاشقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىللىرى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئېلان مەلۇم بىر تىلدا مۇئەييەن ماكان ۋە زامان دائىرىسى ئىچىدە، مۇئەييەن ئىجتىمائىي كوللىكتىپنىڭ ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئىجتىمائى كوللىكتىپ ياشاۋاتقان ئىجتىمائى ۋە تەبىئى موھىت، ئۇلارنىڭ تارىخ، ئۆرپ- ئادەت، ئەخلاق-پەزىلەت، مىجەز-خاراكتېر، مىللىي پىسخىكا، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ناۋادا بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرگە سەل قارالسا ئېلان ئۆزى تەشۋىق قىلماقچى بولغان ئوبيېكتتىن يىراقلاپ كېتىدۇ-دە، كىشىلەرنىڭ بىزارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن خېلى كۆپ ئېلانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىلىرى (ئېھسان مايلىرى ئېلانى)، ئاتا-ئانا، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئائىلىگە كۆيۈنۈش، مۇھەببەتنى قەدىرلەش، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئوخشاش ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرى

( ئىخلاس چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنى، ئارمان چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنى، ئارمان قەدىردان قۇۋۋەت تالقىنى، ئىخلاسمەن چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنى، يىلىم چاچ يۇيۇش سۇيۇقلىقى، گۈزەل ماركىلىق سوپۇن پاراشوكى ئېلانلىرى) مېھماندوست، خۇشچاقچاق، مېھنەتكەش، جاپا چىدايدىغان خاراكتېرى ( زەرەپشان چېيى، ئىزچىلار مۇراببابسى، تۇرنا تەييار چۆپى، ئىخلاس كەمپۇتلىرى ئېلانلىرى)، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ئېسىل جەۋھەرلەر( خانىخان خېنىسى، خانزاد يىپەكلىرى، چىن نۇرى لەۋ سۇرىقى ئېلانلىرى) ھېيت- بايرام، توي- تۆكۈن مۇراسىملىرى، قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتى ( ئىخلاس كەمپۇتلىرى، خەلقئارا چوڭ بازار ئېلانلىرى) قاتارلىق تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئېلان تىلى خەلقىمىزنىڭ ياشاش شارائىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەچكە كىشىلەر بۇ ئېلانلارنى تا ھازىرغىچە ياقتۇرۇپ كۆرمەكتە. ئەمما بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان بىمەنە ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

(59) سىز كىرورەن گۈزىلىنىڭ ئۆز جەلپكارلىقىنى يوقاتمىغان پاقراق، قاپقارا چاچلىرىنى كۆرگىنىڭىزدە قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟! (رادىئو ئېلانىدىن)

(60) ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش نەقەدەر شېرىن ھە! دەسلەپ تونۇشقان چاغلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇنداق ئايدىڭ ئاخشامدا ئىدىرىس قايمىقى بىلەن ملەنگەن بولكىلارنى يەپ ئولتۇرۇپ كەلگۈسىمىز ھەققىدە پاراڭلاشقانتۇق. (تېلېۋىزىيە ئېلانى)

يۇقىرقىلاردا مىسال (59) دا ئاپتور «سۇمبۇل ماركىلىق چاچ سۇيۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، مەھسۇلاتنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن كىروران گۈزىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ دىگەندەك چوڭقۇر بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان قوڭۇر رەڭلىك چاچنى بىردىنلا «قاپقارا» غا بويىۋىتىدۇ. مىسال (60) تا بولسا، ئاپتور بىر جۈپ ئۇيغۇر قىز-يىگىتنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئىدىرىس قايماقلىرىنىڭ مىزىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئىدرىس قايمىقى ملەنگەن شەيئى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاساسى جەھەتتىن ئىستىمال قىلىنمايدىغان «بولكا» قىلىپ قويىلىدۇ. ھەممىمىزگە ئايان، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر كۈنى كەم بولسا بولمايدىغان يىمەكلىك «بولكا» ئەمەس، بەلكى «نان» دۇر.

دېمەك، نوقۇل مەھسۇلات تونۇشتۇرۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، مەدەنىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئېلانلارلا ئاندىن كىشىلەرنىڭ ياقتۇرشىغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئېلان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ

www.kitaphumar.com

بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ياخشى ئىگەللىشمۇ ئىبلان تىلىنىڭ ئۇنۇملۇك ئىپادىلىنىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە.

## ئىزاھلار

▲ (1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى) ، 803- بەت
▲ (2) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 1223-بەت
▲ (3) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 799-بەت
▲ (4) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 127-بەت
▲ (5) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 1339-بەت
▲ (6) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 984-بەت
▲ (7) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، 1022-بەت

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

يولۋاس راشىدىن،"ئىستىلىستىكا ساۋادى" شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتوتى باسما زاۋۇتى، 2003-يىل 1- نەشرى
ئارسلان ئابدۇللا."قوللىنىشچان ئىستىلىستىكىسى"، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،،2001-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى
ئەركىن داۋۇت ئۇغۇز،"ئىبلان ئۇچۇر يىزىقچىلىقى" قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،2002-يىل 11-ئاي 1-نەشرى
ئابلىكىم نۇرمەمەت،"ئىبلانشۇناسلىق"، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى نەشرىياتى، 2003-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى

مەزكۇر ماقالەم: تىل ۋە تەرجىمە ژورنىلىنىڭ 2009-يىللىق 1-سانىدا ئىبلان قىلىنغان.

www.kitaphumar.com

# مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىش مەسلىسى

ئىقبال تۇرسۇن

X X ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىيلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلىشى ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشى پەيدا قىلغان مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالاھىدە مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانماقتا. بولۇپمۇ خەلقئارادىكى مىللەت، دىن ۋە رايون خاراكتېرلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا تەدرىجىي ھالدا توقۇنۇشتىن يارىشىش ۋە بىرلىشىشكە يۈزلەنمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىنى تېزلىتىۋاتقان شارائىتتا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرى زادى قانداق بولىدۇ؟ مەدەنىيەتنى مىللىيلاشتۇرۇش، يەرلىكلەشتۈرۈش يولىغا ماڭامدۇق ياكى دۇنياۋىيلاشتۇرۇش يولىغىمۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟ يېڭى ئەسىردە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ 21-ئەسىردىكى چىقىش يولى ۋە تەرەققىياتىغا باغلىق بىر مۇھىم، رېئال مەسىلە.

1

ئىنسانىيەت مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان تۈرلۈك ئىرق، مىللەت ۋە رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، زىددىيەت، توقۇنۇش ۋە زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار ھەر بىر دەۋردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. مىلادى X VII-ئەسىرلەردىن باشلاپ مەدەنىيەت

www.kitaphumar.com

مەسىلىسى پەيدىنپەي جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى.

غەرب هازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىق تارىخىدا X IX ـئەسىردە ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى (Cultural Evolution) ئوتتۇرىغا چىققاندىن تارتىپ تاكى X X ـئەسىر ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى (Cultural Relativism) شەرقىي ئاسىيا سەھنىسىدە رول ئوينىغانغا قەدەر ئارىلىقتا مەدەنىيەت تارقىتىش (Diffusionism)، قۇرۇلمىچىلىق (Structuralsm)، ئىقتىدارچىلىق (Functionalism)، مەدەنىيەت تارىخى تەنقىدچىلىك ئېقىمى (Cultural History Critisism) قاتارلىق مەدەنىيەت ئېقىملىرىنى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن بەس-مۇنازىرىنى شەكىللەندۈردى. ھازىرغىچە مەدەنىيەتكە 200 خىلدىن ئارتۇق تەبىر بېرىلگەن بولسىمۇ، ھېلىھەم ئومۇملۇققا ئىگە كۆزقاراش تىكلەنگىنى يوق. ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە مەدەنىيەت پەرقى مەسىلىسىدە مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن مەدەنىيەت نىسپىيچىلىك نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ساھەلىرىگە قالدۇرغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرى تولىمۇ چوڭقۇر. مەدەنىيەت نىسپىيچىلىك كۆزقارىشىنى ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس فرانس بوئاس (1942-Frans.Boas~1852 ) قاتارلىقلار X X ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن ئېسكىموس قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، پەرقىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن مەيلى قانداق تەن، ئىرققا تەۋە مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارى ئوخشاش، ھەممىسىنىڭ ئۆز تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئاساسى ۋە مۇۋاپىق تەرىپى بار؛ مەدەنىيەت ھەرگىز يۇقىرى-تۆۋەن، ئېسىل-ناچار، ئىلغار-قالاق، مەدەنىي ياكى مەدەنىيەتسىز دەپ ئايرىلمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇ ئاساستا بوئاس قاتارلىق ئىنسانشۇناسلار ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەنقىدچىلىك ئېقىمى قاتارلىق مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلىپ، مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيە ئېقىمىنى تىكلىگەن. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلمىي

www.kitaphumar.com

ھالدا شەرھلىگەن(گوجيەنپىڭ: «مەدەنىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىل نەشرى، 42-بەت).

مەدەنىيەت نىسپىيلىكى نەزەرىيىسى مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ «مەدەنىيەت تاق لىنىيىلىك راۋاجلىنىدۇ» دەيدىغان مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنى ئىنكار قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى كۆپ مەنبەلىك راۋاجلىنىش جەريانى، ھەر قانداق بىر مىللىي مەدەنىيەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر گەۋدە، ھەممىسىنىڭ ئۆزگە تېگىشلىك مەۋجۇتلۇق ئاساسى ھەم خاس قىممىتى بار، مەدەنىيەت ئىلغار-قالاق، يۇقىرى-تۆۋەن، ئېسىل-ناچار دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتكە باھا بېرىشتە شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت ھالىتى ۋە شەكىلدىن ھالقىغان ئومۇمىي پرىنسىپ ياكى ھەممىگە باب كېلىدىغان قىممەت پرىنسىپى ۋە ياكى ئۆلچىمى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە تېز ئەۋجىگە چىقىشىنىڭ ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. XX-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدىكى ئالىملار دۇنيادىكى ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بىرەر مەركىزى بارمۇ-يوق؟ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىرەر ئۆرنىكى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ، غەربنىڭ ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت ئەلالىق نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ قاراشنى بازارغا سالغۇچىلار دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە مورگاننىڭ قەدىمكى جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات كۆزقارىشىغا تايىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىر لىنىيىسىنى بويلاپ ئىپتىدائىي ياۋايىلىق دەۋرىدىن جاھىلىيەت دەۋرىگە، ئاخىرىدا مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى، تۆرلۈك ئامىللار تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى مىللەتلەر مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەندە، يەنە بەزى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئۇلاردا ئاددىيلىق ۋە مۇرەككەپلىك، ئىلغارلىق ۋە قالاقلىق، مەدەنىيلىك بىلەن جاھىللىق پەرقى بار دەپ قارىغان. بۇ خىل تەدرىجىي ئىلگىرىلەش نەزەرىيىسىچە بولغاندا، بەزى مىللەتلەر «مەرىپەت» دەۋرىگە كىرگەندە، يەنە بەزى مىللەتلەر تېخىچە «جاھىلىيەت» دەۋرى ياكى «ياۋايىلىق» باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. بۇ مەنتىقىدىن يەن-تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ئەللەردىلا ئېسىل، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت بولىدۇ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى قەدىمكى مەدەنىيەتتىن ئېسىل ۋە يۈكسەك دەيدىغان يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ.

www.kitaphumar.com

بــۇ قاراشــقا ئاساســلانغاندا، ياۋروپــا ۋە ئامېرىكــا ئىنسانشۇناســلىرىنىڭ: شــەرقلىقلەر جاھىلىيەتتە قالغان خەلقلەر، ھەقىقىي مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغان، غەرب مەدەنىيىتى ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبىيى، غەرب مەدەنىيىتى دۇنيادىكى ھەممە مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىكى ئەڭ ئىپسىل، ئالىيجاناب، يۈكسەك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت دېيىدىغان غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسى مانا مەن دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

مەدەنىيەت تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئەسلىدە غەرب يېقىنقى زامان سانائىتى مەزگىلىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى. ئۇ غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە قىممەت كۆزقارىشىنى باشقا مىللەت ۋە رايونلارغا مەجبۇرىي تېڭىشقا باھانە ـ دەستەك تېپىپ بەرگەن. شۇڭا، ئاتالمىش غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى ئەمەلىيەتتە «ئۆزىنىڭ قىممەت كۆزقارىشى ۋە مەدەنىيەت ئۆلچىمىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە مەجبۇرىي تېڭىپ، ئۇلارنى دەرىجىگە تۇرغۇزۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىلا تەبىئىي، ساغلام مەدەنىيەت، باشقا بارلىق مەدەنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت دەپ قاراشتىن بولەك نەرسە ئەمەس[ۋاڭ نىڭشىڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ نەشرى].

ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ئارنولد. تويىنبىي (Arnold Toynbee~ 1889 ـ 1975) ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «تارىخ تەتقىقاتى» (Astudy of History) ناملىق كىتابىدا غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دەپ يازغان: «بىز غەربلىكلەر باشقىلارنى ‹يەرلىكلەر› دەپ ئاتىغىنىمىزدا، ئۆز خىيالىمىزچە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى نەزەرىمىزدىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋېتىمىز». ئۇنىڭچە، بــۇ خىل ھېسسىياتنى پەيدا قىلغان تۇپ سەۋەب «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى دۇنياۋى غەلىبىسىدىن پەيدا بولغان. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ھېسسىياتىدىن تاشقىرى، ئاتالمىش ‹تارىخنىڭ بىردەكلىكى› دېيىدىغان خاتا چۈشەنچىدىن، يەنى مەرىپەتنىڭ ئېقىنى پەقەت بىز غەرب تەرەپنىڭلا، قالغان بارلىق مەدەنىيەتلەر ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولمىغىنىدا پەقەت قۇملۇققا سىڭىپ كەتكەن ئېقىن دېيىدىغان قاراشنىڭ تۈرتكىسىدىن باشقا يەنە مۇنداق ئۈچ سەۋەبتىن: ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان خاتا تۇيغۇ، ‹شەرق ئۆزگەرمەيدۇ› دېيىدىغان خاتا تۇيغۇ، شۇنىڭدەك يەنە مەدەنىيەت بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ دېيىدىغان خاتا تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت»[تويىنبىي

www.kitaphumar.com

Toynbee: «تارىخ تەتقىقاتى»، 1-قىسىم، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1966-يىل نەشرى، 46-بەت].

ئامېرىكىلىق سىياسىيشۇناس سەمۇئىل. خانتىڭتۇن «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىدا، ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇش X X ئەسىردىكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، 21-ئەسىردە «يەر شارىدىكى ئاساسلىق توقۇنۇش ئوخشىمىغان مەدەنىيەت كوللېكتىپى ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى يەر شارى سىياسىيسىنى بەلگىلەيدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قاتلاملىرى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش لىنىيىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان ھەمدە غەرب جەمئىيىتىنى «تەرەققىچىلىك-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن، تەرەققىي قىلغۇاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەتنىڭ گىرۋىكىدىن مەدەنىيەت مەركىزىگە كىرىپ قېلىشىدىن، غەربنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئىگىلىشىدىن» ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغاندى [خانتىڭتۇن (S.Huntingtun): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنخۇا نەشرىياتى، 1998-يىل 2-نەشرى]. خانتىڭتۇن ئوتتۇرىغا قويغان توقۇنۇش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكىگە چاپان يايقانلىق ھەم ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مۇقام تووۇلغانلىق ئىدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيىسى شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدە بىر پەس بەس-مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلا قوزغاپ سىنگاپور، مالايسىيا، تەيۋەن، شياڭگاڭ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى قايتا تونۇش شوئارىنى ئەۋجىگە چىقاردى. سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى «يېڭى تەرەققىچىلىك» ۋە «تارىخ ئوخشىماسلىق»نەزەرىيىسى ھەم «شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قىممەت قارىشى» قاتارلىق سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى داڭلىق مەدەنىيەت تەنقىدچىسى ئېدۋارد سەئىد (Edward Said) ئۆزىنىڭ «شەرقشۇناسلىق» (Orientalism) ۋە «مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك» (Culture and Emperialism) دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرىدە غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ھەمدە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت كۆزقارىشىنى ھىمايە قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى 3-دۇنيا ئەللىرى تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە سۈيئىستېمال قىلىنغاچقا، ئاخىرى «غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى» نىڭ ئەكسىگە، يەنى «شەرق مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ

www.kitaphumar.com

قالدى [ئېدۋارد سەئىد (Edward Said): «مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2003-يىل 1-نەشرى]. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ھە دېسىلا «شەرقىي ئاسىيا قىممەت قارىشى»، «يېڭى تەرەققىياتچىلىق»، «شەرقچە ئالاھىدىلىك» دېيىدىغان ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

مەدەنىيەت نىسپىيلىكى نەزەرىيىسى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكىنى تەرغىپ قىلىدىغان قىممەت نەزەرىيىسى بولۇش سۈپىتىدە غەربنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئەلالىق ئىدىيىسىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىگە رەددىيە بەرگەن ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ خىل تۇرمۇش شەكلىنىڭ تېنچ بىللە تۇرۇش غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغاندى. لېكىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدەنىيەت نىسپىيلىكى كۆزقارىشى ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىن سىياسىي سەھنىگە يۆتكەلدى. بەزىلەر مەدەنىيەت سەھنىسىدىن سىياسىي سەھنىگىچە بۇ ئېقىمنى ھەقىقىي سىياسىي پايدىلىنىش قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، قەدىمكى سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىدىكى «جەمئىيەت بىرىنچى»، «شەخسنىڭ ھوقۇقى ئىككىنچى» دېيىدىغان ھوقۇق قارىشى، ئەخلاق قىممەت قارىشىنى غەربنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە باغلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت، قىممەت كۆزقارىشى، ھوقۇق ۋە ئەخلاق پرىنسىپىغا قارشى ئورۇنغا چىقىرىپ قويماقتا.

مەدەنىيەت نىسپىيلىك قارىشىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بېكىنمىچىلىك ھەم بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مەلۇم بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئېسىل دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى چەتكە قاقىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مۇتلەق نەرسە دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەتكە ئورتاق پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆز مەنپەئەتىگە بېقىندۇرۇپ ئىزاھلايدۇ ياكى بۇرمىلايدۇ.

مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئۈنچىلىك مۇرەككەپ پىكىر ئېقىمى بولمىسىمۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق، باراۋەر، تېنچ بىللە ياشاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ئېقىم بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە خاتا چۈشىنىلگەن ۋە ئاز ساندىكى بەزىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكتىن، ئۇ مەيلى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ياكى رېئال جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك، ئېغىر كەمتۈكلۈك ۋە چەكلىمىلىكىنى ئاشكارىلىماقتا.

www.kitaphumar.com

## 2

دۇنيادا ئۇخشىمىغان مەدەنىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى تەبئىي هالدا توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. شەرق-غەربنىڭ تارىختىكى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مىسلىسىز ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر ياقتىن كەسكىن توقۇنۇش داۋام قىلسا، يەنە بىر ياقتىن يارىشىش، قوشۇلۇش يولىدا كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر X X ئەسىردىكى شەرق-غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى «توقۇنۇش» بىلەن خاراكتېرلەنگەن دېسەك، ئۇ هالدا 21-ئەسىر ئۇخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا قوشۇلۇش، بىرىكىش ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاشقا يۈزلىنىش دەۋرى بولۇشى مۇمكىن. هازىر مەدەنىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردە بەزىلەر مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكىنى تەكىتلەپ، يەرلىكلەشتۈرۈش، خاسلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىقى، ئورتاقلىقىنى تەكىتلەپ، مەدەنىيەتنى دۇنياۋىيلاشتۇرۇش يولىنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ. باشقا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى قوبۇل قىلىپ، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىش كېرەك دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەمما شەرق-غەربتىن نېمىنى قوبۇل قىلىشى، قانداق قوبۇل قىلىشى ھەم قانداق زامانىۋىيلاشتۇرۇشى، قايسى تەرەپتىن ئۇخشىشى، نېمىدە ئۇخشىماسلىقى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭ ئەمەس. ئەنئەنە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدىغان ھەم غەربنىڭ ئەندىزىسىنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلمەيدىغان ئىجادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تىكلەش ھازىر ھەربىر مىللەت مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر ئويلانمىسا ۋە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە. ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەڭ باراۋەر مەۋجۇت بولۇشى، ئورتاق ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىدا ئورتاق بولغان پرىنسىپ ۋە قىممەت كۆز قارىشى بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا ئۇ نېمە؟ ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلىشى، تونۇشى ۋە بىرلىشىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى. لېكىن خۇددى بەزى تەنقىدچىلەر ئېيتقاندەك، «شەرق-غەربنىڭ قوشۇلۇشى»، «ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ كەمچىلىكنى تولۇقلاش» بىر گۈزەل غايە بولسىمۇ، ئەمما «قانداق قوشۇلۇش»، «نېمىنى قوشۇش» ۋە «قوشۇلغاندىن كېيىن نېمىگە ئايلىنىش» مەسىلىسى بىر زىددىيەتلىك مەسىلە. چۈنكى مەيلى شەرقنىڭ ياكى غەربنىڭ قەدىمدىن تا

www.kitaphumar.com

هازىرغىچە يارىتىلغان مەدەنىيىتى مەلۇم ئۆزگىچە دۇنيا قاراشقاتايانغان مەدەنىيەت. ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مەدەنىيەت بولغان ئەمەس[ۋۇشۇەن: «يېڭى دەۋردىكى مەشھۇر ئەسەرلەر ھەققىدە لېكسىيە»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004-يىل 1-نەشرى]. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىختىكى مەدەنىيەت شەكىللىنىشىدىن تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تۈرمۈش شەكلى، دۇنيا قارىشىنىڭ خاسلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا پەيدا بولغان. مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئالماشتۇرۇش، قوبۇل قىلىش بىلەن قايتا ئىجاد قىلىش ئارقىلىق پەلسەپە، دىن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتلەردىكى خاسلىقنى ھەم ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھېسسىيات، ئىدىيە كۆزقاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت ياكى رايوننىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتى تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخي، جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تەكشىسىز بولىدۇ. بۇ خىل تەكشىسىزلىك بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىمۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى تارىختا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئازلىقتىن كۆپلۈككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلەشتىن تاشقىرى، يەنە تارىختا باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن سۈركىلىش، توقۇنۇش، ئالاقە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەدرىجىي مۇستەقىل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

مەيلى قانداق ئىرق، قانداق تىل ۋە قانداق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بىر مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ھەممىسى ئوخشاش بىر ئىنسان، ئوخشاش بىر يەر شارىدا ياشايمىز. دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەتلەردىكى پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەبىئىتىمىز، ھېسسىياتىمىز، ئەخلاق، ئىززەت-غورۇر، قەدىر-قىممەت قاتارلىق تۈپ تەرەپلەردە ئومۇمىي ئورتاق قىممەت قارىشىمىز بار. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەتتە بىر خىل ئەبەدىي «مېھرى-شەپقەت ھېسسىياتى بار. بۇ «مېھرى-شەپقەت» خاھىشى كوللېكتىپلار ئارىسىدا ئالاقە پائالىيىتىنى پەيدا قىلىدىغان ئەسلىي ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ»[«جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» جەمئىيەتشۇناسلىق تومى، 218-بەت]. ماسلۇ، گادامىر قاتارلىق پەيلاسوپلار ئادەمنىڭ بىر

www.kitaphumar.com

خىل تۇغما «ياخشى كۆرۈش» ۋە «ئېھتىياجى» بولىدۇ. «ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشى، ھالبۇكى ئۆزىنى ئىپادىلەش تەبىئەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇتلۇق ھالىتى. ھاياتلىقنىڭ گەۋدىلىك ئەھمىيىتى-دەل ئۆزىنى ئىپادىلەش»[گادامېر (H.Gadamer): «ھەقىقەت ۋە مېتود»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1989-يىل 1-نەشرى، 39-بەت] دەپ قەيت قىلىدۇ. سۇبيېكتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ھەم ئالماشتۇرۇشقا تايانماي بولمايدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج تاشقى دۇنيا ۋە شەيئىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مارتىن بۇبېرنىڭ قارىشىچە، ئادەم ۋە شەيئىنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، كىشىلەر ئارىسىدا «مەن» ۋە «سەن» دېيىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ بولماسلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مۇھىمى، ئىچكى قىسمىدىكى ئالاقە يەنى ئۆز-ئارا چۈشىنىشتە «ئىككى ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېنىق ھالەتتە بىر-بىرىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتەلىشىدىن ئىبارەت»[مارتىن بوب (M.Bob): «ئادەم ۋە ئادەم»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1992-يىل 1-نەشرى، 16-بەت].

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ خابېرماس (Habermass) سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى ۋە مۇناسىۋەت شەرتىنى: چۈشىنىش، ھەققانىيلىق، سەمىمىيلىك ۋە توغرىلىق دەپ تۆت نۇقتىدىن ئىزاھلىغان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە چۈشىنىشىنى «جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسى» دەپ قاراپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىككى پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىرى، «ھەققانىيەت پرىنسىپى». يەنى بۇ پرىنسىپ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقچانلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، شەخسنىڭ باراۋەر ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى «ئىتتىپاقلىشىش پرىنسىپى». بۇ پرىنسىپ بىر شەخسنىڭ باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى، ئۆزئارا بىر-بىرىنى ھەر ۋاقىت ئەپۇ قىلىدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەيلى ئىككى مىللەت، ئىككى دۆلەت ياكى ئىككى شەخسنىڭ ئالاقىسىدا بولسۇن ياكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش، چۈشىنىش ۋە تەڭ ياشاش مەقسىتىگە يېتىشتە بولسۇن، خابېرماس ئۆزئارا ئالاقە باغلاش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، بىر-بىرىگە ئۆتۈش ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ [خابېرماس (Habermass): «ئالاقە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى»، چۇڭچىڭ نەشرىياتى، 1989-يىل 1-نەشرى،66-،69-بەت].

www.kitaphumar.com

ئىنسانىيەت مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە پەرقلەنمىسۇن، ئوخشىمىغان دۆلەت، ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئۆزگە يۇغۇرغان ئىنسانىنىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇ-ھەۋىسى، ئىددىيە-كەيپىياتىدا زور دەرىجىدە ئوخشاشلىق بار. ئادەم ۋە تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ھاياتلىق ۋە تەقدىر، خۇشاللىق ۋە قايغۇ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، ھايات-ئۆلۈم قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەردە ئىنسانلار ئۆزئارا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەسىرات، تەجرىبە ۋە كۆزقاراشقا ئىگە. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق، ئىززەت-غورۇر، گۈزەللىك-قىممەت قاراشلىرىدىكى ئورتاق ھېسسىياتۋە ئىددىيىسى بارلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەنقىدىي پوزىتسىيىدە مىللىي مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، قايتا قۇرۇش ھەم ھەربىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مىللەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى- جۇڭگو مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. بىرنەچچە مىڭ يىللىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا سىياسىي مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قەدىمدىن بۇيان قويۇق داۋاملىشىپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرى، پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆزئارا سۈركىلىش، ئۇچرىشىش، ئۆتۈشۈش ۋە ئۆزئارا قوبۇل قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئىلغار، يېڭى تەركىبلەرنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ، كۆپ مەنبەلىك، مول مەزمۇنلۇق ئۆزگىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ھەم مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. قەدىمدە ھىندى بۇددىزمى مەدەنىيىتى، قەدىمكى گىرېك-رىم ۋە مىسىرنىڭ يەھۇدى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى-شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۆتۈشكەن.

www.kitaphumar.com

ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ تەرىقەتچىلىك ۋە داۋجىياۋ مەدەنىيىتى شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندى، گىرىك ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆتۈشكەن. ئۇيغۇرلار گىرىك، ھىندى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ئۆز نۆۋىتىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. ھىندى بۇددىزمى يەھۇدى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا ئۆز مەدەنىيىتىنىمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قەدىمدىن بۇيان مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە تەڭ قارشى تۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، قوبۇل قىلىپ، قان بىلەن گۆشتەك ئىناق، ئىجىل ياشاپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشىغان ماكانلار كەڭرى، قاتناش قولايسىز، تارقاق، بېكىنمە، مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، تۇرمۇش شەكلى، دۇنيا قارىشى بېكىنمىچىلىك ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، قائىدە-يوسۇن، دۇنيا قارىشىنىلا ئەڭ ئېسىل، ئۆزىنىلا ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ قارايدىغان ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىددىيىسىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەردە بىر قەدەر ساقلانغان.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مائارىپى باراۋەر تەرەققىي قىلدى ۋە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرىگە يول قويۇپ، ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ ماس ھالدا تەرەققىي قىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بېرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، قەدەممۇ قەدەم يېڭىلىنىپ كەلمەكتە. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى باراۋەر، ئادىل، ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلاشقاندىلا، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە يېڭىلانغاندىلا، ئاندىن ئورتاق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ھەم ماسلىشىپ راۋاجلىنالايدۇ.

كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئىجىل-ئىناق ماسلىشىپ راۋاجلىنىشى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولۇش بىلەن تەڭ، بۇ مىللەتلەر كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى شىنجاڭدا بىر-بىرىگە ھەمكارلىشىپ، تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق ھايات كەچۈرۈپ

www.kitaphumar.com

كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ھەم كۆزقاراشلىرىمۇ بىر-بىرىگە سىڭىشىپ، كۆپ خىللىق، كۆپ مەنبەلىك ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، داۋجىياۋ دىنى ۋە خرىستىئان دىنى مەدەنىيەتلىرىمۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇش، ماسلىشىپ راۋاجلىنىشتەك دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى. شىنجاڭدا تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە شەھەر قول-ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئاساس قىلغان كۆپ دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدىكى تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق مەدەنىيەت زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلۇپلا قالماي، غەربىي رايونغا خاس رايون ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. تۇرمۇش سەھنىسىدىن تا مەدەنىيەت سەھنىسىگىچە بىر-بىرىنى ئۆلگە قىلىپ، ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆز-ئارا قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىدىغان، باشقا رايون ۋە ئەللەر مەدەنىيىتى، پەن-تېخنىكىسىغا ھېرىسمەن بولىدىغان بىر خىل ئېچىۋېتىش ئېڭىنى، شۇنداقلا ئېسىل ئەنئەنىنى تىكلىدى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بۇنداق مەدەنىيەت ئارىلاشمىلىق مۇھىتىدا ئۆز تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تاشلاپ قويغىنى يوق. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋارىسلىق قىلىپ بارماقتا ھەم يېڭىلىماقتا. ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان دىنىي ئېتىقادى، قائىدە-يوسۇنلىرى، تىرىكچىلىك شەكىللىرىنىڭ غوللۇق تەرىپىنى يەنىلا چىڭ تۇتۇپ قوغداپ كەلمەكتە. مىللىي بايرام، ئەنئەنىۋى مۇراسىم، دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى، مىللىي خاراكتېر، ئىستېتىك گۈزەللىك قارىشىنى كۈچەيتمەكتە. شۇڭا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيىتى قانداقتۇ ئۆزىنىڭكىنى يوقاتقان ئارىلاشما داشقايناق مەدەنىيەت بولماستىن، يەنىلا دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىپ يېڭىلىقتا، ئىلغارلىققا ئىنتىلگەن، ئۆزىنىڭكىنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا بىر-بىرى بىلەن ماسلىشىپ مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىياتتا يۈزلەنگەن مەدەنىيەتتىن ئىبارەت.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، مىللەتلەر كۆپ، تۇرمۇش شەكىللىرى ھەر خىل. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، سالا، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن قەدىمدىن بېرى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ ئوخشاشلىقنى ساقلاپ كەلگەن. شۇنداق بولۇشىغا

www.kitaphumar.com

قارىماي، تارىخىي ئەنئەنە، تىل-تەپەككۇر، دۇنيا قاراش، ئەدەبىيات-سەنئەتلەردە خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن تارىختىن بېرى ئىنتايىن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، دوستانە، ئىتتىپاق، ئىناق ياشىغان. بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى چۈشەنگەن، قوبۇل قىلالىغان. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا كەڭ ئۇچرىشىش، ئۆتۈشۈش ۋە قوشۇلۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرگەن. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالە بىر قەدەر تارقاق، مىللەت كۆپ، دىنىي ئېتىقاد كەڭ بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئامىل، دىنىي مەدەنىيەت ئامىلى، مىللىي ئىستېتىك تەركىب ئامىللىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى تونۇش ۋە قوغداش ئېڭى كۈچلۈك، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئېڭى بىلەن مەدەنىيەت ئاڭلىقلىق ئېڭى يۇقىرى بولغان. مانا بۇ كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ مەنبەلىك، ئارىلاشما ھالەتنى يارىتىشى ھەم ئىجىل-ئىناق ماسلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۆز-ئارا ساغلام ۋە نورمال ماسلىشىپ تەرەققىي قىلماقتا. كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ باراۋەر، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى مەردانە ساغلام پىسخىكا، ئاڭ بىلەن قايتا چۈشىنىشى، ئىچىۋېتىش ئېڭى بىلەن ئىسلاھ قىلىشى زۆرۈر.

ھازىر دۆلىتىمىز سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن تېز قۇدرەت تاپماقتا. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، ئۇچۇر-ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۈكسىلىش دەۋرىگە كىرىشكە ئەگىشىپ، خەلقئارا بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئالماشتۇرۇش كۈچەيمەكتە. بۇ جەرياندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بەزى سۈركىلىش، توقۇنۇش يۈز بېرىش تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق شارائىتتا ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپ مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاسراش، قوغداش، ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تولىمۇ مۇھىم.

شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى بار. بۇ ئۇزۇن تارىختا شەكىللەنگەن. ئۇلار بىرلىشىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ خىل، ئارىلاشما، مول، رەڭدار

www.kitaphumar.com

يەرلىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. شۇنداقلا يىرىم ئەسىردىن بېرى دۇنيانىڭ شىنجاڭنى تونۇشىدا رول ئويناپ كەلگەن. سانىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيىتى ئىلغار ياكى مەدەنىيىتى قالاق مىللەت يوق. پەقەت ئىسلاھ قىلىش، دەۋرگە ماسلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئايرىم تەرەپلا بار. مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكى، خاسلىقى قانچە ئېنىق بولسا، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇش، جەلپ قىلىش كۈچىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىر مىللەتنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، مەدەنىيەت خاسلىقىنى چۈشىنىش، ھۆرمەت قىلىش ھەم جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلماي ئەكسىچە، كۆزنىمىزگە سىغمىغان ھەممە تەرىپىنى قالاق، ناچار دەپ چەتكە قاقساق، كەمسىتسەك بۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىجىل-ئىناق ئۆتۈشىگە، مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

مېنىڭچە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر 21-ئەسىردىكى تەرەققىيات يولىدا ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئېڭى ۋە ئىجادچانلىق روھى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات يولىنى تاپالىغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ.

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2005-يىللىق 4-سانىدىن ئېلىندى)

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى)

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېروتورىيسى ھەققىدە

**غالىب بارات ئەرك**

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەن، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ھەققىدىكى تەتقىقات ئېلىمىزدە نىسبەتەن ئاز يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخىچە ھەل بولمىدى، ئەلنىڭ تېروتورىيسى شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، تېخىچە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنمىغاچقا، تۈرلۈك كىتاب ـماتېرىياللاردا ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، پىكىر بىرلىكى بولمىدى. مەن بۇ ماقالەمدە ئۆزۈمنىڭ شۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئورخۇن ـئاناساي ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ بىر ئەسىردىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورخۇن ئېلى، مىلادىيە 840ـ يىلى ئۆزىگە قارام بولغان قىرغىز خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەخپىي كېلىشىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى نەتىجىسىدە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى، ۋەزىر كۆلباغانىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىششى بىلەن، بىرقانچە يىللىق ئىچكى نىزاھ ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ئىچكى ئىتتىپاقلىقى يوقالغان بۇ 》 ئىمپىرىيە 《تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرى (قارابالغاسۇن)نىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئېلى تېرىتورىيسىدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بىر بۆلۈگى يەنى ۋەزىر كۆلباغانىڭ تەرەپدارلىرى كونا ماكانلىرىدا قېلىپ، قىرغىز خانلىقىغا پۇقرا بولغاندىن باشقىلار ھەر تەرەپكە كۆچۈپ ھاياتلىق ماكانى ئىزلىدى. بىر بۆلۈگى يەنى پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرىگە يېقىن جايلاشقان 13قەبىلە (تەخمىنەن 200مىڭدەك ئاھالە) ئۆگە تېگىن باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. بۇ بۆلەكتىن باشقا يەنە تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە ئورمۇزد تېگىن قاتارلىق بەش شاھزادە باشچىلىقىدا بىر بۆلەك ئاھالە (تەخمىنەن 90مىڭ) كۆچكەن ئىدى، جەنۇبقا يەنى تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا كۆچكەن بۇ ئاھالىلەر نۇپۇس سانى جەھەتتىن جەمئى 290 مىڭ ئەتراپىدا بولسىمۇ، بۇ ئىككى گورۇپپا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زىددىيەت بولغانلىقتىن، ئارمۇزد تېگىن باشچىلىقىدىكى ئاھالە ئۆگە تېگىننى(ئۆگە تېگىن

www.kitaphumar.com

قاغانلىقتا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ غەربكە كۆچكەن توپنىڭ رەھبىرى پان تېگىنمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىغان ئىدى) ئېتىراپ قىلمايتتى (ئورمۇزد تېگىن ئاخىرى ئۆگە قاغاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى). ئورمۇزد تېگىنلەر تاڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارنىڭ باشچىلىرىغا مەنسەپ، لى فامىلىلىك ئىسىم ئاتا قىلغان. ئۆگە تېگىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلغان، ئەمما تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرمىغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر ئىبەرتىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ ھەمدە بەيئەت قىلغان بىر قىسىملىرىنى خۇددى ئورمۇزد تېگىنىنىڭ ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرغاندەك، ئىچكى جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۆگە تېگىنىنىڭ مەغلۇب بولغان بىرقىسىم ئاھالىلىرى شىرۋىلەر يۇرتىغا قاچقان، شىرۋىلەرمۇ ئۇلارنى يەتتە قەبىلىسىگە تارقاقلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىدۇ. ئاخىرقى ھىسابتا، تاڭ سۇلالىسى چېگرىلىرىغا كۆچكەن 290 مىڭدەك ئاھالە تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈلۈك يوقۇلىدۇ. پان تېگىنىنىڭ باشچىلىقىدا يەنە بىر بۆلەك 15قەبىلە (تەخمىنەن 200مىڭدىن ئوشۇقراق ئاھالە) تەڭرىتاغ بويلىرىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى - غەربىي ئۇيغۇرلارنى پاناھ تارتىپ كۆچىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلۈگى كەڭسۇ (گەنسۇ) دائىرىسىگە كېلىپ، شۇ يەردە قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ دەسلەپ ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى ( 847ـ1036)نى ، كېيىن ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى ( بۇ ئەل ھەققىدە تېخى پىكىر بىرلىگى بولمىغاچقا قۇرۇلغان ۋە ۋەيران بولغان ۋاقتىنى ئالمىدىم)نى قۇرىدۇ. يەنە بىر بۆلىگى داۋاملىق كۆچۈپ، غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئويمانلىقلىرىنى تايانچ قىلىپ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى (866ـ1369) نى قۇرۇپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ. بۇ ئەل گەرچە بەش ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، تارىخىي ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، تېرروتورىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار كەم بولدى. تۆۋەندە ، بۇ ئەلنىڭ تېرروتورىيىسى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى: لىن گەن ۋە گاۋ زىخۇ》 قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى «دا: ”قۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنى شەرقتە گۇاجۇ، شاجۇدىن ھالقىپ كەتمىگەن، بەلكى گۇاجۇ، شاجۇ بىلەن ئېۋىرغول ئارىسىدىكى قاقاسلىقنى چېگرا قىلغان .... شەرقىي جەنۇبى تەرىپى سېرىق باش ئۇيغۇرلار بىلەن تۇتاشقان ... بۇگۇنكى چىڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىلىنىدىغان يېرىدە بولغان. جەنۇبتا، قارا خانلار خاندانلىقى ئۇدۇننى ئىگىلىگەندىن

www.kitaphumar.com

كېيىن، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى تارىم چۆللۈگىنى چېگرا قىلغان. غەربتە ئاقسۇ بىلەن باي ئارىسىدىكى قاقاس تاغ ۋە قۇملۇقلار بولغان "① 1دەپ يازىدۇ. 《شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى》دا: "قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى ئەسلىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، بەشبالىق قاتارلىق ئۈچ ئوبلاستىنى ۋە كىنگىت، كۇچار دۇدۇ مەھكىملىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" 2② دەپ يېزىلغان. »شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى «دا: " غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزارت داۋىنىغىچە يېتىپ باراتتى، جەنۇبتا ئەيىنى زاماندا تۈبۈتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان ئورۇن بىلەن تۇتىشاتتى..." ③3 دېيىلگەن. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم《قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي ھايات》 دېگەن كىتابىدا: " بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبى (تارىم ئويمانلىقى) بىلەن تەڭرىتاغىنىڭ شىمالى (جوڭغار)نىڭ بىر قىسىم جايلىرى بولغان، ئەمما شەرق ۋە غەربىي چېگرىسى تارىختا مۇقىم بولمىغان. بۇ يەردە ئېيتىش كېرەككى، شەرققە ۋە غەربكە كېڭىيىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ..." دەپ يازغان.④ توختى 《ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات》دېگەن كىتابىدا: " قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغار قاتارلىق ئۈچ ئويمانلىقتىن ھالقىغان ، شەرقتىن غەربكە قۇمۇلدىن ئاقسۇغىچە، ئارىلىقتا چۆل ـ جەزىرە ۋە بوستانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەل دائىرىسىدە قوچونى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا غەربتە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، ئۇلار غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزداۋان، جەنۇبتا تارىم دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پۈتكۈل قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى پۈتۈن ئەلنىڭ غەربىدىكى بىر قىسىم زېمىنىنىلا ئىگەللەيدۇ..."20 دەپ يازىدۇ. ئەنۋەر بايتۇر ۋە خەرنىسا سىدىق 《شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى》 دېگەن كىتابىدا :"شەرقتە باركۆل، شىمالدا جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربتە قارا شەھەرنىڭ غەربى، جەنۇبتا قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى كۇچانىڭ غەربىگە، شەرقتە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاجۇ رايونى دائىرىسىگە سوزۇلغانىدى" 30① دەپ يازىدۇ. يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ھەرخىل بولۇپ ياپونىيىلىك ئالىم ئابىتاكىئونى بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئەتراپلىق ھەم كەڭ دائىرىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان«

www.kitaphumar.com

غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە توختالغان. مەن تۆۋەندە ئالىمنىڭ شۇ ئەسىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا، ئۆز ئىزدىنىشىمنى كىتابخانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنىمەن. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئەلنىڭ ئەمەلىي تارىخىغا ئاساسەن دەستلەپكىي دەۋرى، كۈچەيگەن دەۋرى، ئاخىرقى دەۋرى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ دەستلەپكى دەۋرى ئەمەلدا قۇرۇلغان ۋاقتى بولۇپ 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە تېررىتورىيىسى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئويمانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئۇيغۇر ئورخۇن ئېلى يىمىرىلگەندە، ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ئىدى. خاندانلىق قىرغىز خانلىقى ( تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن )نىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى ۋە ۋەزىر كۆلباغا ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكىي جەھەتتىن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرى (قارابالغاسۇن)نىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاندانلىق ئاھالىسى ئەنە شۇنداق تارىخىي مۇھىتتا تېرە-پېرەڭ بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. 840 ـ يىلىدىن بۇرۇن بىرقانچە يىل ۋابا تارقىلىپ ئاھالىلەر قىرىلغان، بىرقانچە يىل ئۇدا يۈزبەرگەن تەبىئىي ئاپەت ئىگىلىگىنى ۋەيران قىلغان ئىدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئارمىيە مەغلۇپ بولۇپ پۈتۈن ئەل جەڭگىۋارلىقنى يوقاتقان ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئەل باشچىلىرى ئىچىدە نىزاھ بولغاچقا، ئەل بىرقانچە تويقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ، ئاقىۋەت ئىتتىپاقلىق يوقالغان، ئورتاق بىر باشچىسى بولمىغان بۇ ئەل زاۋال تاپتى. ئۇلار ئەنە شۇ ۋەيرانچىلىقتا بىر قانچە تويقا بۆلۈنۈپ، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. شۇلاردىن بىر توپ يەنى پان تېگىن باشچىلىقىدىكى 15قەبىلە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىنى پاناھداپ يول يۈرگەن بولسىمۇ، ئەيتاۋۇر نامەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلۈكى گەنسۇ رايونىدىكى قېرىنداشلىرى يېنىغا، يەنە بىر بۆلۈكى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. ئىگىلىگى، ئارمىيىسى، ئىقتىسادى، جەڭگىۋارلىقى يۇقالغان بىر توپ ـ 100نەچچە مىڭ ئاھالە ـ ھاياتلىق، مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن، شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ھايات ـ ماماتلىق كۈرۈشكە ئاتلىنىپ، تۇبۇت ھۆكۈمرانلىرىنى بۇ ئانا تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشمىگى ھەم ئاسان ئەمەس ئىدى، بۇ تەرىپى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىدە ئىپادىلەندى. شۇڭىمۇ ئەلنىڭ تېررىتورىيىسى

www.kitaphumar.com

دەستلەبكى چاغلاردا ئىنتايىن كىچىك يەنى تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئويمانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرلىرى 10 ـ ئەسىر بولۇپ، بۇ دەۋردىكى تېرورتورىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلار بار، شۇلاردىن بىر پارچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك (10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەنسۇپ) . بۇ تارشا پۈتۈكتە قۇتلۇغ كى ئوت قۇتلۇغ قويىن يىل. ئىكىنتى ئاي. ئۈچ ياڭىقا. كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورناتمىش. ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالىپ ئارسلان كۈل بىلگە تەڭرىخانىمىز....خان ئولۇرمىش. ئۆڭتۈن ساچيۇ كىدىن نۈچ بارسخانقا تەگى ئىلىنو ئەركىسنۆ يەرلىقا يۈر ئوغۇردا...خان تەڭرىكەن....ئىل ئۈگسى ئالىپ تۇتۇغ ئۆگە. قۇتلۇغ قۈچۇ ئۇلۇسۇغ باشلايۇر ئەركەن (يەشمىسى: قۇتلۇغ كى ئوت. قۇتلۇغ قوي يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورناتمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالىپ ئارسلان قۇتلۇق كۈل بىلگە تەڭرى خانىمىز....خان بولغان. شەرقتە ساجۇ(گەنسۇ)دىن غەربتە نۈچ بارسغانغىچە (ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى جەنۇبى) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىۋاتقاندا...خان ... تەڭرىكەن .... ئىل ئۈگەسى ئالىب تۇتۇغ ئۆگە قۇتلۇغ قوچۇ دۆلىتىنى باشقۇرار ئىدى① دېيىلگەن. مانا بۇ يازمىدا ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ شەرقتە Sačiu (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى)غا، غەربتە NučBarsxan غا يېتىدىغانلىقى يېزىلغان، قوچۇنىڭ ئەل نامى بولىشىغا كەلسەك مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ئېلىدىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوچۇ دەيمۇ ئاتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. غەربىي چېگرا ھىسابلانغانNučBarsxan نى بەزى ئالىملار ئەرەبچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغانNügkat، » بۆيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى«دىكى 赤弩 دەپ قارايدۇ. بارتولد شاش يەنى ھازىرقى تاشكەنتنىڭ چىرچىق ئەتراپى دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن، نۈچ سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىنى كۆرسىتىدۇ. بارسغان بولسا ئىسسىق كۆلگە يېقىن جايلاشقان ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرى . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسىمۇ بىر مەزگىل بارسغانغا ھۆكۈمدار بولغان، بۇ ئەلۋەتتە خاقانىيە قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر (ئېدىقۇت) ئېلىدىن پارچىلىنىپ چىققاندىن كېيىنكى ئىش. ئارخىئولوگ ۋون لىكوك ئېلان قىلغان مانى يېزىقىدىكى T.M.176نومۇرلۇق يادىكارلىقتا مۇنداق جۈملە بار:①1○ qočo uluš ikii otuz baliq qutii waxsikii (يەشمىسى: قوچۇ ئېلىدىكى يىگىرمە ئىككى شەھەرنىڭ قۇت ۋە قوغداش ئىلاھى) . بىز بۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ خېلى كەڭ تېرروتورىيىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى، كەم دىگەندىمۇ 22 شەھەر ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغانلىقىنى

www.kitaphumar.com

كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى پارچىلىنىپ خاقانىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقىنىدەك ئۇلارنىڭ بەشلا شەھىرى بولىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى ئېيتقاندەك، پەقەت ئەڭ مەشھۇرلىرىنى يازغىنىدىن باشقا كۆپىنى دىنى ئەقىدە سەۋەبىدىن يازمىغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە لوپ شەھىرى، كىتىك شەھىرى ، مەردەك شەھىرى قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەر بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنىڭ يېزىلمىغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې )938- 1006) يازغان «غەربىي ئايماققا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دىكى بايانلىرى ئۇنىڭ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىگە 985- يىللىرى ئەلچى بولۇپ بارغاندا كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇ :» جەنۇبتا ئۇدۇن(خوتەن)ضة، غەربىي جەنۇبتا تاجىك - پارسلارغا، غەربتە غەربىي ئەنەتكەك (ھىندىستان) نىڭ بولۇر، قارلىقتاغ، پامىرلارغا تۇتىشىدۇ .... ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا جەنۇبىي تۈرك، شىمالىي تۈرك، ئۇلۇغ چىگىل، كىچىك چىگىل، ياغما، قىرغىز، بارمان، قارلۇق، گېتو، يۈرۈڭ قەبىلىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئاھالىلىرى بار ... « دېيىلگەن. ۋاڭ يەندىنىڭ بايانى ئەلۋەتتە شۇ قېتىمقى زىيارىتى داۋامىدا ئىگەللىگەن ماتېرىيال بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئەلنىڭ ۋاستىلىك تەمىنلىگەن ئۇچۇرىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە بەزى ناملار شۇ چاغدىكى خەنزۇچە ئاتالغۇلار بويىچە تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان، مەسىلەن: جەنۇبىي ۋە شىمالىي تۈرك ئاتالمىسى. 大食 ئاتالغۇسىنى ئەرەب دەپ ئېلىشمۇ مۇمكىن، يۇقارقى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ بولىشىمۇ تېرروتورىيىسىنىڭ ئۇنداق كىچىك ئەمەسلىگىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. يۇقارقى قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، چىگىللەر تالاس شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئىلى ۋادىلىرىغىچە جايلاشقان. ياغما قەبىلىسى ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىگە تارقالغان بولۇپ خاقانىيە، ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدە ياغما ئېلى نامىدا مەشھۇرلانغان. قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا ئاناساي ۋادىسىدا بولۇپ، بىر قىسمى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دائىرىسىگە كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى چۇ دەريا ۋادىسىدا بولسا، بىر قىسمى يەنە ھازىرقى ئاقسۇ دائىرىسىدە ياشىغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىن قالغان يەنە بىر ئۇچۇر «ئۇيغۇر ئىدىقۇتى تۆھپە مەڭگۈ تېشى »دۇر ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ قەدىمكىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ باش قىسمى يەنى تېرروتورىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك جايلىرى يوقالغان، 14- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تىكلەنگەن بۇ ئابىدىنىڭ خەنزۇ- چىسىنىڭمۇ ئالدىنقى قىسمى يوقالغان، لېكىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئابىدىدىن كۆچەرگەن

www.kitaphumar.com

كۆچۈرمىلىرى ساقلىنىپ قالغان ، ئۇنىڭدا " يارغول (交州) بۇگۇنكى ئۇيغۇر ئېلىدۇر، چېگرىسى شىمالدا ئامۇر دەرياسىغىچە، جەنۇبتا جۇچۇەنگىچە، شەرقتە ئۇدۇن - كاشغەرگىچە، غەربتە تۇبۇت(西番)گىچە باردۇ " ① دەپ يېزىلغان. ئابىتاكىئۇ بۇ باياننى چۇشۇنۇشلىك قىلىپ " غەربتە ئامۇر دەرياسىغىچە، شەرقتە سۇجۇغىچە تۇتۇشىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپى خوتەن ۋە قەشقەر بىلەن تۇتاشسا ، جەنۇبتا شىزاڭ ئىگىزلىگى بىلەن چېگرىلىنىدۇ" دەپ كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ يەردە 高昌 دىگەن نامنى ئۇيغۇر دەپ ئالدىم، چۈنكى 14 ـ ئەسىر قاراشلىرىغا مىنسۇب » ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈگى« دە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ " 高昌ئۇيغۇر" دەپ ئىزاھلانغان. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەئىي ئىشەنچىلىك بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىلغان. مەزكۇر ئابىدىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازغان .

خەنزۇچىسى ئۇيغۇرچىسىنى مەنبە قىلىپ يېزىلغان بولىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ ماتىرىيالنىمۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت جەمەتى تەمىنلىگەن دىيىشكە بولىدۇ. «يۇەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېگىنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا: " شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى تۇبەتلەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتۇشىدۇ، شىمال تەرىپى ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدىكى جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى گەنسۇنىڭ جىۇچۇەن رايونى بىلەن تۇتۇشىدۇ "دىيىلگەن. ① 982- يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان نامەلۇم ئاپتورنىڭ «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:" شەرق تەرىپى چىنىستان، جەنۇبى تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق، غەربىي تەرىپى قىرغىزلارنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرى، شىمال يېقىمۇ قىرغىزلار ، (قىرغىزلار؟) توققۇز ئوغۇز ئېلىنىڭ پۈتۈن چېگرىسىنىڭ ئەتراپلىرىغا تارقالغان .... تۈرك ئەللىرى ئىچىدە توققۇز ئوغۇز ئېلى ئەڭ چوڭ ھەم ئاھالىسىمۇ كۆپ. قەدىمدە پۈتۈن تۈركىستاندا قاغانلار مۇشۇ توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىدىن چىقاتتى« 1. 《ھۇدۇدۇل ئالەم》دە يەنە " چىنىستاننىڭ شىمالىدا تۈبۈت، توققۇز ئوغۇز ۋە قىرغىز يەرلىرى بار"، " تۈبۈت نىڭ شىمالىدا قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بار"، " ياغما ئېلىنىڭ شەرقىي تەرىپى توققۇز ئوغۇز ئېلى .... ئۇلارنىڭ خاقانى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىدىقۇتى بىر ئۇرۇقتىن"، " قىرغىز ئېلىنىڭ جەنۇبى توققۇز ئوغۇز چېگرىسى ھەم قارلۇقلارنىڭ مەلۇم جايلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ "، " قارلۇقلارنىڭ شەرقىي تەرىپى تۈبۈتلەرنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى ، ياغما ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرىلىرىدۇر .... شىمالىدا تۈركەشلەر، چىگىل ۋە توققۇز ئوغۇزلار بىلەن

www.kitaphumar.com

چېگرىلىنىدۇ“، ” بارسىغان كۆل بويىدىكى بىر شەھەر ... بېگى قارلۇق بولسىمۇ ئاھالىلىرى توققۇز ئوغۇزلارغا سادىق“، ”كۇچا چېگرا رايوندا بولۇپ چىنىستانغا تەۋە، ئەمما دائىم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ“20 دېيىلگەن. گەرچە 《ھۇدۇدۇل ئالەم》دە خېلى كەڭرى مەلۇماتلار بولسىمۇ، ئاپتور كىتابىنى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغانلىقى، يەنە كېلىپ پايدىلانغان ماتېرىياللار بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولمىغىنى ئۈچۈن، چۈشەنچىلىرىدە ئارىلىشىپ قېلىش، دەۋرىي جەھەتتىن پەرقلەندۈرمەسلىك سەۋەنلىكى مەۋجۇت، شۇڭا بىز باشقا ماتېرىياللارنى ئاساس،《ھۇدۇدۇل ئالەم》 نى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇ ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ تۈبۈت، ياغما (خاقانىيە)، قىرغىز، قارلۇق، چىگىل، قىماقلار بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى يېزىلغان. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى كۈچەيگەن چاغلاردا پۈتۈن تۈركىي ئەللەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۈچلۈك ئەلگە ئايلانغان. غەربىي چېگرىسى ئامۇر - سىر ۋە چۇ دەريالىرىغىچە بارغان، شەرقىي چېگرىسى دۇنخۇاڭ ـ جۇچۈەنلەرگىچە (دوكتۇر ئابىتاكىۇ كىتابىدىكى بەزى بايانلىرىدا ۋە كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە دۇنخۇاڭ، ئەنشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تېرىتورىيىسىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا شەرقىي شىمال چېگرىسى ئۆتۈكەن تەرەپكىمۇ سوزۇلغان بولۇپ شۇ تەرەپتە بىر قىسىم زېمىنلىرى بولغان. ئابىتاكىۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ قارىشىنى قوللايدۇ) تۇتاشقان. جەنۇبتا قەشقەر رايونىدىن تارتىپ كېيىنكى دەۋرلەردە بۆلۈنۈپ چىققان خاقانىيەنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ھۆكۈمىگە ئالغان بولۇپ، خوتەن رايونىنى مەركەز قىلغان ” ئالتۇن ئىل “ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تەرەپتە چېگرىسى مۇقىم بولمىغان، ئىلى دەريا ۋادىلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. دېمەك ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلغاندەك ئۇنداق كىچىك بىر خانلىق بولماستىن، كۈچەيگەن چاغلىرىدا خاقانىيە زېمىنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر ئەل بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن خاندانلىق پارچىلانغان ھەمدە ” خاقانىيە “سۇلالىسى بارلىققا كەلگەن، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ زېمىنى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى ئەل - ” ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى“ ۋە ” خاقانىيە“ گە پارچىلانغان. بۇ ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىدىن باشقا يەنە خوتەن رايونىنى مەركەز قىلغان ئالتۇن ئىل ھەم دۇنخۇاڭ رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر گەنجۇ ھاكىمىيىتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقارقى

www.kitaphumar.com

ھاكىمىيەتنىڭ ئىزنى بىسىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر خىشى ھاكمىيتى بولغان. بۇ ئۇيغۇر ھاكمىيەتلىرىدە بىرىكىش، يوقۇلۇش، پارچىلىنىش بولدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ھاكىمىيتى پارچىلاندى. ئۇيغۇر گەنجۇ ھاكىمىيتى يىمىرىلگەندىن كىيىن، ئۇيغۇر خىشى ھاكىمىيتى قۇرۇلدى ھەم يىمىرىلدى. خاقانىيە غازات قىلىپ، ئالتۇن ئىل ھاكىيتى بىلەن بولغان 40 يىلغا سوزۇلغان كۈرەشتە يىڭىپ ئۇنى يۇتۇۋالدى، ھەتتا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئىلىگە تەھدىت پەيدا قىلدى ھەم بىر قىسىم زىمىنلىرىنى بىسىۋالدى.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئىلىنىڭ كىيىنكى دەۋرلىرىدە يەنى خاقانىيە پارچىلىنىپ چىققاندىن كىيىنكى تىرروتورىيىسى ھەققىدە خاقانىيە خان جەمەتىدىن بولغان مەھمۇد كاشغەرى ئىنسىكدىلوپىك ئەسىرى 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》 تە ئىنىق مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ بىزنى مەنپەئەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئىتىدۇ.

ئۇسمى تارىم. ئىسلام ئىلىدىن ئۇيغۇر ئىلىگە ئىقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا. ①①

ئۆتۈكەن. تاتار(موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئىلىگە يىقىن.②

ئارامۇت. ئۇيغۇر ئىلىگە يىقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى. ③

تۈبۈت. ... بۇ يەرنىڭ شەرقي تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا .... تۇتۇشىدۇ.④

بۈگۈر. كۇچا شەھرى بىلەن ئۇيغۇر ئىلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چىگرا. ⑤

تالاس. تىراز دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى ئۇلۇغ تالاس دىيىلىدۇ، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چىگرىسىدا بولۇپ، كەمى تالاس-كىچىك تالاس دىيىلىدۇ.⑥

ئىلى ۋادىسى بىلەن يافىنچ ۋادىسى ئارىلىقىدا چىگرىغا جايلاشقان بىر شەھەرگىمۇ ئىككى ئۆگۈز دەپ نام بىرىلگەن⑦.

بەدەل ئارت. ئۇچ بىلەن بارسغان ئارىسىدىكى بىر داۋان⑧

تارىم. ئۇيغۇر چىگرىسىدىكى كۇچا دىگەن يەرنىڭ يىنىدىكى بىر جاي⑨

كۈسەن. كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلارنىڭ چىگرىسىغا جايلاشقان⑩.

چۈرچان-چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چىگرىسىنىڭ بىرى.10

كەمى تالاس. كىچىك تالاس .ئۇيغۇرلار چىگرىسىدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى.

كىڭۇت. ئۇيغۇر چىگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.30

www.kitaphumar.com

يافنچ.ïlα ئىلى يېنىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى.410
بارسغان. ئافراسياپ ئوغلىنىڭ ئىنى. بارسغان شەھرىنى شۇ بىنا قىلغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھرىدۇر.50

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرى قىممەتلىك پاكىت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن، تۈركىي خەلقلەر ياشىغان زېمىنلەردە ئون يىلدىن ئوشۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا ئۇ خان جەمەتىدىن بولغانلىقتىن بەزى ئىچكى سىرلاردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يېتىلگەن ئالىم، خان جەمەتىگە مەنسۇپ شەخس، يەنە ئون نەچچە يىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ماتېرىيال توپلىغان، شۇڭا بۇ ئۇچۇرلارنى تامامەن ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقارقى مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، غەربىي جەنۇبتا چەرچەنگە ( كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ سۈرۈلۈپ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋاششەھەرى يېزىسىنىڭ شەرقىگىچە) كېلىپ قالغان. تېبەتلەر تەرەپتىكى چېگرىسى ئۆزگەرمىگەن. خاقانىيە تەرەپتە چېگرىسى دەسلەپ ئاقسۇدا (16 ـ ئەسىردە ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگانى ‹‹تارىخى رەشىدىي ›› دە ئاقسۇنىڭ شەرقىنى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بويىچە ” ئۇيغۇرىستان “ دەپ ئاتىغان )، كېيىنچە سۈرۈلۈپ كۇچاغا، ھەتتا بۈگۈرگىچە كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆتكەن ھەققىدە ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن دەپ يېزىشىغا قارىغاندا ، شەرقىي شىمال تەرەپتە چېگرىسىنىڭ ئۆتكەن تامان سوزۇلغانلىقىغا، ئۇ تەرەپلەردىمۇ بىر قىسىم زېمىنلىرى بارلىقىغا ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دەستلەپ تامامەن ئاجىز ھالەتتە ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئويمانلىقلىرىنى ئىگەللەپ مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان. بۇ ئەل 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۈچىيىپ تېرروتورىيىسى تارىم ۋادىسىدا خوتەن رايونىدىن باشقا ھەممە جايلارنى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئىلى ۋادىسىنى ئىگەللىگەن بولۇپ ئامۇر، سىر، چۇ دەريا بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان، ھازىرقى تاشكەنت، ئالما ـ ئاتا، جامبۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خاقانىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ غازات نامى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى نۇرغۇن زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، جۈملىدىن ئىلى رايونىدا ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى مەغلۇب بولغان بولسا كېرەك،

www.kitaphumar.com

تاكى ئامۇر، سىر، چۇ دەريا بويلىرىغىچە بولغان زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ سوقۇشلار ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان بولۇپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مۇناسىۋەتلىك شېئىر، قوشاقلار خاتىرىلەنگەن. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئىككى ئەلنىڭ جەنۇبتا چەرچەن (كېيىنچە چاقلىقنىڭ ۋاششەھىرى يېزىسىنىڭ شەرقىدىراق)، كۇچا (كېيىنچە بۈگۈر بولغان بولسا كېرەك) لار چېگرا بولغان. شىمالي شىنجاڭدا بولسا ئىلى ۋادىسىدا بىرقىسىم جايلىرىنى ساقلاپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۆپ قىسىم جايلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى خاقانىيەگە خېلى كۆپ زېمىنلىرىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن تېررىتورىيىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى، ئۇ مەيلى قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغاندا بولسۇن، موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ، مىلادىيە 1369 - يىللىرى پۈتۈنلەي يوقالغىچە بولسۇن تېررىتورىيىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى، شۇڭا 11-ئەسىرلەردىن باشلاپ تاكى يوقالغىچە بولغان ۋاقىتتىكى تېررىتورىيىسى ھېساب قىلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى ( مىلادى 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە 199 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ). مىلادىنىڭ 840 - يىلىغا كەلگەندە تەخت تالىشىش، ئىچكى ئىسيان، باشقا تائىپەلەرنىڭ ھۇجۇمى، تەبىئى ئاپەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. شۇ سەۋەبلىك شەرقى ئۇيغۇرلار ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان پايتەختى قارابالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، قاغانلىقنىڭ سىياسى مەركىزىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ باغرىغا يۆتكەپ كىتىشكە مەجبۇر بولدى. شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كىلىشىگە توغرىدىن توغرا سەۋەپ بولدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۇيغۇر - ئورخۇن خانلىقىنىڭ داۋامى دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. ( ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مىلادى 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە 485 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ). ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پان تېكىن مىلادىنىڭ 848 - يىلى قاغانلىق تەختىگە چىقتى. پان تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن ئاۋال تىبەتلىكلەرنى تۇرپاندىن قوغلىدى. ئاندىن كېيىن ، بوكو تېكىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتەكلىرى ( ماناس، ئۈرۈمچى، بەشبالىق قاتارلىق جايلار ) دىن قىرغىزلارنى قوغلاپ چىقاردى. بوكو تېكىن مىلادىنىڭ 866 - يىلى چىڭخەي ئەتراپلىرىدا تىبەتلىكلەرنى تارمار قىلىپ ئۇلارنىڭ سەردارى ساڭكۇڭ رىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭسۇدا 100 يىل ( مىلادىنىڭ 770 - يىلىدىن 866 - يىلىغىچە ) تۇرغان تىبەتلىكلەر ئۇ جايدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ 870 - كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە

www.kitaphumar.com

ئەگە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يان تېكىن كەڭسۇ ( گەنسۇ ) دىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. يان تېكىن يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار غەلىبەلىرىدىن كېين مىلادىنىڭ 866 ـ يىلى بەشبالىقنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايەختى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرى يازدا بەش بالىقتا يازلاپ قىشتا ئىدىقۇت شەھرىدە قىشلايتتى.

بەشبالىق ۋە ئىدىقۇتنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېرىتورىيىسى شەرقتە هازىرقى جۇچۈئەنگىچە، غەرپتە بۇگۇرگىچە، جەنۇپتا تكلىماكان چۆلىگىچە، شىمالدا جەنۇبى ئالتايغىچە سوزۇلغان بولۇپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرى شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىز قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىدىقۇت ئۇنۋانى بىلەن ئاتىدى. ئۇلاردىن كىم خان بولسا ئىدىقۇت ئۇنۋانى قوشۇپ ئېيتىلاتتى. مەسىلەن : ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن، ئىدىقۇت قۇجىغار تېكىن دىگەنگە ئوخشاش. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىدىقۇت سۆزى ـ بەختلىك پادىشاھ دىگەن مەننى بېرەتتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى ----- يان تېكىن مىلادىنىڭ 866 ـ يىلى بوكو تېكىن تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

www.kitaphumar.com

# كارىز ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە

**غوپۇر نۇرىدىن تولمبۇك**

كارىزنىڭ ئىسمى كارىز. زىمىنىمىزدا 2000يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلىرى بىلەن تۇرپان-قومۇل ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان بۇيۈك يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ خاس نامى. بۇ نام ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ جانلىق تىلىدا يۇرتلار ئارىسىدىكى يىراقلىق،چۈشىنىش جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئايرىم ياڭداش ئۇقۇملارنى ئاڭلاتقانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدە مەخسۇس ئەنە شۇ ئۇلۇغ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ خاس نامى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ . تۇرپان قومۇل دېھقانلىرىنىڭ ئېڭىدا «كارىز» يەر ئاستى سۈيىنى ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان ئۇدۇم ھۈنەر بىلەن يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ يەر سۇغۇرىدىغان،ئادەم ۋە مال-ۋارانلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىدىغان، بوستانلىق بەرپا قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ ئاسرايدىغان ئەنە شۇ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۇقۇمنى ئاڭلاتمايدۇ. ھالبۇكى،كۆپۈنچە ھاللاردا كارىز ھەققىدىكى تەتقىقات، بەس-مۇنازىرە،ۋە چۈشەندۈرۈشلەردە ھەدىگەندىلا ئۇيغۇر تىلىدىكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بۇ بىر چىرايلىق ئىسمنى باشقا تىللارغا زومۇزو باغلايدىغان ، بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى بىر ئامالللارنى قىلىپ باشقا تىللارغا باغلىۋاللىسا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ كېتىدىغان خاھىشلار مەۋجۇت. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۆزەمنىڭ كارىزلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش،كارىز ھەققىدىكى ناھايىتى مول ماتىريياللارنى رەتلەش،كارىزلارنى قوغداش پىلانلىرىنى تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىش، كارىز ھەققىدە ئويلىنىش، بولۇپمۇ تۇرپان قومۇل دېھقانلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ سۆزلىشىش جەريانلىرىدا بۇ نوقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم .ئۇقۇمۇشلۇق ،ھۇش-كاللىسى جايىدا ،كارىزلاردىن ئەۋلاتمۇ ئەۋلات بەھرلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان،كارىزنىڭ ھاياتلىققا قوشقان تۆھپىسى ئالدىدا ئۇنىڭ جاپالىرىنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى

www.kitaphumar.com

چۈشىنەلەيدىغان، ئومۇمەن كارىزغا چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەت باغلىغان دېھقانلارنىڭ قەلب سادالىرىنى ئاڭلىدىم. شۇ سەۋەپتىن ئۆزەمنىڭ بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىششنى ئۆزەمنىڭ بۇرچۇم دەپ قارىدىم.

«كارىز» سۆزى ھەققىدە ئويلىنىش جەريانىدا مەن مۇنداق 3 تۈرلۈك مۇھىت بىلەن ئۇچراشتىم: بۇنىڭ بىرىنچىسى،دېھقانلارنىڭ تىل مۇھىتى؛ ئىككىنچىسى، ھازىر بىز قوللۇنىۋاتقان تۈرلۈك لۇغەتلەر ؛ ئۈچۈنچىسى، تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر .

مەن بۇ يەردە «دېھقانلارنىڭ تىل مۇھىتى»دىگىنىمدە تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدا ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات كارىز كولاپ، كارىز بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشىلىق، سالامەتلىك، ھەتتا ھايات بەدەللىرىنى تۆلەپ ياشاپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ «كارىز» سۆزىنى قانداق تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقى، بۇ سۆز ئارقىلىق نىمىنى ئاڭلىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يانداش مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتتۇم. نەتىجىدە بۇ نۇقتىدا جاۋاپنىڭ ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئاددىيلىقىنى كۆردۈم. يەنى:

1-«كارىز»سۆزى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرچە سۆز، «كارىز»نى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق زىت مەنە ۋە يىراق مەنە ئاڭلاتمايدۇ،

2-تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدا «كارىز» سۆزى فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا مەيلى تەلەپپۇز ياكى ئۇرغۇدا بولسۇن ياكى يېزىقتا بولسۇن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي ئەينەن قوللىنىلىدۇ.

3-«كارىز» سۆزى تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدىن باشقا قىسمەن جايلاردا «ئويمان»، «كاتتاڭ»، «ئازگال» قاتارلىق مەنىلەرنى ئاڭلىتىشقىچىلا كېڭەيگەن. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «كارىز» سۆزى «ئويمان»، «كاتتاڭ»، «ئازگال» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىشتىن «كارىز»مەنىسىنى ئاڭلىتىشقىچە كېڭەيگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ، كارىزدىن ئىبارەت بۇ خىل «يەر ئاستى قانال ئادەتتە بۇلاق بويلىرىدىن ياكى يامغۇر سۈيى توختاپ قالغان ئازگاللاردىن بەنا قىلىنغان، كىشىلەر يەر يۈزىدە يىگىرمە نەچچە مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر- ئىككى مېتىر ئەتراپىدا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر تىك قۇدۇق قازغان، تىك قۇدۇق بىلەن تىك قۇدۇقنى بولسا تەكشىلىكى يەر يۈزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش كېلىدىغان تەشمە بىلەن تۇتاشتۇرغان، بۇ تەشمىلەر تىك قۇدۇقلارنى تۇتاشتۇرۇپ تاكى ئېتىزلارغا ۋە

www.kitaphumar.com

باغلارغا يېتىپ بارغىچە داۋاملاشقان، سۇ بولسا تەشمە ئىچىدە شىلدىرلاپ ئېقىپ يەر ئاستى قاناللارنى شەكىللەندۈرگەن.»①

مانا بۇ تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىل مۇھىتىدىكى «كارىز» سۆزىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى. «كارىز» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىنىڭ زامان-زامانلار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ماددى شەكلى «كارىز» بىلەن بۇ زىمىندا ئەنە شۇنداق ئىجىل ، ئىناق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ كارىز بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن كارىز ئاتالغۇسى بارلىققا كەلگەنلىكى ناھايىتى ئاددى بىر ھەقىقەت.

«كارىز» سۆزىنى يوقۇرىدىكىدەك سۆز مەنىسى، يەنى لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىش جەھەتتىكى ئاددى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كىپايە قىلمايدۇ. بۇنى يەنە سۆزنىڭ ياسىلىشى ۋە سۆز يىلتىزى يەنى ئېتمولوگىيە نۇقتىلىرىدىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن «كارىز» سۆزى ئۇيغۇر  تىلىدىكى «كار» بىلەن«ئىز» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپقان دەپ قارايمەن. بۇ نۇقتىلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن يوقۇرىدا دەپ ئۆتكەن «مۇھىت» لاردىن ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان تۈرلۈك لۇغەتلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر دىگەن ئىككى مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە،بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان «كارىز» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 6 سۆز بار، بۇلار «كار»، «ئىز»، «كارىز»، «كارىزچى»، «كارىزچىلىق»، «كارىزلىق» ② قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «كارىز» سۆزىنى«‹كار› بىلەن ‹ئىز›نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز»دىگەن ئۇقۇمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ ئىككى سۆزنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «كار» دېگەن سۆزگە ئىش، مۇناسىۋەت، چاتاق، كېكىرگەن ئاۋاز دەپ تەبىر بېرىلگەن. مەسىلەن: كارخانا سۆزى مۇشۇ يەردىكى «كار» بىلەن«خانا» دىن تۈزۈلگەن؛ بىكارچى سۆزى يوقلۇقنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە «بى»نىڭ ئالدىغا قوشۇلۇشى ۋە «كەسىپ» نى بىلدۈرىدىغان «چى» قوشۇمچىسىنىڭ ئارقىغا قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن؛ «بىكار» سۆزىمۇ شۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا «خىزمەتكار»، «ھەۋەسكار»، «جەلپكار»، «ئەيىپكار»، ئىجاتكار»، «خىيانەتكار»، «ئىسيانكار» «جىنايەتكار» ...قاتارلىق سۆزلەر بولسا مەلۇم بىر ئىسىمغا ئىگىلىك قوشۇمچە ئورنىدا كەلگەن «كار»نىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىپ تېپىپ قىلغۇچى، شۇغۇللانغۇچى دىگەن تەۋەلىكنى ئېنىق بىلدۈرگەن،بۇنداق سۆزلەردە «كار» ئادەتتە ئارقا قوشۇمچە بولۇپ

www.kitaphumar.com

كېلىدۇ؛ «كارداڭ ئادەم») تۇرپان شۋىسىدە ‹كاردان ئادەم› دەيدۇ (،«بىكار تەلەت»، «كارىم يوق»، «كارى چاغلىق»، «بىكاردىن»، «كارى بولمىدى»، «كاردىن چىقتى»، «كارغا كەلدى»، «كار قىلدى»، «كار قىلىپ كېكىردى»...بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بىرلا «ئىش»، ياكى شۇ ئىشنى كەسىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، ئايرىملىرى بىر ئىش بىلەن يەنە بىر ئىش ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىرسى پەقەتلا ئاۋازغا تەقلىت قىلىنغان. يەنە بىر قىزىقارلىق يېرى شۇكى، خەنزۇ تىلىمۇ «كار» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىن ئەينەن قوبۇل قىلىپ "白卡尔的话" ( بىكار گەپ)، «新疆白卡尔» (شىنجاڭلىق بىكارچى) دېگەن سۆزلەرنى ياسىغان، بۇ سۆزلەرنى شىنجاڭدىكى يەرلىك خەنزۇلار ھازىرمۇ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار بۇ سۆزنى پارس تىلىدىن ئەمەس بەلكى مۇشۇ زىمىندا ئۆزلىرى بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ئادەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان،مەزمۇنى ئېنىق ئېغىز تىلىدىن قوبۇل قىلغان، بۇمۇ خۇددى «كەتمەن»، «پىياز»، «لوبو» دىگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ۋە شۇنداقلا «بەيسەي»، «جوۋتو»، «داشۋې» دېگەن سۆزلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، كار سۆزى ئۇيغۇرچە سۆزدۇر.ئەگەر «كار» سۆزىنى «لۇغەت» تە دېيىلگىنىدەك «پارس تىلىدىن كىر دى » دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ (ئەگەر كىرگەن بولسا) ئاللىقاچان ئۇيغۇرتىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن، ھەتتا ئىنتايىن مول مەنىلەرنى ئاڭلىتىپ ۋە رەڭدار فونىتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنتايىن تىپىك بولغان ئاھاڭداش سۆزلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. مېنىڭ ھەيران قالىدىغىنىم شۇكى، بىز «كار» ياكى «كارىز»سۆزىنى پارس تىلىدىن كىرگەن دېگەن چېغىمىزدا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدىن پارس تىلىغا كىرگەنمۇ قانداق دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ كۆرمەيمىز؟ «كار» ۋە «كارىز» سۆزىنى ئاختۇرۇپ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىن باشقا يەنە خىلمۇ-خىل لۇغەتلەرنىمۇ كۆرۈپ باقتىم: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت» ③ تە «كارىز» سۆزىنى «ئۇچە-بۇچە»دېمەپتۇ؛ «خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە لۇغەت»④تىمۇ«ئۇچە-بۇچە» دېمەپتۇ؛ خەنزۇچە«ئوكيانۇس»⑤(辞海)دىمۇ «ئۇچە-بۇچە» دېمەپتۇ؛ «ئۆزبەك تىلى لۇغىتى»⑥دىمۇ«ئۇچە-بۇچە»دېمەي، ئۆزبەك تىلى دەپتۇ، «پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت» تىمۇ⑦ «كارىز» سۆزىنى «ئۇيغۇرچە» دىمىگىنىگە ئوخشاش، «كىتاب»، «كاباب» سۆزلىرىنىمۇ ئەرەپچە، ياكى تۈركچە دېمەپتۇ؛ خەنزۇ تىلىغا ئائىت لۇغەتلەردىمۇ

www.kitaphumar.com

«««坎土曼、坎儿井»»» دېگەن سۆزلەرنى «ئۈچە-بۈچە»دېمەي پەقەت خەنزۇ تىلى قاتارىدا چۈشەندۈرۈپتۇ[8].

ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تىللىرىمۇ ئۆز-ئارا يېقىن تىللار بولغاچقا ، ئۇلاردىمۇ بىر-بىرى بىلەن ئورتاق لۇغەت تەركىۋى مەۋجۇت.مەن بۇنۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىنگلىزچە لۇغەتلەردىكى ئۆزەم بىر قەدەر تىپىك دەپ قارىغان «كوممۇنىزىم»، «كاپىتالىزىم»، «ۋاسكىتبول»، «ۋالىبول»، «فۇتبول»، «خەنىد» (قول)، «پولىسىي»دېگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ باقتىم، گەرچە بۇ سۆزلەر ئىنگلىز تىلىدىن باشقا ياۋروپا تىللىرىدىمۇ ئوخشاشلا مەزمۇندا قوللىنىلىدىغان بولسىمۇ ،ھەتتا بەزىلىرى باشقا تىللاردىن ئىنگلىز تىلىغا كىرگەن بولسىمۇ يەنىلا «ئۈچە ـ بۈچە» دېيىلمىگەن، پەقەت «ئىنگلىز تىلى» ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ[9] كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ياۋروپادىكى باشقا تىللارمۇ بۇ سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا «ئۈچە بۈچە» دەپ ئولتۇرمايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە يۈز يىللاپ مەۋجۇت بولۇش تۈپرىقىنى تاپقان،ھەتتا سۆز بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ گىراماتىكىسىدا مول، رەڭدار مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئۇنۇملۈك، پۈتۈن مىللەت شەرتسىز ئۆز تىلىمىز دەپ ئېتىراپ قىلىپ بىمالال ئىشلىتىدىغان«كارىز»غا ئوخشاش سۆزلەرنى ھېلىغىچىلا «ئۈچە بۈچە»دەپ ئولتۇرۇش كىشىگە ھېچقانداق قايىل قىلىش تۈيغۇسىنى بېرەلمەيدۇ.

شۇڭا «كارىز» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى بولغان «كار» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانا مۇشۇ «ئىش» مەنىسىنى ئاڭلىتىۋاتقان «كار» دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىل مۇھىتىدا ۋە لۇغەت مۇھىتىمىزدىمۇ يېتەرلىك ئاساسلارغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى روشەنلەشتۈردى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «ئىز» دېگەن سۆزگە ئاھاڭداش سۆز قاتارىدا 12 خىل مەنە بىلەن تەبىر بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە 3يەردە كۆچمە مەنىسى بولۇپ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت «ئىزنا» ۋە «ئىز»نىڭ يېقىن قوشنا مەنىلىرىنىلا ئاڭلاتقان. دېمەك، «ئىز» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىدىغان غول مەنىسى پەقەتلا شۇ «ئىز»نىڭ ئۆزى. بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان «كارىز»سۆزىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى بولغان «ئىز»نى مەن مانا مۇشۇ لۇغەت مەنىسىنى ئاڭلىتىۋاتقان «ئىز» نىڭ دەل ئۆزى شۇ دەپ قارايمەن. دېمەك بۇنىڭدىن «كار»دېگەن «ئىش»، «ئىز» دېگەن ئىزنا، «كارىز» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «ئەجدادلارنىڭ ئىشىدىن قالغان ئىز» دېگەن سۆز، دېگەن خۇلاسە تەبىئىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەن 2001-يىلى 8- ئايدا نەشىر قىلدۇرغان كارىز

www.kitaphumar.com

ھەققىدىكى رەسىملىك كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى«كارىز ئەجدادلاردىن ئىز »دەپ بېكىتكەندە تېخى بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم، ئەمما بۇئىسىم ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇنى نۇرغۇن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئەينەن قوللىنىپ كەلدى. مەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا بۇنچىلىك تېز ۋە ئەينەن قوبۇل قىلىنىلىشىدىكى سەۋەپنى يەنىلا بۇ ئىسىمدىكى «ئىز»سۆزىنىڭ تىل پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن «كارىز» سۆزىدىكى «ئىز» سۆزى بىلەن شەرتسىز بىرلىك بولۇپ مەيدانغا چىقالىغانلىقىدا دەپ قارايمەن. تۇرپان قومۇل دېھقانلىرى 2000يىل مابەينىدە تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدەك مۇشۇنداق يىللىق يېغىن مىقتارى ئاران 16مىللىمېتىر، ئەمما پارغا ئايلىنىش مىتارى 3000 مىللىمېتىر كېلىدىغان ئىنتايىن قۇرغاق رايوندا تەبىئەتتىن كارىز مۆجىزىسى ئارقىلىق سۇ ئېلىپ بوستانلىق ۋە بوستانلىق مەدىنىيىتىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ «بى+كار+چى»لىق قىلماي ئەمگەك (ئىش،كار)قىلىپ ئۇنىڭدىن «ئىز» لارنى، يەنى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن كارىزلارنى قالدۇرغان. بۇنۇقتىنى ئىسپاتلاشقا بىز بىلىدىغان كارىز چېپىش ئەمگىكىنىڭ ئېغىرلىقى، ۋاقتىسىز قېرىپ كەتكەن كارىزچى بوۋايلارنىڭ رىماتىزىم كېسىلى دەردىدىن تارتىۋاتقان ئازاپلىرى، ئارغامچا بىلەن 80-90 مېتىر چوڭقۇر تىك قۇدۇققا چۈشكىچە ئاغامچا ئۈزۈلۈپ، ياكى ئاغامچا تارتىدىغان كاللار قويۇپ بېرىپ ۋە ياكى باشقا ئاللىقانداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان نۆۋەر يىگىتلەرنىڭ ياشلىق ۋە ھايات بەدىلى، تەشمە چېپىش جەريانىدا «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جەسىدى قارا تۇپراق ئاستىدا قالغان يىگىتلەر، تەشمىدىن چىقىش ئېغىزى ئۆرۈلۈپ تەشمىنىڭ ئىچى تەرىپىدە قېلىپ ھاۋا يېتىشمەي ئۆلۈپ كەتكەن باتۇرلار، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك مەجروھ ناكار بولۇپ يېتىشى...كارىز ئۈچۈن تۆلەنگەن بۇ بەدەللەر ئەنە شۇ «ئىز» ئەمەسمۇ؟ ئۇلاردىن قالغان كارىزلار ئەنە شۇلارنىڭ «ئىش»، «ئەمگەك»لىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى ئەمەسمۇ؟

لۇغەتلەردە «كارىز»دىن باشقا يەنە «نان» سۆزىنىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى تارىخىنىڭ 3000 يىلدىن ئارتۇق بولغىنىغا قارىماي «پارسچە»دەپ ئالغان[10]. ھەتتا «ئارپا» سۆزىنىمۇ «ھىندىچە»دەپ ئالغان[11]، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىتلىكى بولغان لۇغەتلەردىكى بۇ ھادىسىلەرنى كۆرگەندە مەن ئۆزىمىزنىڭ تىلىمىزدىكى شۇنچە چىرايلىق سۆزلەرنىڭ قايسى تىلدىن كىرگەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ تېپىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىمىز ۋە ماھىرلىقىمىزغا ھەيران قالدىم. مۇشۇ لوگىكا بويىچە تەپەككۇر قىلغاندا ئۇيغۇر تىلى دىگەن سۆزدىكى «تىل» دىگەن سۆزىنىمۇ ئېنگلىز تىلىدىن كىرگەن، دىگەن «پەرەز»نى ئوتتۇرىغا

www.kitaphumar.com

قويالايمىز، چۈنكى ئىنگلىز تىلىدا «ماڭا دەپ بەرگىنە» دېگەن مەنىدىكى «tell me» دېگەن سۆزدىكى « tell »نى تەلەپپۇز قىلىشتىكى مەلۇم ئوخشاشلىقتا قاراپلا ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىزچىدىن كىرىپ «تىل» بولغان دېسەك بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ نەتىجىدە مەن ناھايىتى چوڭقۇر بىر پاجىئەلىك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم: ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدىن بۇ «ئۇچە بۇچە» دەپ مۆھۈر بېسىلغان سانسىزلىغان لېكسىكىلىق تەركىپلەرنى چىقىرىپ تاشلىغاندا ئۇيغۇر تىلى يەنە مەۋجۇت بولالامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر تىلى سۆزلەيدىغان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرچە ئىبىز ئاچالامدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «كارىز» سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھتا «ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىجاد قىلغان يار ئاستى سۇيىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى» دەپ ئاددىلا چۈشەنچە بېرىلگەن. ھالبۇكى مەزكۇر چۈشەنچە گەرچە كارىزنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا ئاددى بولۇپ قالغان بولسىمۇ «ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجادىيىتى» دېگەن ئۇقۇمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدا كارىزدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئەلبەتتە «كارىز» دېگەن سۆزنىڭ، يەنى لېكسىكىلىق بىرلىكنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بارلىققا كېلىپ تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىنگەنلىكىنىڭ ئەڭ قايىل قىلارلىق ماددى ئاساسى.بۇ يەردە يەنە شۇنى قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى،تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىدا ئىجاد قىلىنغان كارىزنىڭ «كارىز» دېگەن بۇ نامى يەككە-يىگانە بىر ناملا ئەمەس، بەلكى بىر يۈرۈش ئۆز ئالدىغا نام-ئىسمى بار ۋە ئالاھىدە جىسمىمۇ بار ماددى مەۋجۇدىيەتنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. كارىز قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر قايسى ماددى بۆلەكلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئاتالغۇلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تىك قۇدۇق، قۇدۇق ئاغزى ، قۇدۇق تۈۋى، چۆكمە، تىلما، تىلما ئاغزى، تەشمە، تەرلەڭگە، كۆز، تۇقاچىقىش، چىشلىشىش، كولۇ، تاماق، ئېرىق، كارىزكۆلى، توما، چۈشۈرگە، قارغو تەشمە ...ۋاھاكازالار، مانامۇشۇ ئاساسلار، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ بولغان دەۋىردە 1784كارىز مەۋجۇت بولغان مۇشۇ زېمىننىڭ كارىزنىڭ ئىجاد قىلىنغان جايى ئىكەنلىكىنى ۋە «كارىز » سۆزىنىڭ شەكسىز ئۇيغۇرچە سۆز ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ .

مېنىڭچە دەۋرىمىز تەرەققى قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەممە ئىشلاردا «دەۋر بىلەن تەڭ تەرەققى قىلىش»، ئىلمى تەرەققىيات كۆز قارىشى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان شارائىتتا تىل تەتقىقات ئىشلىرىمىزدىمۇ دەۋرگە ماس ھالدا تەرەققى قىلىشىمىز،كونا

www.kitaphumar.com

ئاڭلارنىڭ ئاسارىتىدىن مەردانىلىق بىلەن قۇتۇلۇپ يېڭىچە تەتقىقات ئېڭى ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشىمىز غا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايمەن.

يوقۇرىدا مەن «كارىز»سۆزى ھەققىدە دېھقانلارنىڭ تىل مۇھىتى ۋە لۇغەتلەردىكى ئەھۋاللار ئارقىلىق ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ «كارىز» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم،ئەمدى مۇشۇنچىلىك ئاساسلار ئۈستىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىنى يەنە بىر بىرلەپ ئانالىز قىلىپ بىرىنى قوللاپ، يەنە بىرىگە رەددىيە بېرىپ ئولتۇرۇشنى ئارتۇقچە دەپ ئويلىدىم، چۈنكى،يوقۇرىدىكى مۇلاھىزىلىرىم بولغانىدىكىن تۆۋەندە پەقەت ئۆزەم ئۇچراتقان تەتقىقات ماقالىلىرىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان نېگىزلىك مەزمۇنلارنى ئەينەن كۆچۈرۈپ نەقىل كەلتۈرۈپلا قويسام مۇلاھىزىداشلىرىم ئۆزلىرى ئاڭقىرىۋالىدۇ دەپ ئىشەندىم:

ۋاڭ خېتىڭ ئەپەندى«كارىز» سۆزىنى قەدىمكى تۈركى تىل دېگەن كۆز قاراشنى ياقلاپ مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ «...پارس(ھازىرقى ئىران) دۇنيادا كارىز ئەڭ كۆپ دۆلەت،ئېيتىشلارغا قارىغاندا 2000يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن.بەزىلەر بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ كارىز باشقا ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان بولغاچقا شۇ قاتاردا شىنجاڭغىمۇ تارقىلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ.شىنجاڭنىڭ ئىپەك يولىنىڭ مەركىزى ۋە قەدىمدە شەرق بىلەن غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچراشقان جايى بولغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخى پاكىتنى ئاساس قىلىپ تەكشۈرگەندە جوڭگونىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى مۇشۇ يەردىن غەرپكە تارقالغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمدى شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدىمۇ ئەلۋەتتە قەدىمقى ئوتتۇرا شەرق ، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ پارسلارنىڭ تەسىرىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا چوقۇم ئىراندىن كەلگەن دىگىلى بولمايدۇ،ئەگەرچوقۇم ئىراندىن كەلگەن دىيىلسە، ئۇنداقتا قاچان كەلگەن، قانداق كەلگەن، ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ نەرىدىن باشلانغان دىگەن مەسىلىلەردە ئېنىق پاكىتلار يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. بەزىلەر شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى ئىچىدە «波斯»(پوسكام)دىگەن نامنىڭ بارلىقى بىلەنلا ئىسپاتلاپمۇ باققان.( 坎 خېتىنىڭ خەنزۇچە井儿坎دىكى‹ 坎 ›بىلەن بىرخەتلىكىگە قاراپلا،ئاپتوردىن) شۇنداق، جەنۇبى شىنجاڭدا پوسكام ناھىيىسى بار،يەرلىك نامى puskaپۇسكا (‹پوسكام›نىڭ خاتا يەلەپپۇز قىلىپ قېلىنىشى،ئاپتوردىن).بۇ ناھىيىدە پوسكام (波斯坎) دىگەن بىر يېزا بار، پوسكام (波斯坎) دىگەن بىر ئۆستەڭمۇ بار.مەن يەرلىك نۇرغۇن ئادەملەردىن سوراپ كۆردۈم، بۇ تەل- تۆكۈس ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ زادىلا «پارس كارىزى»دىگەن مەنىنى

www.kitaphumar.com

ئاڭلاتمايدىكەن. پوسكام ناھىيىسى جەنۇبى شىنجاڭدىكى چوڭ دەريا ـ سزەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ تېرىتورىيىسىدىكى يەر ئاستى سۇ يۈزى يوقۇرى، سۇ بايلىقى،يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرى ناھايىتى مول. شۇ يەرنىڭ تەبىئى شارائىتىدىن قارىغاندا كارىزغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ، كارىز كولىشىمۇ مۈمكىن ئەمەس.دىمەك كارىز دىگەن بۇ ئىسىمدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىران بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ.شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ‹كارىز› دەيدۇ.ئاڭلىسام قەدىمى تۈركى تىلدا ‹كا›نىڭ مەنىسى ‹قۇدۇق› ئىكەن،‹رىز›بولسا ئېقىن سۇ ئىكەن....ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىراندا ئەڭ دەسلەپتە كارىزنى ‹ماردارچا›(mardarcha) دىگەن بولسا ھازىر ‹قانات› (canat)دەيدىكەن،شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سىرتتىن كىرگەن نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالىدىغان ئادەت بار، مەسىلەن تاماق يىگەندە ئىشلىتىدىغان چوكىنى ‹كويزا›، ئاوتوموبىلنى ‹ماشىنا› دىگەندەك. ئەگەر شىنجاڭدىكى كارىزلار تارىختا ئىراندىن كىرگەن بولسا پارسچىدىكى ئەسلى ئىسمىنى ساقلاپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۇ رايى گىئولوگىيە ئالىمى B.H.كۇنىن شىنجاڭ تۇرپاندىكى كارىزلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دىگەن ئىدى:‹شىنجاڭدىكى كارىزلار ئىراندىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەن›(جوڭگو پەنلەر ئاكادىمىيىسى نەشرىياتى‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئى شارائىتى›ئىلمى ماقالىلەر توپلىمىغا قارالسۇن)بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ مەنبىئى ئىراندا دىگەن گەپنىڭ تېخى ئېنىق ئاساسى يوق⑫

خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى مۇنداق بايان قىلىدۇ:«كەن ئېر جىڭ ـ坎儿井 ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹كارىز›نىڭ ئاھاڭ ۋە مەنە تەرجىمىسىدىن كەلگەن.ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقىت جيا چىڭنىڭ12-يىلى بولۇپ،خېنىڭنىڭ دوكلاتىدا كار‹卡尔› دەپ ئېلىنغان. داۋگۇاڭنىڭ19-يىلى ليەن جىڭنىڭ دوكلاتىدا قىسقارتىلىپ كار‹卡尔› دەپ ئېلىنغان. داۋگۇاڭنىڭ25-يىلى لىن زېشۈ يارغولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تۇنجى قېتىم كارىزنى كۆرۈپ ‹ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىسام كاجىڭ 卡井 دېدى› دەپ خاتىرە قالدۇرغان. گۇاڭ شۈنىڭ 6 -يىلى زوزوڭتاڭ دوكلاتىدا كەن جىڭ坎井 دەپ ئالغان...يوقۇرقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى كارىزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ياكى قىسقىچە تەرجىمىسى، كېيىن ئۇنىڭ ئاخىرىغا خەنزۇچە‹井› خېتى قوشۇلۇپ تىك قۇدۇقنى ئىپادىلىگەن. ئەمەلىيەتتە كارىز بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى تىك قۇدۇق ‹直井›پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سۇ قۇرۇلۇشى،بىراق خەنزۇ مەدەنىيىتىدە كارىز بولمىغاچقا، ئامالسىز

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭغا يېقىن بولغان‹井›سۆزىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى.ئۇيغۇر تىلىدىكى كارىز بىلەن پارس تىلىدىكى كارىزنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىپ يېزىلىش شەكلى تامامەن ئوخشاش....كېيىن غەرپلىك كىشىلەر تۇرپانغا كېلىپ خەرىتە سىزغان ياكى خاتىرە قالدۇرغان.ئۇلار يەرلىك كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىغا ئاساسەن،كارىزنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە kariz/karez دەپ ئالغان...ئۇلارنىڭ خاتىرىلىگىنى پارس تىلىدىكى karez بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.مۇشۇلا مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ،لېكىن بۇ سۆز تۈركىي تىلمۇ ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىمۇ ئەمەس،11-ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا بۇسۆزنى خاتىرىلىمىگەن.ئەينى ۋاقىتتا كارىز ئۆتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭرى تارقالغان. ‹karez› سۆزى ئەڭ دەسلەپ پارس ۋە ئەرەپ مەدەنىيەت مىراسلىرىدا ئىشلىتىلگەن.مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇنى ئۇقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر‹karez› سۆزى تۈركىي تىل بولغان بولسا،ئۇنداقتا ئۇ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا بۇ سۆزنى تاشلاپ قويمىغان بولاتتى.... كارىز- ‹karez›پارس تىلى بولۇپ،يەر ئاستى سۇ يولى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.بۇ سۆز قەدىمكى پارس تىلىدىكى كاتچ katch دىن كەلگەن، ئەڭ دەسلەپ كاتچ katch(قېزىش، كولاش)بىلەن رىز rez (ئېقىن سۇ)نىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان، پارسچە يازما يادىكارلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ...»⑬

چۇخۇيجىن ئەپەندى بۇھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ«يارغول شەھىرىدىكى قەدىمى قۇدۇق ۋە يەر ئاستى تەشمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى،تاڭ دەۋرىدىن قالغان قىزىلما ۋەسىقىلەردىكى خۇما قۇدۇقى(胡麻井) ۋە خۇما قۇدۇق ئېرىقى(胡麻井渠)ھەققىدىكى خاتىرىلەر،قەدىمى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلاردىكى‹قۇدۇقچى› قاتارلىقلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى،ئىككى خەن دەۋرىدىن تاڭ، يۈەن دەۋرلىرىگە قەدەر كەن ئېرىق-جىلغا 坎儿井 (كارىز) تۇرپاندا جىلغا چۇ‹井渠›دەپ ئاتىلىپ كەلگەن،يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەن لوڭ يىللىرىغا كەلگەندە كا جىلغا- 卡井 غا ئۆزگەرگەن،تاكى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۆزگىرىپ كەن ئېرىق جىلغا- 坎儿井 دېگەن ئاتالغۇ شەكىللەنگەن.شۇڭا كەن ئېرىق جىلغا- 坎儿井دېگەن بۇ ئىسىم ھەرگىزمۇ ئىراندىكى كارىز karez غا بېرىپ تاقالمايدۇ. كەن ئېرىق جىلغا- 坎儿井 نىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان جىلغا چۇ 井渠 ‹بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى›،‹چىگرا رايونىنى قوغدىغۇچى›لارنىڭ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان. پەقەت ئۇنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىلا ئۇزاقراق بولغان، خالاس. بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى تۇرپاندىكى كارىز لار خەن سۇلالىسىدىكى ‹بوز يەر ئېچىش›تىن كەلگەن.ئۇنىڭ ئىسمى

www.kitaphumar.com

تۆۋەندىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن:‹قۇدۇق井-قۇدۇق ئۆستەڭ井渠-كا جىلغ卡井-كەن ئېرىق جىلغ坎儿井››»⑭

جوڭ شىڭچى ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى«غەرپنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كەن ئېرىق جىلغىسى( كارىزنى) kariz دەپ ئاتىغانلىقىغا قاراپلا، ئۇنىڭ پارس تىلىدىكى kahrez ( كاھرىز卡赫莱兹)بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭ كارىزلىرىنى ئىراندىن كەلگەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. 坎儿井 كەن ئېرىق جىلغ خەنزۇ تىلىدا بىر ئوچۇق بوغۇم بىلەن يەنە بىر يېپىق بوغۇمدىن تەركىب تاپقان سۆز، ئۇڭايلا ئېرلىشىپ (儿化) كەن ئېرىق جىلغ坎儿井بولۇپ قالىدۇ،ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىمۇ تەبىئىلا ئېر(儿)بوغۇمى قوشۇلىدۇ.ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹كارىز› سۆزى خەنزۇچىدىكى‹ 坎井›سۆزىنىڭ بىۋاستە ئاھاڭ تەرجىمىسى.جيەنبوچۇ كارىزنىڭ ‹تارىخى خاتىرىلەر›، ‹خەننامە›قاتارلىق مەنبەلەردە جىلغ چۇ(井渠)دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ۋە سەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇەن تەي ناھىيىسىدە بۇنى كۆپىنچە ھاللاردا ‹غار قۇدۇق› (洞子井)دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ،ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹كارىز، ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى خەنزۇ تىلىدىكى ‹غار قۇدۇق›(洞子井)نىڭ مەنىەن تەرجىمىسى دەپ ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا 洞 (ئۆڭكۈر) نى كارىز دەيدۇ، ‹غار›سۆزنىڭ ئارقىغا 子‹زى› نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان ز نى قوشۇش ئۈچۈن يەنە ر بىلەن ز دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئى دىن ئىبارەت بۇ سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ،شۇنىڭ بىلەن ‹غار قۇدۇق›(洞子井) ئۇيغۇر تىلىدا ‹غارىز» بولغان،‹غ›دىن ئىبارەت بۇ ئارقا تاڭلاي تىترەك تاۋۇش ‹ك›بىلەن يېقىن بولغاچقا ‹كارىز› دەپ ئوقۇلۇشقا باشلىغان.»⑮

تۈرك يارىخچىسى دوغۇ پىرىنچەك ئەپەندى شىنجاڭغا كېلىپ كارىزلارنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق مۇلاھىزە قىلىدۇ «...ئۇيغۇرچىدا كارىز دېيىلىدۇ، پارسچىدا كارىز، كاھرىز سۆزى بار. مەشھۇر تۈركولوگ ئارىن ئاچال ئوگلۇ كافكازىيىدىمۇ كېھرىز، كېرىز، گېرىز دەپ ئاتىلىدىغان يەر ئاستى قاناللىرى بارلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ...كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، كاھرىز، كارىز، كەرىز، گەھرىز، گېرىز سۆزلىرى ئوتتۇرا شەرق ۋە كافكازىيىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگىچە تارقالغان كەڭ دائىرىدە ئۆز ئەينى ۋە يېقىن مەنىلەردە قوللىنىلماقتا. پارسچە-تۈركچە لۇغەتتە كارىز سۆزىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

‹گېرىز- سۇ ئېقىنى، لەخمە ، ئەسلى كاھرىزدۇر.سۇچىلار سۇ سۆڭگۈچىدىن ئۆتكەن سۇ

www.kitaphumar.com

ئېقىنىنى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن سامان ۋە ياغاچ پارچىلىرىنى تۆكۈپ ئاققۇزغانلىقى ئۈچۈن كاھرىز دېيىلگەن.› سۆ سۆڭگۈچى سۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى سامان ۋە تالاش بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى نەقەدەر توغرا چىققان-ھە؟ ئۇيغۇرلار كارىز دەيدۇ. كارىز، تۈركچىدىكى ئارك (ئېرىق)، خارك(چۈنەك)، ئارىك(ئېرىق)، ئىرماك(دەريا) دىگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە يىلتىز قىلغانمۇ قانداق؟ بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ‹ئىز› بىلەن ‹ئېز›قوشۇمچىسىنىڭ قەدىمقى تۈركچىدىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولغان ‹ز›بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ قانداق؟ ئۇنىڭدىن باشقا تۈركچىدە ‹كارماك› ۋە ‹كازماك› دىگەن پېئىللارمۇ بار. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزىنىڭ چوڭ بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن چۈشەنچىدە ئاڭلىماقتا ‹كارىك›تىن كەلگەندەك قىلىدۇ.‹كارىز›‹ كارىك›نىڭ كۆپلۈك شەكلىمىدۇ؟»⑯ «...پارسچىدا بولسا كەھرىز سۆزى بار...بۇ سۆز ئەجىبا پارسچىدىن تۈركچىگە كىرگەنمۇ، ياكى تۈركچىدىن پارسچىغا كىرگەنمۇ؟ تىلشۇناسلار بۇنىڭغا نىمە دەيدىكىن؟»⑰

## ئىزاھاتلار:

①سۆيىن خېتىن «ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ساياھەت قىلغان 8يىل› يۈرپان ساياھەتچىلىك كۆرسەتمىسى» 158-بەت(خەنزۇچە)

②«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1996-يىلى، بېيجىڭ نەشرى، 4- توم 478 -،486-بەتلەر؛ 6- توم 214- بەت

③ «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1982-يىلى نەشرى 184-بەت

④ «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچەلۇغەت» ‹سىناق نۇسخىسى، يېڭى يېزىق› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1974-يىلى نەشرى451-بەت؛ «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 -يىلى نەشرى،1-قىسىم1014-بەت

⑤«ئوكيانوس»خەنزۇچە، «辞海» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى1979-يىلى نەشرى 528-بەت

⑥ «ئۆزبەك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۆزبەكچە، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 2-قىسىم، 398-بەت

⑦«پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت»،سودا نەشرىياتى،1989-يىلى بېيجىڭ نەشرى 1833- بەت

www.kitaphumar.com

⑧«ئوكيانوس»خەنزۇچە، «辞海» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى1979-يىلى نەشرى 528-بەت؛ «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» ‹سىناق نۇسخىسى، يېڭى يېزىق› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1974-يىلى نەشرى451-بەت؛ «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1989-يىلى نەشرى،1-قىسىم1014-بەت

⑨«ئېنگىلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت»لىياۋ نىڭ خەلق نەشرىياتى1975-يىلى نەشرى، 234،187،567،499،1439،102،953-بەتلەرگە قارالسۇن؛ «ئوكسفورد ھازىرقى زامان ئېنگىلىز تىلى يېڭى ئۆگەنچىلەر ئۈچۈن ئالى دەرىجىلىك لۇغەت»...

⑩«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1996-يىلى، بېيجىڭ نەشرى، 5- توم،352-بەت

⑪«تۈركچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»مىللەتلەر نەشرىياتى،1989-يىلى نەشرى،52-بەت

⑫ۋاڭ خېتىڭ «سۇچىلىق ھەققىدىكى ئەسەرلەردىن تاللانمىلار» 195-بەت «شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى» نەشرى

⑬خۇاڭ شېڭجاڭ«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»2002-يىلى1-سان50،51-بەتلەر

⑭جوڭ شىڭ چى، چۇخۇەيجېن، تۇرپان كارىزلىرى (吐鲁番坎儿井) 73 -بەت 钟兴麒，储怀贞

⑮جوڭ شىڭ چى ،چۇخۇەيجېن،تۇرپان كارىزلىرى91، 90 (吐鲁番坎儿井) -بەتلەر钟兴麒，储怀贞

⑯ دوگۇ پىرىنچەك «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» قايناق نەشرىياتى، تۈركچە 76-بەت

⑰«بىلىم ۋە تۇرمۇش» تۈركچە 2004-يىللىق 7-سانى13-بەت

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 2006-يىللىق 6-سانىدىن ئېلىندى

www.kitaphumar.com

# خوتەندىكى دېئالېكتنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا

مىرسۇلتان ئوسمانوف

## 1.خوتەن دىئالېكتىغا ئومۇمىي بىر قاراش

تەكلىماكانىنى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىرقانچە خىل دىن ۋە بىرقانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىرقانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مۇنداق ئارىلىششلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (بۇ يېزىق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى يېتىشسىزلىكلىرىنى تەدرىجىي تولۇقلاپ كەلگەن) ئاستا-ئاستا باشقا يېزىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى يوقىتىش ۋە مەغلۇپ بولغان تىللارنىڭ بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا باشقا تىللار ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى يېزىق تىللىرىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇ جايلاردىكى ئولتۇراق ئاھالە قوللانغان تىللار بولۇپ، ئالىملار بۇ جايلاردىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بۇ تىللارنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان سوغدى، توخرى ۋە ساق تىللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. بۇ تىللار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدا يالغۇز لېكسىكا ساھەسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتمەي، ھەتتا گراماتىكىلىق تەركىبلەردىمۇ بەزى ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئارىلىشىش قاتلاممۇ قاتلام بولغان جايلارنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن دىئالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىششلارنىڭ ئىزلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇلاردىن قارۇشتى يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىر قەدىمكى تىلنى گېرمانىيىلىك ئالىم لودېرس ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ «ساق» تىلى دەپ ئاتىغان ۋە بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن

www.kitaphumar.com

مېي سۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى» دېگەن ماقالىسىدە، ساقلارنىڭ خوتەننى ئىدارە قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ، ئۇنى «ئۇدۇن» تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ قارىغاندا، مېي سۇن ئەپەندىنىڭ پىكرى تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ئاتاش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. يۈتيەنخېڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە سوغدى تىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .

قولىمىزدا ساق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن، خوتەن دىئالېكتى بىلەن ساق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلالمايمىز، لېكىن خوتەن دىئالېكتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ساق تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز. ھازىرقى خوتەن دىئالېكتى تەتقىقاتىدا بەكرەك مۇھىم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بەزى ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ تارىختىكى ئاق ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى. چۈنكى، ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىمۇ قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاھالە بار. ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن رايونىدا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ئوقىرى يېزىسىدا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونىغا قاراشلىق گازۇن يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. مۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەيخلەر كەنتى (بۇ كەنت كۆسەي قىشلاق، شىللەن تېرىكى، شەيخلەر، دۆڭچاقا دېگەن 4 مەھەللىدىن تەركىب تاپقان) دە ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونى ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونى ھەم قەشقەر خانئېرىق بازىرىغا قاراشلىق شەيخلەر كەنتىدىكىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

خوتەن دىئالېكتى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

www.kitaphumar.com

## 1.بۇ كىشلەرنى ئاتاش مەسلىسى

«ئابدال» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە بۇ خەلقنىڭ تارىخىي نامى بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ سەلبىي مەنىسى يوق ئىدى. بۇ ھەقتە دۆەن لىيەنچىن ئەپەندى پ. سەيكس (ئەنگلىيە) ۋە م. مككوۋېن (ئامېرىكا) لاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ خەلقنىڭ ئەسلىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەنلىكىنى، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئۇلارنى «ئابدال ؟؟؟؟ (ئېفتالىت)» دەپ، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر، خارەزملىكلەر خۇا (滑) دەپ، پېرسىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇلارنى خايتال (Haital) دەپ ئاتىغانلىقى، شەرقىي رىملىقلارنىڭ «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىدۇ .ئۇلارنىڭ تارىختا بىرمەزگىل تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىنى چۆرىدەپ ياشىغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن ھازىرقى چاقلىق ناھىيىسگە قاراشلىق مىرەن يېزىسىنىڭ شىمالىدا «ئابدال» دېگەن جاي (ھازىر ۋەيران بولغان) ئىسمىنىڭ گۇۋاھ ەرىقسىدە قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. كېيىنچە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر، مەسىلەن، خەتنىچىلى تىلەمچىلىك قاتارلىقلار «ئابدال» دېگەن بۇ سۆزگە سەلبىي بىر مەنە ئۇستىلەپ قويغان.

«ئەينۇ» دېگەن ئاتالمىغا كەلسەك، بۇ ئاتالغۇمۇ يۇقىرىدىكى (滑) دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، بۈگۈن بۇ ئاھالە مەنە دائىرىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ سەلبىي مەنىلىك ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغىنى يوق. ئۇلار ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» ھېسابلايدۇ. بۇ توغرىدا ئابلەت ئابباس شۇنداق دەيدۇ: «شەيخلەر چىراي-قىياپەت، تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئويمۇ ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، ئۆي-ئىمارەت ۋە ئۇنى تۈزەش-بېزەش، كىيىنىش-تارىنىش، زىبۇزىننەت، يېمەك-ئىچمەك جەھەتلەردىمۇ پەرقلەنمەيدۇ .

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ ھەقدارلارنىڭ ئېتنىك ئاڭ مەسلىسىنى ھېسابقا ئالماي، ئۇلارنى دەۋرىمىزدە سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ قويۇشىمىز مۇۋاپىق بولمىغان.

## 2. تىل مەسلىسى

www.kitaphumar.com

دەۋرىمىزدە بىر قىسىم تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان بۇ «تىل»نىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ف. گرېنارد، گ. راكوۋىتتى، پ. پېللىئوت قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن بايقالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بەزى ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغانلىقىدىن 1956- يىلى خوتەن زىيالىيلىرى بۇ «تىل» توغرىلىق بىزنى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، دىققىتىمىزنى ئارتۇق تارتىپ كەتمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن 1956- يىلى خوتەن دىئالېكتىنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە بۇ «تىل»نىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىلىق شۇ چاغدىكى ئېلچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەت توشۇغۇچىسى (ئىسمى ئۇنتۇلۇپتۇ)، بۇ كىشى ئېلچى ناھىيىسى ئاقتاش رايونى گازۇن يېزىسى گېۋوز كەنتىدىن ئىدى) بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ كىشى ماڭا: «بىزنىڭ ئەسلى تىلىمىز پارسى-يا» دېگەنىدى. بىز كېيىن لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونىدىكى گېۋوزغىمۇ بىرقانچە كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ «تىل»نى مەخسۇس تەكشۈرگەندۇق. نەتىجىدە بىرقانچە يۈزلىگەن پارسىي تىل لېكسىكىسىدىن باشقا ئالاھىدىلىك بولمىغانلىقتىن، بۇ «تىل» غا ئارتۇق ئېتىبار بېرىلمىگەنىدى. كېيىن 80-يىللاردا بەزى تىلچىلىرىمىز خوتەن، قەشقەرلەردە بۇ توغرىلىق مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىرقانچىلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

ھاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى» 1982- يىل مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قەۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985- يىل 2- سان)

شېرىپجان قاسىم: «گېرىبوز ۋە تامئېغىل تىلى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە» («ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى»، خوتەن، 1981)

ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997- يىل 3- سان)

بۇلاردىن ئالدىنقى 2 ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇددى بىر كۆمۈلۈپ قالغان دۇنيا تېپىلىپ قالغاندەك ۋازىيەت پەيدا بولدى-دە، خەلقئارادا بۇ «تىل» غا قىزىقىش پەيدا بولدى. ئالايلى، 1994- يىلى Otto ladstattr بىلەن Andreas ئىككەيلەن 1983-1986- يىللىرىدىكى تىل تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «شىنجاڭدىكى ئابدۇللا» ( Die abdal (a ynu) in xinjang) دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىشتى. كېيىن1997- يىل 7-8- ئايلاردا ياپونىيىدىن قاياشى تورو باشلىق بىرقانچە تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ قەشقەر ۋە خوتەنلەردە بىرنەچچە كۈن تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

www.kitaphumar.com

بۇ ماقالىلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس ئاق ھۇن تىلى ئۈستىدە توختالغان، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئىتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تىلى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالغان. ئاق ھۇن تىلىغا تېگىشلىك بولغانلىرىدا بۇ تىلنى قانداق ئاتاش (مەسىلەن، ئارىلاشما تىل، قوش تىللىق ھادىسە، بىر يېرىم تىللىق ھادىسە...) لازىملىقى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن. ھەتتا بەزىلىرىدە بۇ ئاھالىنى «ئابدال» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە بىر جامائەت ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىۋالغان مەخپىي سۆزلىرى (ژارگونلىرى) ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن . بىز خوتەن دىئالېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن بۇ «تىل» توغرىسىدا بىزدىن بۇرۇنقى ئاپتورلارنىڭ ئېيلان قىلغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بىرقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

بۇ «تىل» دا 8 سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ۋە 22 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بولۇپ، فونېمىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار بىلەن ئوخشاش. پارس تىلىدا يوق «ئۆ»، «ئۈ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا بولغانلىقى، پارس تىلىدا بار «ف»، «ژ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا يوقلۇقى، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى «ئا»، «ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كېيىندىن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئىران گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردا، جۈملىدىن پارس تىلىدا ئاجىزلاشماي، بۇ «تىل» دا خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئاجىزلىشىدىغانلىقى ئۇنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

گراماتىكىلىق جەھەتتە:

ئىسىملاردا شەخس، كېلىش، سان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە تامامەن ئوخشاش. سۈپەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك «راق، رەك» قوشۇمچىلىرى ۋە كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «غىنە، قىنە، كىنە، گىنە» قوللىنىلىدۇ. سانلاردا دەرىجە سان ئۈچۈن «چى» قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساناق سانلار پارس تىلىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى چوڭ سان ئالدىدا، كىچىك سان كەينىدە كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سانلاردىن كېيىن «چە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ مۆلچەر سان ياسىلىدۇ، كەسىر سانلار ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى

www.kitaphumar.com

«دىن» نىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. ئالماشلاردىن «ھەر، ھېچ، ئان (پارسچە كۆرسىتىش ئالمىشى)» لاردىن باشقىلىرى ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ (دىققەت: ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياگرۇ ئەپەندىلەر مەن، ئۇ ئالماشلىرىنى پارسچە قىلىپ كۆرسەتكەن، تارىخىي جەھەتتىن ئىنقىلانماي تۇرۇپ، ھازىرقى ئوخشاشلىقىغا قاراپ بۇ ئىككى ئالماشنى پارسچە دېگىلى بولماس). پېئىللارنىڭ تۈسلىرى، رايلىرى، دەرىجىلىرى، زامان، شەخس، بولۇشلۇق، بولۇشسىز فورمىلىرى، سۈپەتداشلار، رەۋىشداشلار، ئىسىمداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش. ياردەمچى سۆزلەرگە كەلسەك، «كېيىن، ئۈچۈن، تېخىمۇ، قېتىم، مۇ (ئۇلانما)» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا پېئىل ياساش ئۈچۈن «لا، لە، لاش، لەش» قوشۇمچىلىرى، «بول»، «قىل» ياردەمچى پېئىللىرى، تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياساش ئۈچۈن «لىق، لۇق، لىك، لۈك» قوشۇمچىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىمۇ تامامەن ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك. بۇ «تىل»دا پارس تىلى ئۈچۈن گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك بولغان ئىزافەت قۇرۇلمىسى قوللىنىلماي، ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئىگىلىك كېلىش ياردىمى ئارقىلىق ئىنقىلىغۇچى-ئىنقىلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ «تىل» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدە باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بىرقانچە يۈز ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىلا. ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياگرۇ ئەپەندىلەر كۆرسەتكەنB گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنى بۇ «تىل» نىڭلا لېكسىكىلىق تەركىبىگە خاس دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى، بۇ B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ھەممە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا ئورتاق . «ئارىلاشما تىل» لىق ھادىسىسىگە كەلسەك، «ئارىلاشما تىل» بولۇش ئۈچۈن يالغۇز ھەر ئىككى تىلنىڭ لېكسىكىسىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭمۇ ئارىلاش قوللىنىلىدىغان بولۇشى لازىم. لېكىن، يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ «تىل» نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشاش. «قوش تىللىق ھادىسە» مەسىلىسىگە كەلسەك، قوش تىللىق بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككى تىلنى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى (فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا) بويىچە سىستېمىلىق ھالدا تەڭ قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ «تىل» دا پارس تىلىغا خاس بولغان بىرقانچە يۈزلىگەن سۆز خۇددى ژارگونلار ياكى كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ، پارس تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە

www.kitaphumar.com

گرامماتىكىسىغا رىئايە قىلىنمايدۇ. «بىر يىپرىم تىللىق» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تىلشۇناسلىقتا تېخى مۇنداق ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. بەلكىم، يۇقىرىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، شۇنداق دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

لېكسىكا ــ تىلدا پەقەت بىر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسمىلىرىنىڭ بىرى. لېكسىكا (يەنى تىلدىكى نەچچە ئونمىڭلىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى) گرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا (يەنى مەلۇم گرامماتىكىلىق قائىدىلەر ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەندىلا) ئاندىن ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. ۋەھالەنكى بىرىكمىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەر شۇ تىلدا قوللىنىلىدىغان فونېمىلارنىڭ مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا بىركىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يالغۇز بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلىنىپلا «تىل» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيلى، هاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە، بۇ ئاھالە دائىم دېگۈدەك قوللىنىۋاتقان 1000 ئەراپىدىكى پارىسچە سۆز ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان سۆزلەر (مەسىلەن: زېمىن دەخلەيدىغان چىز تراكتور) نى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئالاقىلىشىشقا يېتىدۇ، ھەرقانداق مەۋھۇم ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشكە يېتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، بۇ 1000 ئەتراپىدىكى سۆز ھەتتا ئائىلىۋى ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىشقىمۇ كەملىك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە هاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ بۇ «تىل» توغرىسىدا تۆۋەندىكى كۆزقاراشلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. «ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن... بۇ تىلدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلى ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن»⑦.

بۇ «تىل» نىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە شۇ نۇقتىنى قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ تەكشۈرۈشلەردە بۇ ئاھالىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلانغان مۇشۇ بىرقانچە يۈز (ياكى 1000 ئەتراپىدا) سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، شارائىتى، ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈمسىزلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، يەنى ئۇلار ئۆزئارا، ئائىلىدە نوقۇل ھالدا مۇشۇ سۆزلەرنىلا قوللىنامدۇ؟ ياكى بۇ سۆزلەرنى شۇ مەندىكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بىلەن تەڭ قوللىنامدۇ، ياكى ھەرقانداق شارائىتتا قوللىنامدۇ؟ قوللىنىلىش ئۈنۈمى، سۆز ياساش ئۈنۈمى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر روشەنلەشتۈرۈلمىگەن. لېكىن، بۇ بىر ئەمەلىي مەسىلە، بۇ «تىل» نى قانداق ئاتاش، ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش ھازىرقى

www.kitaphumar.com

زامان ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، شۇنىڭدەك بۇ «تىل» نى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەقدارلار ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىرىنچە بۇ «تىل» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جەنۇبىي دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ «ئاق ھۇن قاتلىمى» دەپ قارىغان مۇۋاپىق. مۇنداق ئاتاش بۇ ئاھالىنىڭ ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن «ئابدال»، «ئەينو» دېگەن سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان نامىلارنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىغا، تىل جەھەتتىن تارىختىكى «ئاق ھۇن» لار قوللانغان گىراماتىكىلىق سىستېمىسى تۈركىي، لېكسىكىسىدا ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان تىلنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق ھۇن» قاتلىمىنىڭ قاچان ۋە قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قاتلىمى بولۇپ قالغانلىقى بىز بايان قىلىۋاتقان خوتەن دىئالېكتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۇچۇن بۇ توغرىدا بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

### 3 . قەشقەر پايناپتىكى «شەخلەر» بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن، لوپ، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدىكى بۇ ئاھالىنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش مەسىلىسى

بۇ توغرىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان ھەزرىتى ئەلىگە چېتىشلىق رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتتىن يىراق. ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرى تېخى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. تارىختىكى ئاق ھۇنلارنىڭ بۇ ئورۇنلاردىكى پائالىيىتى بولسا VI ئەسىردىن بۇياقا ئۆتمەيدۇ. بىز بۇ ئاھالىنى ئاق ھۇنلارنىڭ غەربكە ئۆچمەي بۇ ئورۇنلاردا قېلىپ قالغانلىرى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ 14 ئەسىرلىك ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا تىل جەھەتتىن ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشى، بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالماسلىقى تۇرغان گەپ.

X ئەسىرگە ئائىت سەئىدىبەتتال غازىغا چېتىشلىق رىۋايەتلەر (بۇ مەلۇمات ئابلەت ئابباسنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە بېرىلگەن) گە كەلسەك، بۇ رىۋايەتلەر تېخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. ناۋادا قەشقەر پايناپتا «شەيخلەر كەنتى» نى، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتىدە ئىككى «گېۋوز» نى ئۇلار X ئەسىردىن ئېتىبارەن تەدرىجىي تەشكىل قىلغان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ئەسىر داۋامىدا (ئۇلارنىڭ باشقا ناھىيىلەرگە تارقىلىپ

www.kitaphumar.com

كەتكەنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ) يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسىي نۇقتىدا ئاران 4000ـ5000 نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكى نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن قارىغاندا بەك ئازلىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مۇنداق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ: X ئەسىر ئاخىرىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسى قورشاۋدا تۇرۇپمۇ 10 ئەسىر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى بۆگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالىشى تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. تېخى XI ئەسىردە خوتەن ئاھالىسى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنىدى. بۇ توغرىلىق مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دېگەن: «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆز بېشىدىكى ‹ئەلىف ـ ا› نى ‹ھ ـ h › غا ئالماشتۇرىدۇ، تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز . X-XI ئەسىرلەردىكى خوتەن تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار، مەسىلەن. ھ.ۋ. بېيلى ئېلان قىلغان تۈركچە-خوتەنچە سۆزلۈك (بۇ سۆزلۈك دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرقى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا پېللىئوت يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللار تىزىملىكىدە p.2892 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. براخما يېزىقىدا، يازما شەكىلدە يېزىلغان) قاتارلىقلاردىنمۇ X-XI ئەسىرلەردە خوتەن تىلىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

بىز بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشىنى كۆپەيدىغان، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۆز دەۋرىدە ساپ تۈركلەردىن ھېسابلانمايدىغان بۇ خوتەن ئاھالىسىنىڭ ھازىر سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشىنى كۆپەيتىشىنى قەشقەر ئاھالىسىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

XI ئەسىردە يەنى خوتەننىڭ تۈركىيلىشىش دەۋرىدە خوتەن تىلىدا كۆرۈلگەن بۇ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ ھازىرقى خوتەن دىئالېكتىدا ئوموميۈزلۈك خۇسۇسىيەت بولماي قېلىشى مۇشۇ 9ـ10 ئەسىرلىك تىل ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى. تىلنىڭ لېكسىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملارغا قارىغاندا تېز بولىدىغانلىقى مەيلى VI ئەسىردىكى ئاق ھۇنلار بولسۇن، مەيلى رىۋايەتتىكى سەئىد بەتتال غازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان X ئەسىردىكى كىشىلەر بولسۇن، ئاز ساندىكى جامائەنىڭ مۇنداق ئۇزاق دەۋردە ئۆز تىل ئالاھىدىلىكىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاق ھۇنلارنىڭ ئىرقى مەسىلىسىدە دۇن لىيەنچىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دىگلىگلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» دېگەن ئەسىردە مۇنداق دەيدۇ: «ئاق ھۇنلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا »لياڭنامە: بەدۋىلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلار قۇس (؟؟؟)

www.kitaphumar.com

لۇقلارنىڭ بىر قەۋمى» دېيىلگەن. «ۋېينامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇلار توخار (؟؟؟) لارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدۇر» دېيىلگەن... بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئېھتىمال ھۇن، توخار، دىڭلىڭ (غەربىي دىڭلىڭ) قۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئاق ھۇنلارنىڭ ئىرقىي مەسىلىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولۇش ئۈچۈن ئاق ھۇنلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن ئارىلاشقانلىقى (V ،VI ئەسىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) توغرىسىدا ر.ن.فرايى (r.n.frye) ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: «... لېكىن، بىزنىڭ چىياڭلار بىلەن ئېفتالىتلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا بولغان كەمبەغەللىكىمىز ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. كېيىنكى چارۋىچى ئىمپېرىيىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھۆكۈمران گۇرۇھ شەرقتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بار دەپ بىلەلمەيمىز. گەرچە چىياڭلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېفتالىتلار ئىتتىپاقىدىكى كۆچمەن ئاھالىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇش ئېھتىمالى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، خۇددى ئادەتتىكىدەك كۆچمەن-چارۋىچىلار ئولتۇراق ئاھالىنىڭ تىل-يېزىقىنى، تۇرمۇشىنى ھەم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ر.گوبلىنىڭ ئۇلارنى «ئىران ھۇنلىرى» دەپ ئاتىغىنى ھەرگىز نامۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى چىياڭلار ۋە ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىرانلىقلار ئىكەنلىكى ئېنىق» . ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق ھۇن» قاتلىمىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە گىراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭ تۈركىي، لېكسىكا تەركىبىنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي ئارىلاش كېلىشى دۇن لېيەنچىن ئەپەندى بىلەن ر.ن. فرايى ئەپەندىلەرنىڭ بايانلىرىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئالايلى، بۇ قاتلام تىلدىكى داغا (ياقا، چەت)، داغاغىن (ياقا يۇرتلۇق، چەت يۇرتلۇق) دېگەن سۆزدە ئالتاي تىللىرىغا خاس بولغان دي-ئى نۆۋەتلىشىشىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ بۇ تىلنىڭ ئەسلى تۈركىي، كېيىن ئىران تىلى بىلەن ئارىلاشقانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەر ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى «چەت» دېگەن سۆزنى «ياقا»، «چەت يۇرتلۇق، يات» دېگەن سۆزنى «ياقا يۇرتلۇق» دەيدۇ.

مانا بۇ ئەمەلىيەتمۇ بۇ تىل قاتلىمىنىڭ ساپ پارسىي ياكى سامانىي تاجىكلىرى تىلى قاتلىمى بولماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك بىر ئارىلاش قاتلام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاق ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ كېيىنكى

www.kitaphumar.com

ئۇلتۇراق جايلىرىدا ئۇلار بىرقانچە خىل تىل ۋە دىئالېكتلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنى مۆلچەرلەش مۇمكىنكى، ئاق ھۇنلارنىڭ ئەسلىدە مۇشۇنداق پەقەت لىكسىكىسىلا ئارىلاشما ھالەتتە بولغان بىر تىلنى قوللىنىشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى (مەسىلەن: بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى نورمال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ياكى سودا-سېتىق، ھۈنەرۋەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن مەلۇم تارىخىي شارائىتلار ئارقىسىدا تىلەمچىلىك، خەتنىچىلىك، پالچىلىق قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ بىرقەدەر نورمال سەۋىيىسىدىن تۆۋەنرەك بولغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا يۈزلىنىش) ئۇلارنىڭ ئۆزاق دەۋرلەر قورۇنۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ قاتلىمى ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قاتلام بولۇپ، ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا شۇنىڭدەك قەشقەر شېۋىسىگە تەسىرى بار، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىزلەش مۇمكىن:

بىرىنچىسى: ئاق ھۇنلارنىڭ بۇ جايلاردىكى نوپۇس سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قامالى ئىچىدە قالغان. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، 1911-يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بويىچە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، گۇما، خوتەن قاتارلىق جايلارغا غەرىبتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار 1295 ئائىلە (جەمى 3015 نوپۇس) بولغان. مانا مۇشۇ كىشىلەرنى ھازىر بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئاھالىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۇلارنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخى ئۇزۇن ئەمەس. بەلكىم XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىش ئارقىسىدا ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە جايلاردىن ئىلگىرى-كېيىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ خوتەن ناھىيىسى ئاقتاش رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭ «گېۋوز» دەپ ئاتىلىشى، خوتەن لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭمۇ «گېۋوز» دەپ ئاتىلىشى ئاساسەن بىر ئورۇندىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ «تىل» نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۇلاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولمىغان. شۇڭا ئۇلارغا يانداش بولغان ئۇيغۇر

يەرلىك شىۋىلىرىدە ئۇلارنىڭ دوڭگاي~سەيچى (قوغۇن)، haphap (تاۋۇز)، چىلبە~شىلۋە (چاي)، hasa (نەشپۈت)، بۇق (كەپتەر)، غۇياك (يىپ) قاتارلىق سۆزلىرى زادىلا كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، دەۋرىمىزدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى، پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن يۇقىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى پەقەت ياشانغانلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ياشلىرىدا بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ تىل قاتلىمىنىڭ خوتەن دىئالېكتىنى شىۋىلەرگە بۆلۈشتىمۇ تىلغا ئالغۇچىلىك ئەھمىيىتى يوق. خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىگە بىر قىسىم ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ كىرىپ قېلىشى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى XI ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەننى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئوش، كاسان، خارەزم، باغداد قاتارلىق جايلاردىن)كەلگەن نەچچە ئونمىڭلىغان پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ پىدائىيلارنىڭ ھايات قالغانلىرىنىڭ خوتەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دېرەك يوق. ئۇلار ئەينى دەۋردىكى خوتەن ئاھالىسى بىلەن سىڭىشىپ، بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينىغان، خالاس.

www.kitaphumar.com

# ساك، ھۇن ۋە تۈركەرنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى

## خەن كاڭشىن

ساك، ئۇيسۇن، تۈركلەر تارىختا ئىلىمزىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن قەدىمكى داڭلىق مىللەتلەردۇر. ساكلارنى چەت ئەل ئالىملىرى CaCa دەپ ئاتايدۇ، ئۇلار تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى III-Ⅷ ئەسىرلەردە ئالتاي تاغلىرىدىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە، يەتتىسۇ رايونىدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن، مىللەت تەركىبى ۋە مەدەنىيىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، لېكىن سىكىفلار بىلەن قانداش بولغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردۇر. ئۇسۇنلار بىلەن توخرىلار بولسا ئەسلىدە گەنسۇ خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ بىلەن چىليەنشەن تېغى ئارىلىقىدا بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 177 ـ 176 ـ يىللىرى (خەنۋېدى نىڭچيەن يۈەن 3 ـ 4 ـ يىللىرى) توخرىلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ ساكلار تەۋەسىگە، يەنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى ۋادىسىغا ۋە ئۇنىڭ سەل غەربىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىردى. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161 ـ يىلى (خەنۋېندىنىڭ خويۈەن 3 ـ يىلى) ئۇسۇنلارمۇ نائىلاج غەربكە كۆچتى ھەم توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلى ۋادىسى ۋە ئىسسىقكۆل رايونىنى ئىگىلەپ، توخرىلارنىڭ بىر قىسمىنى داۋاملىق غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھۇنلار بايقال كۆلى بىلەن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە پەيدا بولۇپ، موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى سورىغانىدى. كېيىن خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، مىلادى 48 ـ يىللىرى (گۇاڭ ۋۇخاننىڭ جيەنۋۇ 24 ـ يىلى) جەنۇبىي ھۇن، شىمالىي ھۇن دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شىمالىي ھۇنلار موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ شىمالىدا قېلىۋەردى ھەم غەربىي يۇرتنىكى بەگلىكلەرنى كونترول قىلدى. مىلادى 89 ـ يىللىرى (خېدىنىڭ يۇڭيۈەن تۇنجى يىلى) شىمالىي ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر قېتىم غەربكە كۆچتى. مىللەتلەرنىڭ بۇ بىر قاتار غەربكە كۆچۈشلىرى ياۋروپا ـ

www.kitaphumar.com

ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شىمالىي هۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش هەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە تېزلەتتى. تۈركلەر مىلادى VI ئەسىردە ئالتۇن تاغ(هازىرقى ئالتاي تاغلىرى) ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. كېيىن هازىرقى ئورخۇن ۋادىسىدا هاكىمىيەت قۇردى. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئەڭ كېڭەيگەن چاغلاردا، شەرق تەرەپتە لياۋخەيگە، غەرب تەرەپتە غەربىي دېڭىز (هازىرقى كاسپى دېڭىز، ئارالدېڭىزى دېگەن گەپمۇ بار)گە، جەنۇب تەرەپتە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا، شىمال تەرەپتە بايقال كۆلىگىچە يېتىپ بارغان. مىلادى 582- يىلى شەرقىي تۈركلەر، غەربىي تۈركلەردەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، غەربىي تۈركلەر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇهىم قاتناش يولىدىن ئورۇن ئېلىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينىدى.

ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا تارىختا زور تەسىر كۆرسەتكەن بۇ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ـ خاراپلىشىش تارىخى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى، دىنى، تىلى، مىللىي تەۋەلىكى ئۈستىدە نۇرغۇن جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرى كۆپلىگەن پىكىرلەرنى بايان قىلدى. لېكىن قەدىمكى هۆججەتلەردىكى ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش بەلگىلىرى ياكى ئىرقى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارچە ـ پۇرات، شۇڭا چۈشىنىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى بىلەن ئىرق تەۋەلىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش تۇرغان گەپ. بۇ جەھەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنسانشۇناسلىرى كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلار قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەهمىيەتلىك دوكلات ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار توپلىغان ۋە مەلۇم قىلغان ماتېرىياللاردىن بەزىلىرىنىڭ يىل دەۋرى، مەدەنىيەت، مىللەت تەۋەلىكى جەھەتتە ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدىغان يەرلىرى بار. مۇشۇ ئەهۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىن، بولۇپمۇ شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى زامان ئادەم سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا كۆرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان ۋە ئۇلارغا قوشنا رايونلارغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقىپ، ئالىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. (بۇ يەردە تونۇشتۇرىدىغانلىرىم ئاساسەن 50- يىللاردىن بۇرۇنقى ماتېرىياللار)

www.kitaphumar.com

## 1. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىرقلارنى تۆرگە ئايرىشنىڭ مورفولوگىيىلىك ئاساسى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىكى ئىرق ۋە ئىرق تۆرلىرىگە مەخسۇس ئاتالغۇ قوللىنىلغان ياكى ئات قويۇلغان. ئالىملار تۆرگە ئايرىپ قويغان ئاتلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۆرگە ئايرىشلىرى كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، بۇ ئەسەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەرھۇم ئىنسانشۇناسى دېبېتسىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىقى» دېگەن كىتابىدىكى تۆرگە ئايرىش پىكرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلدىم.

دېبېتسىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ياۋروپا ئىرقى تارماقلىرى تەۋە بولغان ئىرق تىپلىرى مۇنداق تۆپ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلىنىپ پەرقلەندۈرۈلگەن:

(1) ۋاقىت ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنىۋېرسال مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر: باش سۆڭەكلىرىدىن ئېيتقاندا، پىشانىسىنىڭ قىيپاشلىقى، قاش ئەگمىسى بىلەن قاش ئارىلىقىدىكى قوشۇمىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى، يۈزىنىڭ كەڭلىكى، قاڭشىرىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى ۋە باشقىلار.

(2) باش شەكلى ۋە باش كۆرسەتكۈچىدىكى ئۆزگىرىشلەر: كۆرسەتكۈچى كۆپەيسە، باش شەكلى مۇناسىپ قىسقىرىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ باش كۆرسەتكۈچى 79 ـ 85 ئارىلىقىدا بولىدۇ.

(3) چاچ ۋە كۆز رەڭگىنىڭ سۇس قېنىقلىقى. رەڭگىگە قاراپ ئايرىلىدىغان ھازىرقى زامان ئىرقى بىلەن قەدىمكى زامان تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جۇغراپىيە جەھەتتىكى جايلىشىش ۋە تارىخ ـ مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئاساسىدىلا ۋاستىلىك يول بىلەن بېكىتىش مۇمكىن.

بۇ ئەسەردە ئېيتىلغان ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىي تىپىنىڭ باش سۆڭىكىدە مۇنداق ئالاھىدىلىككىلەر بار، يەنى ئۇلارنىڭ يۈزى كەڭ، پە، موكىدەك چىقىپ تۇرىدۇ. قاڭشىرى بەك ئېگىز، بېشى ئۇزۇن ياكى ئوتتۇرھال، دوقىسى بىر قەدەر چوڭ، پىشانىسى قىيپاش، قاش ئەگمىسى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئاندىرونوۋو تىپى مۇشۇ

www.kitaphumar.com

تىپىنىڭ ئالاھىدە بىر ۋارىيانتىغا كىرىدۇ. بۇ تىپ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى مىس دەۋرىدىكى ئاندرونوۋو مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن چىققان ئادەم سۆڭىكىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بېكىتىلگەن. بۇ تىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستانلاردىكى مىس قورال دەۋرىگە ئائىت ئاھالىلەر ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقان مورفولوگىيىلىك تىپلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تىپ ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى تەۋەسىدىنمۇ تېپىلدى.

ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى دېگىنىمىز ئاساسەن ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ياۋروپا ئىرقى (جەنۇبىي ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى ئاساسەن ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ شەرقىي تارمىقى تىپىغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇلار ھىندى ــ ئافغان تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، باش سۆڭىكى شەكلى جەھەتتە قاڭشىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېگىزلىكى، ھەددىدىن زىيادە موكا يۈزلىكى، يۈزىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تارلىقى بىلەن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ــ ماۋرا ئۇننەھر (ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريانىڭ ئارىلىقى) تىپى (پامىر ــ فەرغانە دېيىلىدۇ). ئۇلار باشتا تىلغا ئېلىنغان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تارماق تىپىدىن ئاساسەن بېشىنىڭ قىسقا بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىغا سېلىشتۇرغاندا، باش شەكلى بىر ئاز ۋىجىك ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ «چۆكمە باش» لىق ئالاھىدىلىكىنى ئالغان، شۇڭا ئۇلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس. بۇ تىپنى شەكىللەندۈرگەن مورفولوگىيىلىك ئاساس ئانچە ئېنىق ئەمەس، بەزىلەر ئاندرونوۋو تىپىنىڭ بېشىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان دېيىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيسۇنلارنىڭ باش سۆڭىكى مۇشۇ تىپنىڭ تىپىك ۋەكىلى دەپ قارالماقتا. بۇنداق باش سۆڭىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىنمۇ تېپىلدى.

دېيېتىس سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا دائىر قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، ئاسىيا ئىرقى (ئاسىيانىڭ موڭغۇل ئىرقى) تارمىقىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى يۈزى ئېگىز ھەم ياپياڭ، قاڭشىرى ئوتتۇرھال، بېشى ئۇزۇن ياكى ئوتتۇرھال، دوقىسى پەس، پېشانىسى قىيپاش، قاش ئەگمىسى تەرەققىي قىلغان بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىشى كېرەك دەپ قارىغان. قەدىمكى زاماندا، بۇنداق تىپ بايقال كۆلى بويىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەردە ۋە تاشقى بايقال كۆل بويىدىكى ھۇنلارنىڭ قەبرىسىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيتتى، شۇڭا قەدىمكى سىبىرىيە تىپى دەپ

www.kitaphumar.com

ئاتىلىپ كەلمەكتە. لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ھازىرقى زامان تىپىدا، تېخى يۇقىرىقىدەك ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكلەر ئۇچرىمىغانىمىش.

جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى (تۇران ئىرقى تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇلار قەدىمكى سىبىرىيە تىپىدىن ئاساسەن باش كۆرسەتكۈچىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولۇشى، يەنى بېشىنىڭ تېخىمۇ قىسقا بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ تىپنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى قازاق، قىرغىزلارنى، ئالتاي ـ ساپان ئېگىزلىكى، ۋولگا دەرياسىنىڭ ئايىغى ۋە ئوكرا ئىنالاردىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە تۈركلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان ئادەم سۆڭەكلىرىنى ۋەكىل قىلىدۇ.

بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان بايقال كۆل تىپى بىلەن قەدىمكى سىبىرىيە تىپى ئوتتۇرىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت بار. لېكىن بايقال كۆل تىپىدا قەدىمكى ئىرقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپرەك. بۇ تىپنىڭ ۋەكىلى توڭگۇسلار ئىچىدە مەۋجۇت.

موڭغۇل ئىرقىنىڭ باشقا تارماق تىپلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مەركىزىي ئاسىيا تىپى دەپ ئاتىلىدىغان موڭغۇل ئىرقىي تىپىدا ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكلەر ئەڭ گەۋدىلىك ئىپتىدائىي شەكىلدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي ئالامەتلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ باش كۆرسەتكۈچى تېخىمۇ يۇقىرى (يەنى بېشى تېخىمۇ قىسقا). ئۇلار بەلكىم ئەڭ كېيىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك. تاشقى بايقال ۋارىيانتى ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن. بايقال كۆلى تىپىنىڭ بۇ ۋارىيانتىنىڭ تۇران تىپىغا ئارىلىششى بىلەن تۇران موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاڭشىرىنىڭ پەسلىشىشىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن دەپ پەرەز قىلىنماقتا. بەزى ۋارىيانتلار بايقال كۆلى تىپىنىڭ باش كۆرسەتكۈچىنىڭ يۇقىرىلىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تارماقلىرى ئىچىدە باشقا ئىرقلارنىڭ قېنى ئارىلاشقان. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۇننەھر تىپىغا موڭغۇل ئىرقىنىڭ قېنى ئازراق ئارىلاشقان، تۇرپان تىپىغا ياۋروپا ئىرقىنىڭ قېنى ئارىلاشقان بولىسىمۇ، لېكىن بۇنداق قان ئارىلىشىش تېخى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى يەنىلا مەلۇم بىر چوڭ ئىرقىي تارماققا تەۋە بولغان. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئورال تىپى يەنى ئورال ـ ئالتاي تىپى بولسا شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى چوڭ ئىرق ئوتتۇرىسىدىكى تىپقا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئوتكۈنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن موڭغۇل ئىرقىغا يېقىنراق. باش شەكلى ئوتتۇرھال. ھازىرقى شورلار بىلەن

www.kitaphumar.com

ئالتاي ـ سايان ئېگىزلىكىدىكى باشقا مىللەتلەر، تېخىمۇ شىمالدىكى بارا بىنلار، بىر مۇنچە ئوستىياكلار ۋە فوگارلار مۇشۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، ئالتاي ـ سايان ئېگىزلىكىدىكى بۇ خىل تىپ بايقال كۆل تىپى بىلەن ياۋروپا ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئۇلارنى تەشكىل قىلغان ئۇنسۇرلار تەركىبلەر مىلادىنىڭ باشلىرىدا پارچىلىنىپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. يەنە كېلىپ ئالتاي تېغىنىڭ ئالدى ئېتەكلىرىدە بۇنداق قوشۇلۇش جەريانى مىلادى 1000 ـ يىلىغىچە پۈتۈنلەي توختاپ كەتمىگەن.

## 2. قەدىمكى ساكلارغا دائىر سۆڭەك مورفولوگىيىسى ماتېرىياللىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىن قېزىۋېلىنغان ساكلارغا باغلىنىش ئېھتىمالى بولغان مورفولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكىچە مىسال كۆرسىتىمىز.

(1) جەنۇبىي پامىردىكى ساكلارنىڭ قەبرىسىدىن چىققان ئادەم سۆڭىكى.

گىنزبۇرگ تەتقىق قىلغان ئىككى تۈركۈم ماتېرىيال. بىر تۈركۈمى 1946 ـ 1948 ـ يىللىرى ئاساسەن تامدى ـ خارگۇش رايونىدىن تېپىلغان ماتېرىيال؛ يەنە بىر تۈركۈمى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئاقىدىت دېگەن يېرىدىن ۋە پامىرنىڭ ئەڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلاردىن تېپىلغان. بۇ ئىككى گۇرۇپپا باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان ئاھالىلەر ئىنسانشۇناسلىق تىپى جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئۇلار ھەممىسى ھازىرقى زامان ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز شەرقىي تارماق تىپى (ھىندى ـ ئافغان تىپى)غا كىرىدۇ. شۇڭا، جەنۇبىي پامىردىكى ساكلارنىڭ ئىرقى مەنبەسى بىر بولۇپ، ئاسىيا، تاشقى كاسپىي دېڭىز ۋە شىمالىي ھىندىستان رايونلىرىدىكى ئىنسانشۇناسلىق گۇرۇھىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن تېپىلغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى يەنى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىس دەۋرىدە بىر خىل ئىنسانشۇناسلىق تىپىغا مەنسۇپ ئاھالىلەر تۈركمەنىستانغا، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارغا جايلاشقان. شۇڭا جەنۇبىي پامىر ساكلىرى بۇ رايوندىكى ئەڭ قەدىمكى ئاھالىنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولۇشى، بۇ قەدىمكى ئاھالىلەر مىس تاش قورال دەۋرىدە ۋە

www.kitaphumar.com

مىس قورال دەۋرىدە ئالد ئاسىيادىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر بىلەن قانداش بولۇشى مۇمكىن.

(2) تىيانشان ـ ئالاي رايونىدىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ ئىنانشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى

گىنز بۇرگ تىيانشان ـ ئالاي رايونىدىكى ساكلار ـ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئۇسۇنلار (بىرنىشتىين دەۋرگە ئايرىغان)دىن 16 چوڭ كىشىنىڭ (ئۈنى ئەر، ئالتىسى ئايال)نىڭ باش سۆڭىكىنى تەتقىق قىلغان. بۇ باش سۆڭەكلىرىنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III-VII ئەسىرلەر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. باش سۆڭەكلىرىنىڭ شەكلى ئۆستىدىكى تەھلىلىدىن قارىغاندا، ئاسىيا ـ ماۋرا ئۆننەھەر تىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باش سۆڭەكلىرىدىن باشقا، تېخىمۇ يوغان، ئاندرونوۋ تىپىگە ئوخشايدىغان تىپلارمۇ بار. ئالا ـ مىشكىتىن بىر باش سۆڭىكى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ باش كۆرسەتكۈچى باشقا باش سۆڭەكلىرىنىڭكىدىن كىچىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىشانىسىنىڭ تېخىمۇ قىيپاش، قاش ئەگمىسى ۋە قوشۇمىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن يوغان ـ ياپيا كېلىدىغان تېخىمۇ قەدىمكى ئافاناسىيۋ مەدەنىيىتى تىپىدىكى باش سۆڭەكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن تاگىل تىپىغا تېخىمۇ يېقىن.

بۇ باش سۆڭەكلىرىنى گۇرۇپپىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سېلىشتۇرغاندا، بۇ گۇرۇپپىنىڭ تېخىمۇ ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقى تىپى (قازاقىستان ۋە جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى مىس قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى باش سۆڭەكلىرىگە ئوخشايدىغان ئوتتۇراھال باش سۆڭەك تىپى)دىن تېخىمۇ ئاجىز ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۆننەھەر تىپىغا ئۆزگىرىۋاتقان شەكلگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

(3) قازاقىستاندىكى ساكلارنىڭ سۆڭەكلىرى

كىنز بۇرگ تەتقىق قىلغىن توققۇز باش سۆڭىكىدىن قارىغاندا، ساك دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋردىكى شەرقىي قازاقىستاندا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مىس قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكىسىگە ئوخشايدىغان ئىنسانشۇناسلىق تىپى، يەنى ياۋروپا ئىرق ئاندرونوۋ تىپى تارقالغان، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىرقىي تەركىب جەھەتتىن ئىزچىللىقنى كۆرسىتىدۇ.

شەرقىي قازاقىستاندىكى ساكلار ئىنسانشۇناسلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە تىيانشان ـ ئالايساكلىرىغا يېقىن كېلىدۇ. لېكىن بۇ دەۋردىكى شەرقىي قازاقىستاننىڭ قەدىمكى

www.kitaphumar.com

ئاھالىلىرى ئىچىدە، موڭغۇل قىبى ئارىلاشقان شالغۇتلارمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق شالدىكى شىبىن مەدەنىيىتىگە تەۋە ئاھالىلەرنىڭ باش ـ سۆڭىكىگە يېقىن. بۇنداق شالغۇتلۇق شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئالتاينىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا قازاقىستاندىن تېپىلغان ئاتالمىش ساك ـ ئۇسۇن دەۋرىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس، لېكىن بېرنشتېيىننىڭ قارىشىچە، بۇ رايوندىكى ئاتالمىش «دەسلەپكى كۆچمەن چارۋىچىلار» باش سۆڭەكلىرى تۇر جەھەتتە شەرقىي قازاقىستان (ئېرتىش دەرياسىنىڭ بېشى) دىكى ساك ـ ئۇسۇن دەۋرىدىكى باش سۆڭەكلىرىگە يېقىن.

(4) ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان باشقا ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى.

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ساكلارغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن ئاساسەن گىنزبۇرگنىڭ تەتقىق قىلغانلىرىدىن باشقا، يەنە باشقا ئالىملارنىڭ دوكلاتلىرىمۇ بار. مەسىلەن، تروفىموۋا (1963) مەلۇم قىلغان ئالاي رايونىدىكى ساكلارنىڭ باش سۆڭىكىگە دائىر ماتېرىياللار، دېبېتس، ئىسماگولوۋ ۋە گىنزبۇرگلارمۇ قازاقىستاندىكى ساكلار ـ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئۇسۇنلارغا دائىر ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان. مىكلاشېۋسكايا بېربۇوزچېكوۋ ۋە گىنزبۇرگلار تيانشان ساكلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. گىياتكىنا (1976) شەرقىي پامىر ساكلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەسلىي ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرەلمىدۇق.

(5) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان ساكلىرىنىڭ باش سۆڭەك مورفولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا باھا.

يۇقىرىقى تەتقىقاتلار، ئاساسەن گىنزبۇرگنىڭ تەتقىقاتى شۇنداق بىر ئاساسىي نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىنكى، جەنۇبىي پامىر ۋە تيانشان، قازاقىستاندىكى ساك مەدەنىيىتى تارقالغان رايونلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاھالىلىرى ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. يەنى پامىر ساكلىرى بىلەن تيانشان، قازاقىستان ساكلىرى دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىنسانشۇناسلىق گۇرۇھىغا، پامىر ساكلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تارمىقىغا كىرىدىغان ۋە ھىندى ـ

www.kitaphumar.com

ئافغان تىپىغا يېقىن بولغان شەكىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، تيانشان، قازاقىستان ساكلىرى ئاندرونوۋ تىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۇننەھر تىپىغا ئۆتۈۋاتقان شەكىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق قىسمىدىكى ئاتالمىش ساكلارنىڭ ئېتنىك مەنبە جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردا، ئالېكسېيېۋ بىلەن گوخمان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسىيا رايونىغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ ساك ـئۇيسۇن دەۋرىگە ئائىت ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالايتاغلىرى بويىدىكى ۋە قازاقىستاندىكى ساكلارنىڭ تەركىبىدە موڭغۇللارنىڭ قېنى باردەپ قارىغان.

### 3. ئۇيسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

(1) ئىسسىق كۆل يېنىدىن تېپىلغان ئۇيسۇنلارنىڭ سۆڭىكى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئېلان قىلغان ماتېرىياللار ئىچىدە، ئەڭ بالدۇرقى بىر تۈركۈمى ئۇيسۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچ دانە باش سۆڭىكىدۇر. ئىبانوبىسكىي (1890) نىڭ قارىشىچە، بۇ باش سۆڭەكلىرى مىلادى IV ـ II ئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەن. گ.ف. دېبېتس (1948) بۇ باش سۆڭەكلىرىنى پرېژېۋالسكىنىڭ يېنىدىكى چىلبېك قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئۇيسۇنلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىم پەرق يوق دەپ قارىغان.

پرېژېۋالسكى (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرق قىسىدىكى بىر خارابە) دىن تېپىلغان باش سۆڭەكلىرى (ئەرنىڭ بەش، ئايالنىڭ ئىككى)، باش كۆرسەتكۈچىدىكى پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەيلى ئوتتۇرا تىپتىكىسى بولسۇن، ياكى قىسقا تىپتىكىسى بولسۇن، «ئادەتتىكىچە ياۋروپا ئىرقى ئالاھىدىلىكى»نى ئىپادىلەيدۇ.

(2) تاشكەنت ئەتراپىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار

گىنز بۇرگ تاشكەنت يېنىدىكى يېڭى يەردىن تېپىلغان ئادەم سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ باش سۆڭىكىنى مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ دەپ قارىغان، ئىككى قىسقا، بىر ئوتتۇرھال باش سۆڭىكىنى ياۋروپا ئىرقى تىپىگە تەۋە دەپ قارىغان ھەم بۇ باش سۆڭەكلىرىدە ئازراق موڭغۇل

www.kitaphumar.com

ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. تۆر جەھەتتە ھۇنلارنىڭ باش سۆڭىكىگە يېقىن دەپ كۆرسەتكەن.

(3) تىيانشان ـ ئالاي رايونىدىكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

گىنز بۇرگ 1956- يىلى تىيانشان ـ ئالاي رايونىدىن چىققان ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان. گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، بۇ بىر گورۇپپا ئۇيسۇنلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىمۇ ئومۇمەن ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، شەكىل جەھەتتە ئاجىزلاشقان ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئاندرونوۋو تىپىغا كىرىدىكەن ھەم ئىنىق ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۈننەھر تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەن. ئالتاي جىلغىسىدىكى ساكلار بىلەن ئۇيسۇنلار ئىنسانشۇناسلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە تىيانشان ساكلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە تەۋە ئىكەن.

(4) قازاقىستاندىكى ئۇيسۇن دەۋرىگە ئائىت ئادەم سۆڭەكلىرى

1956- يىلى گىنزبۇرگ قازاقىستاننىڭ شەرق ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى قەدىمكى ئۇيسۇنلارنىڭ باش سۆڭىكىگە دائىر ماتېرىيالنى ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئون ئەرنىڭ، ئون ئايالنىڭ باش سۆڭىكى بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ـ III ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. گىنز بۇرگنىڭ تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شەرقىي قازاقىستاندىن تېپىلغان ئۇيسۇن دەۋرىدىكى ئەرلەرنىڭ باش سۆڭىكىدىن 80 پىرسەنتى ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئېنىق ئاندرونوۋو تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. شۇنىڭدەك بىر ئاز موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھمەتلىرىمۇ بار. ئاياللارنىڭ باش سۆڭىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۈننەھر تىپى ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوتتۇرا قازاقىستاندىكى ساك ئۇيسۇن دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ باش سۆڭىكىدىمۇ ئاندرونوۋو تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، شەرقىي قازاقىستان، تىيانشان- ئالاي ئۇيسۇنلىرى تىپىغا يېقىن كېلىدۇ.

شەرقىي قازاقىستاندىكى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىدىن چىققان ئۇيسۇنلارغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I- II ئەسىر قىلىپ بېكىتىلگەن. گىنز بۇرگ (1959) ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىدىن چىققان ئۇيسۇنلارنىڭ بۇ باش سۆڭەكلىرىنىڭ شەكلى غەلىتە، بۇ بىر گورۇپپا باش سۆڭىكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئاندرونوۋو تىپىدىكى موڭغۇل ئىرقى تىپىغا ئۆتۈۋاتقان تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىغان.

www.kitaphumar.com

(5) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى ئۇسۇنلارغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات

60-يىللارنىڭ بېشىدا، ئىسماگولوۋ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ رايونىدىن نۇرغۇن ئۇسۇنلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى ئۆلچىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى IV ئەسىردىن مىلادى III ئەسىرگىچە. ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي خۇلاسىسى مۇنداق: يەتتىسۇ رايونىدىكى ئۇسۇنلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تىپى يەرلىك ياۋروپا ئىرقى تىپىدىكى ئاھالىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇلاردا ئاساسەن ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوچۇق ئىپادىلەنگەندىن باشقا، ئاز مىقداردا موڭغۇل ئىرقىنىڭ قېنىمۇ بار؛ يەتتىسۇ رايونىدىكى ئۇسۇنلارنىڭ ئىرقىي تىپىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى مىلادى III ئەسىردىن بۇرۇن بولمىسا كېرەك. يەتتىسۇ ئۇسۇنلىرى بىلەن ھازىرقى زامان قازاقلىرى ئوتتۇرىسىدا گېنېئالوگىيىلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

(6) ئۇسۇنلار توغرىسىدىكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئۇسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى ئاساس قىلىپ، بۇ قەدىمكى ئىرقنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا بىر ئاز مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن.

بىرىنچىدىن، ۋاقتى، تېپىلغان ئورنى ئوخشىمايدىغان، ئۇسۇن مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان يۇقىرىقى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات مۇستەسناسىز ئىسپاتلىدىكى، ئۇسۇنلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تىپىنى شەكىللەندۈرگەن چوڭ ئىرقنىڭ ئاساسىنىڭ ياۋروپا ئىرقى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇسۇنلار تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە خېلى بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئىنسانشۇناسلىق ئورتاق گەۋدىسى بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن ئۇسۇنلار ئىرقىنىڭ تەشكىل تېپىشىدا يەنىلا خېلى مۇرەككەپ ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئۇسۇنلارنىڭ مىللىي تەركىبىدە، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان تىپتىن باشقا يەنە كۆپ خىل تىپ مەۋجۇت. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى نىسبىي مۇقىم بولغان ئۇسۇنلار ئىرقىي تىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى قانداقلا بولمىسۇن، ھۇنلار باش كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن ياكى ھېچ بولمىغاندا مىلادىنىڭ بېشىدا ھۇنلار جەنۇبىي ھۇن، شىمالىي ھۇن دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇسۇنلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدىكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئامىللىرى غەربكە يۈرگەن ھۇنلار بىلەن ئالاقىسىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇسۇنلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە موڭغۇل ئىرقىنىڭ قانداق تەركىبى ئارىلاشقان، بۇ تولمۇ ئېنىقسىز مەسىلە.

ئۇسۇنلار سۇس پىگمېنلىق مىللەتمىدى، قېنىق پىگمېنلىق مىللەتمىدى دېگەن مەسىلىمۇ مۇرەككەپ بىر مەسىلە. ئۇسۇنلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تەركىبىدە، ئاساسى تەركىب ئاندرونوۋو تىپىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۈننەھر تىپىغا يېقىن يەنە ئازمىقداردا شىمالىي ياۋروپا تىپىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئاندرونوۋو تىپى بىلەن شىمالىي ياۋروپا تىپى سۇس پىگمېنت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۈننەھر تىپىغا يېقىن بولغان تەركىبلەرنىڭ پىگمېنتىتۇ تۇقراق بولىسا كېرەك. بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇرەككەپ، ئالىملار ئارىسىدا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچە يوق.

مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە غەربكە كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرىكى، كېيىنكى ئۇسۇنلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىدۇر. مېنىڭچە، ئۇسۇنلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن ياۋروپا ئىرقىنى ئاساس قىلغان ئىرق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش تىپى غەربكەكۆچكەندىن كېيىنكى ئۇسۇنلارغا ئوخشاش ياكى يېقىن ئىدى دەپ قاراش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئۇلار تېخىمۇ بۇرۇنقى چاغلاردا غەربتىن شەرققە يۆرۈش قىلىپ گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغا كەلگەن غەرب ئىرقىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن.

4. ھۇنلارنىڭ سۆڭەك مورفولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات

بۇ يەردە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان، ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالىي ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(1) قىرغىزىستاننىڭ تالاس دەرياسى ۋادىسىدىكى كېنكول دېگەن جايدىكى ھۇن قەبرىسىدىن چىققان ئادەم سۆڭىكى

بۇ سۆڭەكلەرنى ئا.ن. بېرنشتېين 1938-، 1939- يىللىرى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالاس دەرياسى ۋادىسىدىكى كېنكول قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا ئۇچراتقان، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى ئومۇمەن مىلادىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

گىنز بۇرگ بۇ 20 دانە باش سۆڭىكىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سەككىزىنى شالغۇتلاشقان ئىرق تىپىغا كىرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياۋروپا

www.kitaphumar.com

ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ، موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ بار دەپ قارىغان. يەنە توققۇزىنى موڭغۇل ئىرقى تىپىغا كىرىدۇ دېگەن. ئاران ئۈچىلا باش سۆڭىكىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېنىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئارىلاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھامان خېلىلا بىردەك ھەم كۈچلۈك موڭغۇل ئىرقى سۈپىتىگە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، گىنزبۇرگ شۇنداق دەپ قارايدۇكى، بۇ باش سۆڭەكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىغا، ھازىرقى شۇ رايوندىكى جەنۇبىي سىبىرىيە تىپىغىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ، تۇڭگۇس ـ مانجۇ تىپىغا شىمالىي جۇڭگو ئادەملىرىگە ۋە تىبەتلىكلەرگىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ. يۈز شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئۇلار شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان تۈركلەرگە بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ، لېكىن بېشىنىڭ قىسقىلىقى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ باش سۆڭەكلىرى ئىچىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا تەۋەلىرىنى گىنزبۇرگ قىسقا باش ئىرق بۇرۇن ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ۋە شىنجاڭدا ياشىغان. بۇ جايلاردا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مىلادىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن يېقىنقى زامانغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر كېنكول قەبرىستانلىقىدىن چىققان ياۋروپا ئىرقىي تەركىبى شۇ يەردە ئاپىرىدە بولمىغان بولسا، بۇ باش سۆڭەكلىرىدىكى ئاجىزلاشقان موڭغۇل ئىرقى سۈپىتىنى مەلۇم موڭغۇل ئىرقىنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىشىدىن بولغان دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى. لېكىن بۇنداق موڭغۇل ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى تېخىچە نامەلۇم.

(2) تىيانشان ـ ئالاي رايونىدىكى ھۇنلارغا ئائىت ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئاڭلىشمىزچە، بۇ رايوندىكى ھۇنلارغا دائىر ماتېرىياللارمۇ كەمەسمان لەھەت بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئاق ھۇنلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئىكەن. گىنزبۇرگ بۇرۇن بېرنىشتېين 1945ـ1948ـ يىللىرى تاپقان ئۈچ ئەر، ئالتە ئاياللىنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېلان قىلغان. 1949ـ يىلى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئەرلەر باش سوڭىكىدىن يەتتىنى، ئاياللار باش سۆڭىكىدىن ئۈچنى تاپقان. ئىككى قېتىمقى جەمئىي 19 باش سۆڭىكى، بۇ باش سۆڭەكلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى قىرغىزىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۆكئارت ـ ئالاي رايونىدىن تېپىلغان. يەنە ئىككى باش سۆڭىكى ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىتىدىكى كىرچىن دېگەن يەردىن تېپىلغان. بۇ ھۇن قەبرىلىرىنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرگىچە قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىرئارتا ۋە ئات بېشى، ئارپالاردىن چىققان باش سۆڭەكلىرى مىلادىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ،

www.kitaphumar.com

مەدەنىيەت جەھەتتە كېنكولدىكى ھۇن قەبرىسىگە يېقىن دەپ بېكىتىلگەن. كۆكئارت ـ ئالايدىن، ئالامشكتىن ۋە كىرچىندىن چىققان باش سۆڭەكلىرى ـ ھەممىسىنىڭ دەۋرى مىلادى IV ـ II ئەسىر قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ماتېرىياللارنىڭ چىققان جايى بىر قەدەر تارقاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەدەنىيەت خاراكتېرى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

گىنزبۇرگنىڭ تىيانشان ھۇنلىرىغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي خۇلاسىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، تىيانشان ھۇنلىرىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تىپىنىڭ ئاساسى ياۋروپا ئىرقىي تىپى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۇننەھر تىپى ۋە ئاندرونوۋو تىپى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، تىيانشان ھۇنلىرى ئىچىدە، ئاياللارنىڭ باش سۆڭەكلىرىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېنىقراق، تىپ جەھەتتە ئارىلاش تەركىب كۆپرەك.

ئۈچىنچى، تەن قۇرۇلۇشى تىپى جەھەتتە، تىيانشان ھۇنلىرى بىلەن كېنكول ھۇنلىرى بەك ئوخشايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە باش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئادىتى بولۇپ، باش سۆڭىكىنىڭ شەكلى ئادەتتە ئېگىز، ئەللىپىس شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

تۆتىنچى، تىيانشان ھۇنلىرى بىلەن كېنكول ھۇنلىرىنىڭ باش سۆڭىكىدىكى ئىرق تىپىنى سېلىشتۇرغاندا، تىيانشان ھۇنلىرى ئىچىدە ئەرلەرنىڭ باش سۆڭىكىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كېنكول ھۇنلىرىنىڭكىدىن ئېنىق. تىيانشان ھۇنلىرى قەبرىسىدىن ئاياللارنىڭ باش سۆڭىكىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ خاراكتېرى جىقراق، لېكىن تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردىن چىققان بۇنداق دەسلەپكى چاغلاردىكى ھۇنلار قەبرىسىدىن چىقان ئايال جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭىكىدە كۆرۈلىدۇ. تىيانشان رايونىدىكى ھۇن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ باش سۆڭىكى ئۇنداق ئەمەس.

ھۇنلار ئاساسەن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان، ئۇلار موڭغۇل ئىرقىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ھەم بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئوتتۇرا ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بېرىشتىن بۇرۇنلا، ھۇنلارنىڭ تىيانشان ۋە يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ياۋروپا ئىرقىي تىپىغا ئىگە ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغان. لېكىن ئارىلاشقان موڭغۇل ئىرقىنىڭ قايسى خىلىدىكى ئىرق ئىكەنلىكى داۋاملىق ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلە.

www.kitaphumar.com

(3) قازاقىستاندىكى ھۇنلارغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

گىنزبۇرگ ئوتتۇرا قازاقىستاندىن چىققان ھۇنلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلغان. ھۇنلار ئوتتۇرا قازاقىستاندا مىلادىنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بولسا كېرەك. تەتقىقاتقا قارىغاندا، ئوتتۇرا قازاقىستاندىكى ھۇنلار ئىنسانشۇناسلىق تىپى جەھەتتە تيانشان ھۇنلىرىغا ئوخشاش شالغۇتلىشىپ كەتكەن، يەنى ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئارىلىقىدىكى تىپنى ھاسىل قىلغان.

(4) باشقا جايلاردىكى ھۇنلارنىڭ سۆڭەك ماتېرىياللىرى

موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويىن ئۇلار دېگەن يېرىدىن ۋە خۇنى دەرياسى بويىدىن ھۇنلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم قەبرە قېزىلدى. تاشقى بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى ياپراق شەكلىدە ياسالغان قەبرىلەردىن چىققان. مىلادىدىن ئىلەرىكى 1000 يىلىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئەسىرگە ۋە مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئەسىرگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ سۆڭىكىمۇ ھۇنلارنىڭ يالدامىسى دەپ قارالغان. بۇ باش سۆڭەكلىرىدە ئاز ساندا ياۋروپا ئىرقىنىڭ قېنى بار، ئاز ساندا يىراق شەرق ئىرقىنىڭ قېنىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ جوڭگونىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تاشقى بايقال ھۇنلىرى سىكىفلار دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىگە پەقەت بىر ئېلېمېنت سۈپىتىدە قاتناشقان.

(5) ھۇنلارنىڭ سۆڭەك شەكلى ئۈستىدىكى تەتقىقات توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان ۋە يىغىلغان، ھۇنلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان سۆڭەك تېخى كۆپ ئەمەس. لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىملىرى ئېلان قىلغان تيانشان - ئالاي رايونى ۋە تالاس ۋادىسىدىكى ھۇنلارغا دائىر سۆڭەكشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن مۇنۇ نۇقتىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بۇ سۆڭەكلەر ھۇنلارنىڭ بولغاندىمۇ شىمالىي ھۇنلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، بۇ سۆڭەكلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان گېئودېزىيىلىك تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە باشقا بازى ئىرقلارنىڭ ئارىلاش خاراكتېرى بار. بولۇپمۇ كېيىنكىلەردىن تېپىلغان ماتېرىياللاردا سۇسراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئازراق ياۋروپا

www.kitaphumar.com

ئىرقىنىڭ تەركىبى بار. تىيانشان ھونلىرىغا دائىر ماتېرىياللاركېنكولىنىڭكىگە نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇلاردىكى ياۋروپا ئىرقىغا خاس خۇسۇسىيەت كېنكولىنىڭ- كىدىن كۆچلۈك. شۇڭا گىنزبۇرگ ئۇلارنى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئازراق ئارىلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋرا ئۆننەھر تىپىگە كىرگۈزگەن.

ئۈچىنچى، ھونلاردىكى موڭغۇل ئىرقى تەركىبىنىڭ مەنبەسى تېخى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن كەلگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىناقتا. ھونلار ئىچىدىكى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئامىللىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىنسانشۇناسلىق تىپىغا ۋەكىللىك قىلسا كېرەك. بۇ تىپنى ئۇسۇن دەۋرىگىچە، ھەتتا ئۆنىگىدىنمۇ بۇرۇنقى ساكلار دەۋرىگىچە سۈرۈش مۇمكىن.

تۆتىنچى، مەيلى تىيانشان ھونلىرى بولسۇن، ياكى تالاس ۋادىسىدىكى ھونلار بولسۇن، ھەممىسىدە باش شەكلىنى ئۆزگەرتىش (كونۇس شەكلىگە ياكى دوقىسىنى غەلىتە شەكلىگە) ئادىتى بولغان. بۇ بايقال ھونلىرىنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى.

## 5. تۈركلەرگە دائىر سۆڭەك دورفولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات

تۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوررۇن ئاسىيا ۋە ئۆتىڭغا قوشنا رايونلار (قازاقىستان ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بولۇشى ئېھتىمال بولغان باش سۆڭەك ماتېرىياللىرى بىر قەدەر كەڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىنى يەنى تاشقى بايقال كۆلىدىن جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي، تىيانشان، شەرقىي قازاقىستان، دون دەرياسىنىڭ بويى ۋە ئۇكرائىناغىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گىنزبۇرگنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ رايونلاردىن يىغىلغان ماتېرىياللار سان جەھەتتە تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلارنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى يەنى تاشقى بايقال كۆلى رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركىي مىللەتلەردە ئېنىق موڭغۇل ئىرقىي تىپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئالتاي تاغلىرى (جەنۇبىي ئالتاي)دىكى تۈركلەر بولسا، شالغۇت سىبىرىيە (تۇران) تىپىغا كىرىدۇ. ئالتاينىڭ ئالدى ئېتىكى، شەرقىي قازاقىستان، تىيانشان ۋە جەنۇبىي روسىيە يايلىقىدىكى تۈركلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە موڭغۇل ئىرقى ۋە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئارىلاشمىسى بار. بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

www.kitaphumar.com

(1) تاشقى بايقال، سىلىنگا ۋادىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەرگە دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

بۇ ماتېرىياللار گ.ب. سوسنوۋىسكى قېزىپ ئالغان يىگىرمىدەك سۆڭەكتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى مىلادى V ـ VIII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دېبېتسىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ باش سۆڭەكلىرى قىلچە ياۋروپا ئىرقىنىڭ قېنى ئارىلاشمىغان موڭغۇل ئىرقى تىپىگە كىرىدىكەن. بەزىلىرىدىكى ئايرىم ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ باش سۆڭەكلىرى قۇرۇلما شەكلى جەھەتتە يايپاڭ يۈزلىك شەرقىي ئاسىيا موڭغۇل تىپى (بايقال كۆلى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تىپى) بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەتكە توغرا كېلىدۇ.

(2) شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرگە دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

ۋولگاگرادتىكى تاشقى ۋولگا دەرياسى، دون دەرياسىنىڭ ئايغى، ئۇكرائىنا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان، يىل دەۋرى مىلادىنىڭ بىرىنچى مىڭ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە ئىككىنچى مىڭ يىلىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ باش سۆڭىكى تۈر جەھەتتە قازاقىستاندىكى تۈركلەرنىڭ باش سۆڭىكىگە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ قېنى كۆپرەك.

(3) جەنۇبىي سىبىرىيە تۈركلىرىنىڭ سۆڭەك ئالاھىدىلىكى

دېبېتس بىلەن ئالېكسېيېۋنىڭ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، كراسنويارسكتىكى مىنوسون ئويمانلىقىدا ياشىغان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ سۆڭىكى تىپ جەھەتتە ئېنىق ئاندرونوۋو تىپىغا مايىل قازاقىستاننىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىن تېپىلغان تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللارغا يېقىن.

(4) شەرقىي قازاقىستاندىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

بۇ ماتېرىياللارنى س. س. چېرنىسكوۋ شەرقىي قازاقىستاندىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا توپلىغان. گىنزبۇرگنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار، شۇنىڭدەك موڭغۇل ئىرقىنىڭ قېنىمۇ ئارىلاشقان.

ئېرتىش دەرياسىنىڭ بېشىدىن تېپىلغان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى (NKaMuK) نىڭ باش سۆڭەكلىرىنى شىمالىي قازاقىستاندىن چىققان تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي قازاقىستان تۈركلىرىدە قوستاناي تۈركلىرىگە قارىغاندا ياۋروپا ئىرقىنىڭ خاراكتېرى كۆپرەك.

www.kitaphumar.com

1954 ـ يىلى ك. ئا. ئاكشوۋا باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئوڭ قىتىدىن تاپقان ئەر جىنسلىق تۈركىنىڭ ئىككى دانە باش سۆڭىكى (تەخمىنەن مىلادى VI ـ VIII ئەسىرلەرگە تەۋە) دە ياۋروپا (ئاندىرونوۋ) تىپى، شالغۇتلاشقان تىپى بار.

(5) ئالتاي تۈركلىرىگە دائىر ماتېرىياللار

V ـ VII ئەسىرلەردە، ئالتاينىڭ جەنۇبىدىكى تاغ رايونى بىلەن شىمال تەرەپتىكى تاغ ئېتىكىدىكى ئاھالىلەر ئانچە ئوخشىمايتتى. يەنى بۇ مەزگىلدە جەنۇبى ئالتاي ئاھالىسىنىڭ باش سۆڭىكىدە جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. شىمالىي ئالتايدىن چىققان باش سۆڭەكلىرىنىڭ تەركىبى ئېخىمۇ ئارىلاش، ئۇلاردىن ياۋروپا ئىرقىنىڭ ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ تۈرلۈك تەركىبلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

(6) شىمالىي قازاقىستان قۇستاناي رايونىدىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا دائىر ماتېرىياللار

بۇ ماتېرىياللار ئون چوڭ كىشى (سەككىز ئەر، ئىككى ئايال)نىڭ باش سۆڭىكى بولۇپ، 1955 ـ يىلى قۇستاناي رايونىدىن تېپىلغان، يىل دەۋرى مىلادى V ـ VII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بەزى باش سۆڭەكلىرىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئامىللىرىمۇ بار. ئۇلاردىكى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى شەرقىي قازاقىستان تۈركلىرىگە قارىغاندا ئاز.

(7) تيانشان ــ ئالاي رايونىدىكى يۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا دائىر ماتېرىياللار

بىرنشتېيىن VI ـ VIII ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ بېكىتكەن ئالاي تاغلىرىدىكى كۆكيالتى قەبرىستانلىقىدىن چىققان سۆڭەكلەردىمۇ تۈرك ئىرقىنىڭ تەركىبى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىپىك موڭغۇل ئىرقى تىپىمۇ، ياۋروپا ئىرقىغا ئۆتكۈۋاتقان تىپىمۇ بار. گىنزبۇرگ بىلەن مېكلاشۇسكايانىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تيانشان رايونىدىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باش سۆڭىكىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ تەركىبى كۆپ.

(8) ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىگە دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا قىسقىچە باھا

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن مەلۇمكى، ئەڭ شەرق تەرەپتىكى تاشقى بايقال رايونىدىكى دەسلەپكى تۈركلەردە ناھايىتى ساپ موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار. غەرب تەرەپتىكى شەرقىي ياۋروپا رايونىدىكى تۈركلەردە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئارىلاشقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مىنۇسون، ئالتاي، شەرقىي ۋە شىمالىي قازاقىستاننىڭ كەڭ رايونلىرىدىكى تۈركلەر ئىنسانشۇناسلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە بىر

www.kitaphumar.com

يەردىن چىقىدۇ، يەنە كېلىپ خىلى ئېنىق ئۆتكۈنچى ھالەتتىكى ئىرقىي تىپنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەنى ئاساسەن غەربىي سىبىرىيە (تۇران) ۋە ئورال (ئورال ـئالتاي) تېخى ئىپادىلىنىدۇ. مىنوسون ئويمانلىقى، شىمالىي قازاقىستان (قۇستاناي) ۋە جەنۇبىي ئالتاي تاغلىرىدىكى تۈركلەر ئىچىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبى تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئالدى ئېتەكلىرىدىكى رايونلاردا، شەرقىي قازاقىستاندىكىگە ئوخشاش. ئىرق بىرلىكى يوق دېيەرلىك، دېمەك، بۇ رايونلاردا مىللىي ئىرقشۇناسلىقنىڭ زورمۇ زور ئاربلاشقانلىقىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغان.

يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، گىنز بۇرگ مۇنداق قارىغان: تۈركلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئۇلارنىڭ مەنبەسى ياپپاق يۈز موڭغۇل ئىرقى تارقالغان قەدىمكى جۇغراپىيە دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى، يەنە كېلىپ شەرققە تارقالغان ياۋروپا ئىرقى جايلاشقان رايونغا يېقىن بولۇشى كېرەك. دەسلەپكى چاغلاردىكى تۈركلەر قەدىمكى ياۋروپا ئىرقى ئولتۇراقلاشقان رايوننى بويلاپ غەربكە قاراپ تارالغان ھەم يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا كۆچەيگەن.

ئالېكسىيېۋمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرىگە دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ھەر قايسى گۇرۇپپا ماتېرىياللار ئوتتۇرىسىدا ئىنسانشۇناسلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە بېشىنىڭ قىسقا بولۇشى، يۈزىنىڭ لايىق دەرىجىدە كەڭ بولۇشى، قاڭشىرىنىڭ ئوتتۇراھال ئېگىز بولۇشى ۋە يۈزىنىڭ ياپىلاق بولۇشىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئورتاقلىق مەۋجۇت.

## 6. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىغا دائىر ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

بۇ يەردە دەۋاتقان جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونى شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلار ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىنقوشنا. جۇغراپىيە جەھەتتە، بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەلى بولمايدىغان تەبىئىي توساق يوق. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن مۇھىم تارىخ. مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بۇرا ـبوندىمۇ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ. مىللىي ھادىسىلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا بولمىسا كېرەك. لېكىن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر توغرىسىدىكى ئىرقىي مورفولوگىيە تەتقىقاتى بۇرۇن يېتەرلىك بولمىدى. قەدىمكى ساكلار، ئۇسۇنلار، ھۇنلار،

www.kitaphumar.com

تۈركلەرنىڭ سۆڭەك مورفولوگىيىسى توغرىسىدا پەقەت پارچە ـ پۇرات تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىلا بار. لېكىن شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قەدىمكى مىللەتلەر توغرىسىدا جۇڭگو تەۋەسىدىن تېپىلغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىرقىي تارىخىنى تېپىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ يەردە پەقەت يۇقىرىقى قەدىمكى مىلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان سۆڭەك ئىنسانشۇناسلىقىغا دائىر ماتېرىياللارنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدا، ئۇسۇن ۋە ساكلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئىلى ۋادىسى (موڭغۇلكۈرە، بوما، شياتدى)دىكى ئارخېئولوگىيلىك قېزىشتا تېپىلغان (1961-، 1962-،1976- يىللىرى)، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ ماتېرىياللار مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئىلى ۋادىسىدا بىر نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن قەدىمكى ساك ۋە ئۇسۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، خەن كاڭشىنىڭ (1987- يىلىدىكى) تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ساكلارنىڭ قەبرىسىدىن چىققان باش سۆڭىكى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ قەبرىسىدىن چىققان باش سۆڭىكىنىڭ شەكىل جەھەتتە ئېنىق پەرق يوق. بۇ شۇ رايوندا ياشىغان ساكلار بىلەن ئۇسۇنلار تەن قۇرۇلۇش تىپى بىر ـ بىرىگە يېقىن دېگەن گەپ.

جۇڭگونىڭ شىمال قىسمىدىن ۋە غەربىي شىمال رايونىدىن تېپىلغان، ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى تېخى خېلىلا پارچە ـ پۇرات، خەۋەر قىلىنغىنى ئىككى ئورۇن. بىرى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئىكىجاۋ ئايمىقىنىڭ خاڭجىڭ خوشۇنىدىكى تاۋخوڭبالا دېگەن يېرى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ يېغىلىق دەۋرىنىڭ بېشىدىكى ھۇنلارنىڭ يالدامىسى ئىكەن؛ يەنە بىرى ـ چىڭخەي ئۆلكىسى داتۇڭ ناھىيىسىنىڭ سۇنجازەي دېگەن يېرىگە يېقىن جايدىكى شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرە. ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى موڭغۇل ئىرقى تىپىگە بىر قەدەر يېقىن. لېكىن تاۋخوڭبالا قەدىمكى زامان قەبرىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئۈستىدە قاراش بىردەك ئەمەس.

چىڭخەينىڭ داتۇڭ ناھىيىسىدىكى ھۇن قەبرىسىدىن تېپىلغىنى ئۈچ كىشىنىڭ باش سۆڭىكى(بىرى ئەرنىڭ، ئىككىسى ئايالنىڭ). پەن چېڭبىڭنىڭ دوكلاتى (1984-)دا، بۇ باش سۆڭەكلىرى موڭغۇل گورۇپپىسىدىكى باش سۆڭەكلىرىگە يېقىنراق، ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇللىرىغا تېخىمۇ يېقىن بولۇشى مۇمكىن. چوڭ ئىرقنىڭ قىنى ئارىلاشمىغان دەپ قارالغان. ئەپسۇسكى، بۇ قەبرىلەردىن چىققان كۆپلىگەن سۆڭەكلەر تېخى تەتقىق

www.kitaphumar.com

قىلىنمىغان. شۇڭا بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تىپىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگو تەۋەسىدىن ھازىرغىچە تېخى تۈركىنىڭ دەپ ئېنىق ھۆكۈم قىلىنغان ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىيالى تېپىلمىدى. پەقەت ئا.ن. يوسۇپوۋىچ (1949) مەلۇم قىلغان شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىدىن تېپىلدى دېيىلگەن ئاتالمىش قەدىمكى تۈركلەردە قەبرىسىدىن چىققان ئادەم سۆڭىكىلا بار بولۇپ، جەمئىي تۆت دانە باش سۆڭىكى (ئۈچ ئەرنىڭ، بىرى ئايالنىڭ)دىن ئىبارەت. يىل دەۋرى مىلادى VI ئەسىردىن كېيىن بولسا كېرەك. ئۇ باشسۆڭەكلىرىدە يۆنىلىشى ئېنىق بولمىغان ئۆزگىرىش بار. خەن كاڭشىن (1985 17 دانە باشسۆڭىكى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۆلچەشنىڭ نەتىجىسى بىلەن قوش رايونلاردىكى قەدىمكى گۇرۇپپىنى شەكىل ئارىلىقى جەھەتتە ھېسابلاپ، لوپنۇر تور گۇرۇپپىسى بىلەن گەنسۇ، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىس دەۋرى گۇرۇپپىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىدىكى تۈرك گۇرۇپپىسى (X-VIIئەسىر) ئوتتۇر شەكىل جەھەتتە ئازراق ئارىلىق بار. تاشقى بايقال ۋە باشقا جايدىكى قەدىمكى تۈرك گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ئارىلىق تېخىمۇ چوڭدەپ قارىغان. بۇ بەلكىم لوپنۇر تۈركلىرىنىڭ مورفولوگىيە جەھەتتە شەرق قىسمىدىكى قەدىمكى شەرقىي ئاسىيا تىپى بىلەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنراق ئىكەنلىكىنى ياكى شىمالىي ئالتايدىكى تۈركلەر (ئۇزۇن - ئوتتۇراھال باشلىق موڭغۇل ئىرقى بىلەن ياۋروپا ئىرقىدىن ھاسىل بولغان شالغۇت تىپ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

www.kitaphumar.com

# IX ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۇرپان رايونىدىكى ئاساسلىق ئاھالىلەر

**ئابلەت ئەخمەت**

## I. ئىنسانلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى پائالىيىتىگە دائىر ئەڭ يېڭى بايانلار

تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ غول تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شەرت-شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تارىخ ئېقىمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە باشلامچىلىق رول ئوينىماقتا. شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئارخېئولوگىيىلىك موزېيى دەپ ئاتالغان بۇ جاي تۇرپان دىيارىدا قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ۋە قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ھالقىغا ئايلاندى. يېقىندا بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ ئىلمى دوكلات خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپاندا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. بۇ بايقاش شىنجاڭدا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ، ئىنسانلارنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيەت تارىخىنى 15 مىڭ يىللاردىن 20 مىڭ يىللارغىچە ئىلگىرى سۈردى ①. بۇ تۇرپاننىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئوخشاشلا مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا ، ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا تۇرپاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ تەرەققى قىلغانلىقىنى ، ئىپتىدائى مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى ، ئۈزلۈكسىز تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا كۆپىيىپ تۇرپاندىكى قەدىمكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسىنى ھەمدە قەدەمكى ئاھالىلەرنىڭ ئۈلنى سالغانلىقىنى دەلىللەشكە بولىدۇ. ئەگەردە ئىنسانلارنىڭ تۇرپان رايونىدا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدەك پاكىت ، ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشلەرگە سەل قارالسا،ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ تۇرپان رايونىدىكى

www.kitaphumar.com

ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىغىمۇ، تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگىمۇ سەل قارالغان بولىدۇ.

## II . تۇرپان رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئاساسلىق ئاھالىلەر

### قوسلار

تۇرپان رايونىدا ئەڭ دەسلەپ ياشىغان ئاھالىلەر قوسلار بولۇپ ، ‹‹ تارىخى خاتىرىلەر ›› ، ‹‹ خەننامە›› قاتارلىق تارىخنامىلەردە قوسلارغا ئائىت بايانلار يېزىلغان . قوسلارنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا تۇرپان رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئەسىر بۇرۇنلا قوسلار سىنىپى جەمئىيەتكە كىرگەن بولۇپ، پادىشاھلىقنىڭ مەركىزى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئون كىلومېتىر غەربىدىكى يارغول قەدىمى شەھىرى ئىدى . شۇڭا قوچۇ خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلق ــ قوسلارنىڭ نامى بىلەن车师, 姑师دەپ خاتىرلەنگەن② . قوسلارغا دائىر ماترىياللار خەننامىدە : «ئالدى قوس بەگلىكىنىڭ بېگى يارغول شەھرىدە تۇرىدۇ... ئاھالىسى 1500 تۈتۈن، نوپۇسى 4000 دىن ئوشۇق، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2000 كىشى . ئارقا قوس بەگلىكىنىڭ بېگى ئۇتۇ قورغىنىنى بارگاھ قىلىدۇ . ئاھالىسى 4000 تۈتۈندىن ئاشىدۇ. نوپۇسى 15000 كىشىدىن ئوشۇق، ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى 3000 دىن ئاشىدۇ . ئالدى قوس ، ئارقا قوس ، شەرقى جۇمى، بىلۇ، بارىسكۆل ۋە يىجى بەگلىكلىرى ئالتە قوس بەگلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن . مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە جاڭ چيەن غەربى يۇرتقا ئەلچىلىككە سەپەرگە چىققاندا ، قوسلار ئالىلبورۇن زور كۈچكە ئايلانغان. قوسلارغا ئائىت بولغان تارىخى خاتىرىلەر ناھايىتى كەمچىل. ئەمما ، قوسلارغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇرپان ۋە ئۈنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈرۈمچى، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلماقتا .

ب د ت يەن ــمائارىپ مەدەنىيەت تەشكىلاتى يارغول قەدىمكى شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىشلەش جەريانىدا يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەبرە ـ يارغول قەدىمكى شەھىرىنى قۇرغان قوس دۆلىتىنىڭ مەلۇم شاھىنىڭ قەبرىسىنى بايقىغان. پۈتۈن قەبرىگە جەمئىي 32 ئات ھەمدەپنە قىلىنغان . قەبرىدىن ئالتۇندىن ياسالغان تۆگە، قۇش، يولۋاس، غەلتە ھايۋان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور

www.kitaphumar.com

مقـداردىكى ئـالتۇن بۇيـۇملار تېپىلغـان. شـىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسـىدە مۇنـداق چـوڭ كۆلەملىك، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق قەبرە تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ، بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-يىلدىن مىلادى 8 ـيىللارغا تـوغرا كېلىـدۇ ③. دېمەك، قوسلار مىلادىـدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا مـۇكەممەل شـەھەر مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان يـارغول قەدىمـى شـەھىرىنى مەركەز قىلىـپ، قـوس خـانلىقىنى قـۇرۇپ چىقىـپ ، تەسىر دائىرىسـىنى ئۈزلۈكسـىز كېڭەيـتكەن .قـوس شـاھىغا مۇناسـىۋەتلىك بولغـان بـۇ قەبـرىگە ھەمـدەپنە بۇيـۇملاردىن بىـز ئەينـى دەۋردىكى قوسـلارنىڭ ئالتۇنـدىن ياسـالغان زىننەت بۇيـۇملىرى ئەتـىۋارلاپ ئىشـلەتكەنلىكىنى، پۈتـۈن قەبـرىگە 32 ئـات ھەمـدەپنە قىلىنغانلىقىـدىن ئاتنىـڭ قوسـلار ئىگىلىـك تۇرمۇشـىدا ناھـايىتى مـۇھىم ئورۇنـدا تۇرىـدىغانلىقىنى ، چـارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىـڭ ئاساسـلىق ئورۇنـدا تۇرىـدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز .

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى XX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا تۇرپاننىڭ يـارغول جىلغىسـىنىڭ شـىمال تەرىپىـدىكى قەبرىلەرنـى قېزىش جەريانىـدا بىـر قىسـىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. تۇرپان ئايدىڭ كۆلى، پىچان سۇ بېشى ، توقسۇن يېڭـى يـايلاق، ئۈرۈمچىنىڭ ئۈلانباي سۇ ئامبىرى قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم قەدىمكى قەبرىستانلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىشى ئېلىـپ بېرىلغان. بـۇ قەبرىسـتانلىقلار ئۇرۇشقاق بەگلىكـلەر، غەربـى خەن سۇلالىسـى دەۋرىـدىكى قـوس قاڭقىلارنـىڭ كونتروللىقىـدىكى جايلارغـا جايلاشـقان. قـوس قاڭقىلارنـىڭ مەدەنىيـىتىگە تەۋە بولغـان يوقـارقى قەبرىلەرنـىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستى يېپىلغان ھەم جەنۇبتىن شىمالغا زەنجىرسىمان تىزىلغان④. قوسلارغا دائىرمەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىن داۋاملىق تۆردە تېپىلىشى ئۈلارغا مۇناسـىۋەتلىك كەمچىـل بولغـان يازمـا خـاتىرلەردىكى بوشـلۇقنى تولـدۇرماقتا. ئـالغوي، ئۈلانبـاي، سـۇ بېشى، ئايـدىڭ كـۆل قاتـارلىق قەدىمكـى قەبرىلەرنـى قېزىشـتىن بـىرىلگەن ئىلمـى دوكلاتلىرىـدىن مەلـۇم بولۇشـىچە، قەبرىـدىن بايقالغـان قـوس ئادىمىنـىڭ بـاش سـۆڭىكىنى ئىنسانشۇناسـلار تەتقىـق قىلىـپ، قوسـلارنىڭ 85% نـى غەرب ئىرقـى ، قالغـان 15% نـى موڭغـۇل ئىرقىغـا كىرىـدۇ دەپ ھۆكـۈم قىلغـان . مەدەنىـيەت ئالاھىـدىلىكى، جۇغراپىيىلـىك جايلىشـىش ئالاھىـدىلىكى ۋە مىللـەت نامىنـىڭ تەلەپپـۇز تىـل تەرەققىياتى جەھەتلەردىن ئانالىز قىلغاندا، قوسلار ئوغۇزلارنـىڭ بىـر تـارمىقى ⑤ . فرانسـىيىلىك ئـالىم ئـالىمجۇزىق دېگـەن ئۆزىنىـڭ ‹‹ ھـۇنلار، تـۈركلەر ۋە موڭغۇللارنـىڭ كېلىـپ چىقىشـى ›› دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەيدۇ: ‹‹ ئالدى قوس ۋە ئارقا

www.kitaphumar.com

قوس يەرلىرى تاتارىينىڭ بىر چاغلاردىكى داڭقى چىققان يەرلىرى ئىدى. بۇ يەرلەرنى ئۇيغۇرلار كونترول قىلغان، مىلادىدىن بۇرۇنلا بۇ ئورۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھلىقى بولۇپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ھەر ئىككىسىلا قوس دەپ ئاتىلاتتى ››⑥ دەپ يازغان . قوسلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى خەلقلەر، قوسلار ۋېي،جىن،جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قاڭقىل، ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن ئۇزاق مەزگىل ياشاش جەريانىدا، قاڭقىل، ئوغۇز قەبىلىلىرىگە سىڭىشىپ ئاسسىمىلاتسىيىلىشىپ كەتكەن. ‹‹ ۋېينامە. ئىگىز قاڭقىللار ›› قىسمىدا، مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاڭقىللار ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن يارغول ۋادىسىغا كېلىپ بۇ شەھەرنى قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ئېيتىلغان . مىلادى 487-يىلى ئاپۇرغۇر باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ تۈتۈن قاڭقىل ئاھالىسى تۇرپان، قارا شەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدا ياشاۋاتقان قوسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاھالىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ قاڭقىل خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان .

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىن ‹‹ ۋېينامە ›› دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى قوچۇ خانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. مىلادى 481 ـ يىلى قوچۇ شاھى كان بوجو ئۆلگەندە، ئاكىسى كان شوكۇي تەختنى تارتىۋالدى. پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇر كان شۇكۇي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ توخرىلىق جاڭ مىڭمىڭنى خان قىلدى ... ئۇلار ئالدى قوسقا كۆچتى ۋە مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇردى ⑦دەپ يېزىلغان . تۇرپاندا قاڭقىل خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ئاساسلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەردىن بولۇپ تۇرپاننى كونترول قىلغان. قوسلار بارا-بارا قاڭقىللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى تەركىبىگە سىڭىشكە باشلىغان بولىشى مۇمكىن . تۇرپاندىن تېپىلغان قاڭقىللارغا ئائىت قەبرىلەردىن قەدىمكى قاڭقىللارنىڭ چاچلىرىنى ئۇزۇن قويىدىغانلىقىنى، چېچىغا تور شەكىللىك قاپ تارتىپ قويىدىغانلىقىنى، ھەمدەپنە بويۇملارنىڭ تېرە، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز⑧ . ‹‹ ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە ››گە ئاساسلانغاندا قاڭقىللارنىڭ ئەرلىرى ئوقيا ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇپ، جۇشقۇن قەيسەرلىك بىلەن يۈرۈيدىغانلىقى، ئاياللىرىنىڭ بولسا، ‹‹سىرتىغا تېرە ئېلىپ قوي سۆڭىكى بىلەن ياسالغان چاچ قادىغۇچنى بېشىغا قادىۋالىدىغانلىقىنى، چېچىنى تور قاپقا ئوراپ، تاجىدەك قىلىۋېلىپ›› بۆلەكچىلا ياسىنىۋالىدىغانلىقى⑨خاتىرلەنگەن. دىمەك ‹‹ ۋېينامە . قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە ››دىكى

www.kitaphumar.com

يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشايدۇ . قاڭقىل قەبىلىلىرى قوسلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، سىڭدۈرۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە شەرقى، تۇرپان ئويمانلىقى، قارا شەھەر يۇلتۇز ۋادىلىرىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۈي ، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە تارىخى مەنبەلەردە تېلې( تۇرا ) دەپ ئاتالغان .

## توخرىلار

توخرىلار ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئەڭ قەدىمكى خەلق بولۇپ، توخرىلارنىڭ مىللەت تەركىبى ھەققىدە پىكىر بىردەك ئەمەس. توخرىلار توغرىسىدىكى خەنزۇچە يازما مەنبەلەر ئەڭ دەسلەپ ئېلىمىزنىڭ تارىخى مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ . ‹‹ تارىخى خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى ›› دە :‹‹ياۋچىلار (توخرىلار) دەسلەپ دۇنخۇاڭ، چىلەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشاپ، ھونلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىن يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەن⑩ دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا ، ‹‹خەننامە . غەربى يۇرت تەزكىرىسى ›› دە : ‹‹ ئۇلۇغ توخرىلار ئەسلىدە كۆچمەن خەلق بولۇپ، ئوت- چۆپ ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئەسلىدە ئۇلار دۇنخۇاڭ، چىلەن تاغلىرى ئارىسىدا ياشايتتى. ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، ھونلار توخرىلارنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخرىلار يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى ۋە پەرغانەدىن ئۆتۈپ غەرب تەرەپتىن باكتىرىيە خانلىقىغا ھوجۇم قىلدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ خانلىق قۇردى... ››11 دېيىلگەن. توخرىلار ‹‹ ۋېينامە . غەربى دىيار تەزكىرىسى ›› دە چىياڭ دەپ ئاتالغان ، ‹‹ كونا تاڭنامە›› دە دى دېيىلگەن. بىر قىسىم چەتئەللىك ئالىملار تۈرك دەپ قارىسا ، بىر قىسىملىرى توخرىلارنى مىللەت تەۋەلىكى جەھەتتىن ئارىيانلارغا تەۋە دەپ قارايدۇ12. توخرىلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ، تىلى ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. تېخى ئەڭ كۆپ سانلىق ئېتىراپ قىلغان كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. شۇڭلاشقا ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىش تەس .

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000- يىللارنىڭ ئاخىرى 2000- يىلللارنىڭ باشلىرىدا ھىندى- ياۋرۇپا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئۆز ئانا ماكانىدىن كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ، نامەلۇم بولغان تەبىئىي ئاپەت ۋە يېڭى ياشاش بوشلۇقىغا ئىگە بولۇش ئىستىكىدە ئوخشاش بولمىغان يۆلىنىشلەرگە كۆچكەن . بىر قىسىم خەلقلەر پامىر ئېگىزلىكى ۋە شەرقى

www.kitaphumar.com

قازاقستان بويلىرىدىكى غەربىي يۇرتقا تۇتىشىدىغان دەريا- ئېقىنلىرىنى بويلاپ شەرق تەرەپكە كۆچۈپ پامىر ۋە تەڭرىتاغ بويلىرىغا كەلگەن ۋە تەدرىجىي ھالدا شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىپ كەتكەن13. توخرىلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، توخرىلار قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ كۇچا ، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل ، خېشى كارىدورى، دۇنخۇاڭ ، چىلەن تاغلىرى قاتارلىق كەڭ رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىگە نىسبەتەن توخرىلارنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، ھۇنلار، ئۇيسۇنلاردىن قېلىشمايدىغان ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ رايونلارغا قارىتا ئەمەلىي كونترول قىلىش كۈچى كۈچلۈك ئىدى، شۇڭلاشقا ھۇن تەڭرىقۇتى ئوغۇللىرىنى توخرىلارغا بارىمتايلىققا ئەۋەتەتتى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7- ئەسىردىن باشلاپ ، توخرىلار خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان. بۇ ھەقتە جۇڭگو چەتئەل يازما خاتىرىلىرىدىن مەلۇم ئىسپاتلارنى تېپىشقا بولىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 800- 600 ـ يىللاردا گەنسۇ ، چىڭخەي رايونلىرىدا شاجىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان توخرىلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆچۈش سەپىرى جەريانىدا يان لەھەتلىك قەبرە مەدەنىيىتىنى قۇمۇل ، تۇرپان ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى، يەتتۇ سۇ ۋادىسى قاتارلىق كەڭ تېررىتورىيىلەرگە تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن. پىچان سۇبېشى قەبرىستانلىقى، ئۇرۇمچى نەنسەن قەبرىستانلىقى ۋە سۇنبۇلاق قەبرىستانلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى دەل توخرىلار غەربكە كۆچكەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ14. غەربكە كۆچكەن توخرىلارنىڭ ھەممىسى باكترىيە رايونىغا بارالمىغان بولۇشى مومكىن. كۆچۈش جەريانىدا ھەر قايسى بوستانلىقلاردا قېلىپ قالغان توخرىلار شۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشقان. يەنى ئەينى دەۋردىكى كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان بوستانلىقلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ئالىملار ‹‹ توخرى تىلى- A ››ۋە ‹‹توخرى تىلى ـ B›› دەپ ئاتىغان . تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ‹‹ مايتىرى سىمىت ›› درامىمىسىنىڭ ھەر قايسى پاپىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ‹‹ توخرى تىلى ›› دىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. تۇرپاندىن ‹‹ توخرى تىلى- A ›› بىلەن يېزىلغان نوم پۈتۈكلىرىنىڭ تېپىلىشى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتا ئىشلەتكەن نورغۇنلىغان بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنبەسىنىڭ توخرى تىلى ئىكەنلىكىدىن توخرىلارنىڭ تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەمدە زور تۈركۈمدىكى بۇددا دىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ توخرىلاردىن ئىكەنلىكىنى توخرىلارنىڭ تۇرپان

ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئاھالە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئا. فون. گابائىن خانىم تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەر قايسى دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەن خەلقلەرنى ۋە قەبىلىلەرنى ياكى شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئېتنۇناتسىيلەر-نى (ئاھالە ئۆزگىرىشلىرىنى) تەكشۈرۈپ، بۇلارنىڭ قاتارىغا ھونلارنى، كۇشانلارنى، ئىفتالىتلارنى، توخرىلارنى، ساكلارنى، سوغدىلارنى ساناپ كۆرسەتتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن. تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاھالىسى توخرىلار دەپ ھىسابلايدۇ15. تۇرپان تەۋەسىدە ياشىغان بۇ بىر قىسىم توخرىلار كېيىنكى كۈنلەردە غەربكە كۆچكەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋە يەرلىك ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە سىڭىشىپ، ئاسمىلياتسيىلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ (تۇرپان ئۇيغۇرلىرى) ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. توخرىلار مىلادىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى دەۋرلەردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا، دىنىي ئېتىقادىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن خەلق. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت- ماتېرىياللاردىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدىكى ‹‹توخرى›› سۆزى قەدىمكى جۇڭگو تارىخى مەنبەلىرىدە قالدۇرۇلغان ‹‹روجى›› (月氏)لارنى ھەم ئۇلار ئىشلەتكەن تىلنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تۇرپان تەۋەسىدىكى ئەينى دەۋر ئاھالىلەرنىڭ توخرى تىلىنى ئىشلىتىشى توخرىلارنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بىز يۇقىرقى مەزمۇنلاردىن توخرىلارنىڭ تۇرپاندىكى ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم ئاھالىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز .

## ئوغۇزلار ۋە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان قەبىللەر تۇرپاندا ياشىغان. تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق رايونلاردىكى ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ئىلمىزتارىخنامىلىرىدە تىلغائېلىنغان. «تارىخى خاتىرىلەر» دىكى"呼揭"، «خەننامە»دىكى ئوغۇز " 乌揭 "، «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات» تىكى ئوغۇز قاتارلىقلار ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى. بۇ نامنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋردىن سۈي سۇلالىسى دەۋرگىچە بولغان تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن. ۋېيخې(韦纥) يۈەنخې (袁纥)، ئوغۇز

www.kitaphumar.com

(乌护)، ۋۇخې (乌纥) قاتارلىق تەرجىملىرى بار. تارىخ ساھەسىدىكىلەر، مىلادى II ئەسىردە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «قۇتئۇش تەگرىقۇت ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى، شىمال تەرەپتە ئۇغۇزلارغا زەربە بېرىپ، لەشكەر تارتىپ غەربكە بېسىپ كىردى...»دېيىلگەن. «تارىخى خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ، «ھۇن تەگرىقۇتى ئوڭ قول بىلىك خانىنى جازالىغاچقا توخرىلاردىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە كىرروران، ئۇيسۇن، غۇزلار شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا قوشنا بولغان 26 دۆلەت ئاسايىشلىققا چۆمگەن....» بۇ تارىخنامىلەردىكى «غۇز، ئۇغۇز»لار «ئۇغۇزلاردۇر». 16 ئىككى خەن دەۋردىكى ئوغۇزلار، ۋېي، جىن، شىمالىي خانلىقلار دەۋردىكى ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا ماكانلاشقان يۈەنخې ۋە ۋېيخېلار تەگرىتاغنىڭ شىمالىي تۈرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋۇخۇ (乌护) لارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى يەنى كېيىنكى خۇيخې(ئۇيغۇرلار)دۇر.ئۇجى، ۋۇخۇ، يۈەنخې، خۇيخې دېگەنلەرنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئېتمولوگىيىسى «ئوغۇز» دېگەن بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان. خۇيخې «ئۇيغۇر»نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى. ئۇجى (ئوغۇز) مۇ «ئۇيغۇر» دېگەننىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدۇر››17.

جۇڭگۇ ۋە چەتئەل ئالىملىرى خەن دەۋرىدىكى ‹‹ ئۇگى›› دەپ ئاتالغان ئوغۇزلارنىڭ كېيىنكى تاڭ دەۋردىكى ‹‹ ئۇخۇ›› دەپ ئاتالغان ئوغۇزلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى. ‹‹ ئۇيغۇرلار خەن دەۋرىدە خۇگې (呼揭) دەپ ئاتالغان ئوغۇزلاردۇر››دەپ قارايدۇ . جۇڭگو تارىخى مەنبەلىرىدە ـ ‹‹ خەننامە ›› دە گۇيشى (姑师) دەپ ئاتالغان تۇرپان ئوغۇزلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە تۇرپاندا ياشىغان مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك تارقىلىش بويىچە قارىغاندا شىمالى ۋە شەرقى شىنجاڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقى مەلۇم ››18.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان قەبىلە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تۇرپان ئويمانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغۇل قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تېپىلماقتا. ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى جۇڭگو، ۋىزانتىيە ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدىلار مىلادى II- ئەسىردە ئىراندا قوللىنىشقا باشلىغان ‹‹ ئاۋىستا يېزىقى ››

www.kitaphumar.com

ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان . مىلادى IV-V ئەسىرلەردىن باشلاپ سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيىتى نەتىجىسىدە تۇرپانغا كىرىش سەۋەبى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تەسىر قىلىپ، يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاندىن مىلادى V ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن قىممەتلىك يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى بايقىدى . تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى V ئەسىردىكى ‹‹ كىشى ›› خەتلىك تارشىلارنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ، بىز ‹‹ مىلادى V ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈرك- ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىق قىلغان دەپ يەكۈن چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز، قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان ۋە يىلنامىسى بولغان بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ يەكۈننى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ ››19. لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەخسۇس بۆلۈمىدە I.344 نومۇرلۇق ئەر مومىيانىڭ بەدىنىگە پۈتۈنلەي يېرىك بۆز رەخت ئورالغان، سول پۈتىغا ئورالغان يېرىك بۆز ئۈستىگە قارا سىياھ بىلەن ‹‹ بىر جان ›› دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان . قەبرە تەزكىرىسىدە مىلادى 610- يىلى ۋاپات بولغانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ مىلەدىيە VI ئەسىردە ئاللىقاچان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى ماددى پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ ›› 20. بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن 1980- 1981- يىللىرى مانىي دىنىغا ئائىت قىممەتلىك ھۆججەت تېپىلغان، ھۆججەت نومۇرى1-2 . I.B. I 80 425 بەش ۋاراق ئون بەت. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا 80 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ھۆججەت ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۈسۈپ ۋە دولقۇن قەمبىرىلەر ئۇنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرىنى مىلادى VI ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىدى ››21. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە ئىدىقۇت قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مانىي دىنىغا ئائىت شېئىرىي داستان ‹‹ تۆۋە دۇئانامىسى ›› نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى تېپىلغان . بىرى، مانىي يېزىقى بىلەن، يەنە بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ( يېزىقىدا ) يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ تېپىلمىلارنى IV-V ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ قارايدۇ ›› 22 . تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دىنىي كىتابلارنى ، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى تۇرپاندا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى يازغان ، مىلادى IV-V ئەسىرلەردىن تارتىپلا تۇرپاندا ياشاۋاتقان ئاھالىلەر تىل- يېزىق جەھەتتىن ئۇيغۇرلىشىش قەدىمىنى ئالغان .

تۇرپان دىيارىدىكى ئۇيغۇرلىشىش ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپلا باشلانغان.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان ئوغۇز، قاڭقىل(تېلى)، باسمىل، چۆبە قاتارلىق قەبىلە- قەۋملەر ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردە تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ بۇ جايلاردا ئەسلىدە بار بولغان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۇيغۇرلىشىش يۈزلىنىشىگە ئاساس سالغان. غەربكە كۆچكەن سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار غەربتە تۇرپانغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار بۇ جايدا ناھايىتى تېزلا سىياسىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. چۈنكى بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار مۇقىم بولغان قەبىلە تەشكىلاتى بۇيىچە كۆچكەنلىكتىن، يەنە بىرىگە ئۆز مىللىتىنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقداشلىرى باسمىل، تۈركەشلەر، جابىرقلار، ئوغۇزلار ئالىلقاچان بۇ جايغا ماكانلىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىنىڭ ئۇلىنى سالغان. دېمەك، تۇرپان ئويمانلىقى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بىرى ياشاپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ بىرى.

## III قىسقىچە خۇلاسە

تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىنسانلار كونا تاش قۇراللار دەۋرىدىن باشلاپلا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. قوسلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خەلقلەر، قوسلار ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىگۈچى توخرى ۋە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقدىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان قاڭقىل ۋە ئوغۇز قاتارلىق قەبىلە- قوۋملار بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاش جەريانىدا بىر-بىرىگە ئۆز-ئارا سىڭىشكەن. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلار بىلەن تۇرپان دىيارىدىن تېپىلغان قوس قاڭقىل ،توخرىلارغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئېپادىلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل ئارىلىشىش جەريانىدا ،ئۇيغۇرلىشىش تىل جەھەتتە تۈركىلىشىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار كەلگەندىن كېيىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە خانلىق قۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەرگەن. غەربكە كۆچكەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى مۇشۇ ئاساس ئارقىلىق ئۇيغۇرلىشىش قەدىمنى تېخىمۇ تېزلەتكەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن.

## ئىزاھاتلار:

www.kitaphumar.com

① «ئنسانلارنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيەت تارىخى 20مىڭ يىلغا يېقىنلىشىدۇ».شىنجاڭ گېزىتى. 2000-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈندىكى خەۋىرى.

② ئەركىن ئىمىنيازقۇتلۇق:«قوچو دېگەن نام توغرىسىدا»،شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى،2000-يىللىق 1-سان، 74-بەت.

③ «قوس (قاڭقىل) شاھى مەقبەرىسىدە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ گېزىتى. 2000-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈندىكى خەۋىرى.

④ جاڭ يۈجۈڭ:«تەڭرىتېغىنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات»، شىنجاڭ پېداگوكىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، 1988-يىل 4-سان، 18-بەت.

⑦⑤لۈۋبى شىن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن:«غەربىي شىمال مىللەتلەر لۇغىتى». خەنزۇچە نەشرى،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 19980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 96-بەت .

⑥ ئۇيغۇر سايرانى: «تۇرپاندا يۈز بەرگەن ئېتنىك جەريانلار»، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2003-يىللىق 1-سان 82-بەت .

⑧ ھەببۇللا خوجا لەمجىنى: «تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايانلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1993 ـ يىللىق 3-سان، 104- بەت .

⑨ دۇن لىيەنچىن : «دېڭلىكلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار»، 2- قىسىم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىلى، 1- نەشرى، 399- بەت .

⑩ سىماچيەن : «تارىخى خاتىرىلەر . پەرغانە تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 491- بەت .

11بەنگۇ : «خەننامە . غەربى يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،1994- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 872- بەت .

12يۇتىيەنخىڭ :«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7- بەت .

13ئابلىكىم ئابدۇرەشىد: «توخرىلار ۋە يىپەك يولى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى ، 2002 ـ يىللىق 1- سان . 78-بەت .

14توختى تۇراخۇن :«تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تىك ئازگاللىق ، يان لەھەتلىك قەدىمكى قەبرىلەر» ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژورنىلى ، 2001-يىللىق ، 3-4-قوشما سان ، 73- بەت .

www.kitaphumar.com

15ئۇيغـۇر سـايرانى :«تۇرپـان ئويمانلىقـدا يـۈز بەرگەن ئېتنىـك جەريـانلار»، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ، 2003- يىللىق 1- سان .
16ئۇيغۇرلارنـىڭ قىسقىچە تـارىخىنى يېزىش گورۇپپىسى تـۈزگەن :« ئۇيغۇرلارنـىڭ قىسقىچە تـارىخى»، شـىنجاڭ خەلق نەشـرىياتى ، 1990 ـ يىلـى 5- ئـاي 1- نەشرى ، 54- بەت .
17.ئەھمەدجـان ئەھەد : «ئۇيغۇرلارنـىڭ ئېتنىـك تەركىبـى توغرىسـىدا يىڭـى ئـىزدىنىش»، شـىنجاڭ پېـداگوگىكا ئۇنىۋېرسـىتېتى ئىلمـي ژورنىلـى ، 1985- يىللـىق 1- سان، 26- بەت .
18قاسـىم ئـارىش :« ئۇيغۇرلارنـىڭ ئېتنىـك نـامى ، كـىلىپ چىقىشـى ۋە ئۇلارنـىڭ ياشىغان جايلىرى» ، قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمـي ژورنىلى ، 1989- يىللىق 3- سان ، 46- بەت .
19قۇربـان ۋەلـى : ‹‹ بىزنىـڭ تـارىخي يېزىقلىرىمىـز ›› ، شـىنجاڭ يـاش ـ ئۆسـمۈرلەر نەشرياتى ، 1986- يىلى 1- نەشرى ، 9- بەت .
20.ئەركىـن ئىمىنياز قۇتلۇق :«لۈشۈن مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا مەلۇمات»، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ، 2002- يىللىق 2-سان، 64- بەت .
21دولقۇن قەمبىرى ، ئىسرايىل يۇسۇپ :« بېزەكلىكتىن يىڭى تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ،شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ، 1985- يىللىق 1-سان، 79- بەت .
22ئەركىـن ئىمىنيـاز قۇتلـۇق :«مـانىي دىنىنىـڭ تۇرپـان رايونىـدىكى بـۇددىزىم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» ، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ، 2005 ـ يىللىـق 2- سان، 67- بەت

خوتەن پىداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژورنىلىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.com

# خوجىلار دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

**ئەخمەتجان ھەسەن**

ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ مەلۇم بىر رايونغا تارقىلىشى ۋە شۇ رايوندا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشىدا، نوقۇل شۇ ئېقىم تەرغىباتچىلىرى رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە شۇ رايوندىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ئامىللارمۇ ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

سوپى-ئىشانلار تەرىقىتىنىڭ يىقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا جاھالەتپەرەس سوپى-ئىشانلار تەرىپىدىن جۇڭغارلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇرۇلغان دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن قورچاق «ئىلاھىي خانلىق»ھاكىمىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىمۇ ئەمەلىيەتتە، يالغۇز ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭدا ئاتالمىش « تەرىقەت» تارقىتىش يولىدا چېپىپ يۈرگەن سوپى-ئىشانلارنىڭ تىنىم تاپماي ھەرقايسى شەھەر-بازار، يېزا-قىشلاقلاردىكى مەسجىت-مەدرىس، خانىقالاردا ئېلىپ بارغان ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ رولىدىن ھەم ئەينى دەۋردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھەر خىل ئىقىمدىكى تەرىقەت پېشىۋالىرىغا قول بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى قوللىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلانمىغان بولسا، سىرتتىن كىرگەن بىر پىكىر ئېقىمى تەرەپدارلىرىنىڭ شۇنچىلىك تېز قۇتراپ كېتىپ كىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جاھالەتپەرەس خوجا-ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئاتالمىش«خوجىلار دەۋرى» نىڭ شىنجاڭ زېمىنىدا مەيدانغا كېلىشى، ھەرگىز تەساددىپىي ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بىر مەسىلىدۇر. تۆۋەندە مەن بۇنى بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان خانلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، دىنىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان خوجا-ئىشانلارغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇش ئارقىلىق دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى

www.kitaphumar.com

ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراپ كەلگەن. نەتىجىدە، خوجىلارغا قول بەرگەن خانلار سىياسىي جەھەتتىن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە، ئۇلارنىڭ پىر-مۇرشىدلىرى بولغان خوجا-ئىشانلارمۇ تەبىئىي ھالدا خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ، خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. چۈنكى، تەرىقەت سىپىگە قوشۇلۇۋاتقان مۇرىت-مۇخلىسلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ بېرىشى، خوجا-ئىشانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدىكى تەسىرىنى تەدرىجىي ھالدا نامايەن قىلىشقا باشلىغان. مانا شۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا، تېمۇرىيلەر سۇلالىسى (1506-1370)نىڭ ئىچكى ماجرالىرىدا ھاكىمىيەت ئورنى داۋالغۇپ تۇرغان خانلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بارغانسىرى كۈچىيىپ قانات قېقىشقا باشلىغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىر-مۇرشىدلىرىغا قول بېرىپ ئۇلارنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىشقا باشلىغان. بۇ قارىشىمىزنى كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلار دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن ۋەزىيىتىدىكى ئىچكى ماجرالاردا مىرانشاھنىڭ ئەۋلادى ئەبۇسەئىدنىڭ ئۇلۇغبېكنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇللا ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى ئاكادېمىك ۋ.ۋ.بارتولد «ئەبۇ سەئىدنىڭ غەلىبىسى ئۆز نۆۋىتىدە خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى ئىدى.» (1) دەپ يازىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغبېك ئىلىم ئەھلىنىڭ ھامىيسى، مەرىپەتپەرۋەر شاھ بولغاچقا، «خوجا ئەھرار دىنىي جەھەتتە ئۇلۇغبېككە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارشى ئىدى.» (2) ئەينى دەۋردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پىرى خوجا ئەھرار (1490-1404)نىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى تەسىرى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ھەقتە غاپپاروف: «خوجا ئەھراريالغۇز ئەڭ چوڭ دىنىي داھى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەڭ كاتتافېئودال قورۇق ئىگىسى ئىدى.ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مىقداردىكى بايلىق ۋەناھايىتى كەڭ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلغان » (3) دەپ كۆرسىتىدۇ. (مىرزا زەھرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا دەۋرى ئۈستىدە توختالغاندا،«سۇلتان ئەھمەد مىرزا خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارى ھەزرەتلىرىگە ئىخلاس قىلاتتى. بولۇپمۇ خوجا سۆھبىتىدە بولغاندا ئالاھىدە ئىخلاسمەنلىك كۆرسىتەتتى. ئىيتىشلارغا قارىغاندا،خوجا سۆھبىتىدە بولغاندا تىزىنى يۆتكەپ باققان ئەمەس ئىكەن. بىر قېتىم خوجا ھەزرەتلىرى سۆھبىتىدە ئادىتىگە خىلاپ ھالدا تىزىنى يۆتكەپ ئولتۇرۇپتۇ. مىرزا قوپقاندىن كېيىن خوجا ھەزرەتلىرى مىرزا ئولتۇرغان يەرگە قاراپ بىقىشنى بۇيرۇپتۇ، قارىسا بىر سۆڭەك پارچىسى تۇرغۇدەك.» (4)

www.kitaphumar.com

دەپ بايان قىلغان. مانا بۇ ۋەقەلەر بىزگە، بىر تەرەپتىن،ماۋارائۇننەھردىكى خانلارنىڭ خوجا ـئىشانلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرسە،يەنە بىر تەرەپتىن تەرىقەت پىرلىرىنىڭ قانچىلىك تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. قىسقىسى، بىز ماۋارەئۇننەھىردە ئەبۇسەئىد مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلنى، ئەمەلىيەتتە،ناھايىتى زور سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە تەرىقەت پىرى خوجا ئەھرار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر دىسەك بولىدۇ

سوپى-ئىشانلار تەرىقىتىنىڭ شىنجاڭدىمۇ ناھايىتى تېز تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشىنى ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا مەيدانغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاتالمىش« خوجىلار خانلىقى» نىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا روياپقا چىقالىشىنى، ئەمەلىيەتتە ئاساسلىقى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، 15ئەسىرنىڭ باشلىرى بۇ تەرىقەتنىڭ تەشۋىقچىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن ئۇۋەيسخان(1417ـ1432)نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇ بۇ تەرىقەتنىڭ ماۋارەئۇننەھىر-دىكى تەسىرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەرشىدىن خوجا تەرەپدارلىرىنىڭ مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماۋارەئۇننەھىردىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى قوبۇل قىلغان خانلارنىڭ قوللىشىنى ۋە زور تەسىرگە ئىگە تەرىقەت پىرلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ئەرشىدىن خوجا تەرەپدارلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەن. مانا بۇنداق خانلارنىڭ خوجا-ئىشانلارغا قول بېرىش ئەھۋاللىرى يالغۇز ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆزى بىلەنلا توگەپ كەتمەي، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخانغا مىراس قالغان. ئەينى دەۋردە ئۇمۇ«خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىدى.» بۇنىڭدىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تارقىلىپ كىرەلىشىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن زادى قانچىلىك دەرىجىدە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەھدىتلەردىن بىرى يەنىلا ئەرشىدىن خوجا ئەۋلادلىرى ئىدى. سەئىدخان ئەرشىدىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت چوڭ دىنىي

www.kitaphumar.com

كۆچكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى بىر دىنني كۆچكە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى.شۇڭا ئۇ سەمەرقەندتىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپكە مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ،«مانا شۇ خوجا ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ»(6)، «خوجىنىڭ بوسۇغىسىغا باش ئۇردۇ.» چۈنكى سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەرشىدىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ دىنني جەھەتتىكى تەسىر دائىرىسى كۆچلۈك بولۇپ،ئۇلار پۈتۈن خانلىقنىڭ دىنني ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەينى دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇپ،قولغا كەلتۈرگەن ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ ئىزچىل يوسۇندا دىنني جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى خانلىقنىڭ سىياسي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ،تەسىر دائىرىسى زور بىر كۈچ بولۇپ قالغاندى. مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ تەسىرىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالي ۋە شەرقىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىشتە نەتىجىگە ئېرىشىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغاچقا، بۇ جەمەت تاكى 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر پۈتكۈل شەرقي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي دىنني داھىلىق رولىنى ئوينىغاندىن سىرت، دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇريي،سىياسىي،ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىمۇ تىزگىنلەپ كەلگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خوجا مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگەبولغان ھۆرمەت ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئىماملىق ئىمتىيازىنى بەرگەندىن سىرت، «ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن يەر-زېمىننى ھەدىيە قىلغان»،يەنە« ھەربىلى ئىككى نەپەر بەگدىن رامىزاننىڭ پىتىرىسىنى ۋە ئالتۇن-كۈمۈش،مال-دۇنيالىرىنىڭ زاكىتىنى ئەۋەتىپ تۇرغان.» قىسقىسى، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىق(يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان مەزگىل)خوجا مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەڭ ئالىي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولغان، ھوقۇق-مەرتىۋىلىرى كۈنسىرى يۇقىرى ئۆرلەپ، مال-دۇنياسى كۆپەيگەن مەزگىل بولۇپ، ئەينى دەۋردە ھېچقانداق بىر جەمەت ۋە شەخس ئۇلار ئېرىشكەندەك ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن ئەمەس، ئۇلار بىلەن رىقابەتلەشكىدەك مەزھەب ياكى كۈچمۇ بولغان ئەمەس. مانا شۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى خانلارىمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالغاچقا، باشقا بىر دىنني كۈچلەر بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا

www.kitaphumar.com

مۇھتاج بولغانىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ يېڭى كۈچ ـ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان خوجا ـ ئىشانلار ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرىشىتخانمۇ ئەرشىدىن خوجا ئەۋلادلىرىغا قارىتا دادىسىغا ئوخشاش يول تۇتقان. موللا مۇسا سايرامى«ئۇ چاغلاردا خوجا مۇھەممەد شىرىپ پىر دېگەن (ئىشان)كىشى كەلگەنىدى. ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى.» دەپ يازىدۇ. ئابدۇرىشىتخاندىن كېيىنكىلەرمۇ تاكى خانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئىسمائىلخانغا قەدەر مانا شۇ يوسۇندا خوجىلاردىن بىرەرسىنى ھاكىمىيەتنىڭ «مەنىۋى تۈۋرۈكى» قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى.

مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسۇن، مەيلى شىنجاڭدا بولسۇن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلارنىڭ خوجا ـ ئىشانلارغا «مۇرىت»بولۇپ ئىخلاس بىلدۈرۈشلىرىدە دىنىي مەقسەتكە قارىغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي غەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.ئۇلار خوجا ـ ئىشانلارغا مايىللىق بىلدۈرۈپ،ئۇلارنى قوللاپ،پائالىيەتلىرىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ،ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تۈرلۈك مەقسەت مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكىدە بولغان.ئەمما ئۇلار «تەركىدۇنياچىلىقنى يەنى بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىش،ھوقۇق ـ مەرتىۋىلەردىن،ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى چەكلەش،رىيازەت چېكىپ باقىي دۇنيادىكى روھىي ئالەمگە ئۆزىنى بەخشەندە قىلىش، پىر ـ ئۇستاز بولۇپ ئۆمۈر بويى رىيازەت چېكىپ، خەلىپە تەربىيىلەپ، مۇرىت تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق،ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش» دېگەن سوپىزىم ئەقىدىسىنى «ئۇنتۇپ قالغان»خوجا ـ ئىشانلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلارغا قانائەت قىلماي، سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇق تەمەسى ۋە پۇل، مال ـ دۇنيا تەمەنىڭ تۈرتكىسىدە، پۈتكۈل ئەلنى ۋە ھاكىمىيەتنى ئوتقا ئىتتىرىشتەك رەزىل قىلمىشىنى دەل ۋاقتىدا توسۇيالمىغان، توسۇشقا نىيەت قىلغانىدا بولسا، خانلار ئومۇميۈزلۈك ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ سازلىققا پېتىپ قالغان، سەلتەنەت مەھكۇملۇق بىلەن، مەرىپەت نادانلىق بىلەن، يورۇقلۇق جاھالەت بىلەن ئالماشقان.

ئىككىنچى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 164يىللىق تارىخى، سوپى ـ ئىشانلار تەرىقىتىنىڭ كىچىكلىكتىن ـ چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن ـ كۈچلۈكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانى بولۇپ، ئومۇمىي جەمئىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە ئەھلى سۈننىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي ئەركانلىرى جاھالەتپەرەس تەرىقەت پىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ـ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئەھلى تەرىقەتنىڭ خۇنۇك،

www.kitaphumar.com

ئىسلام روھىغا يات ئەقىدىلىرى بازار تاپقان. بۇ خىل ھالەت بولۇپمۇ 16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ پۇل-مال-دۇنيا،ھوقۇق-مەرتىۋە تالىشىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ كۈچىيىپ بارغان. بولۇپمۇ تەرىقەت پىرلىرى بولغان خوجا-ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلار ۋە بەگلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىپ، تەرەپ-تەرەپكە خاس مۇخلىسلىرىنى، سۆزمەن ۋائىزلىرىنى، ئىشەنچلىك چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۈزلۈكسىز مۇرىت كۆپەيتىش، كۈچ توپلاش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىۋەتكەن.نەتىجىدە،شەھەر-بازارلاردا،يېزا-قىشلاقلاردا، مەسجىت-مەدرىس ۋە خانىقا-مازارلىقلاردا جاھالەتپەرەس تەرىقەت پىرلىرى ئۇچىغان ئوقۇلۇغان ماختاش، مەدھىيە ۋە كۆككە كۆتۈرۈشلەر جاھاننى قاپلاپ، مەدداھ ۋە ۋائىزلىقتا ۋايىغا يەتكەن تەرىقەت پىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول-چوماقچىلىرىنىڭ جاي-جايلاردىكى مەسچىت-خانىقالاردا، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا ۋائىزلىق قىلىش-ۋەز-نەسىھەت ئېيتىش، ئەمىر-مەرۇپ قىلىش، ھۆكمەت-تەلقىن ئوقۇشلىرى ئاق كۆڭۈل، ساددا، نادان خەلق كۆڭلىنى ناھايىتى تېز رام قىلىۋالغان، ھەم نادان خەلق ئارىسىدا خېلى زور تەسىر قوزغىغان. رىياكار خوجا-ئىشانلارنىڭ رەزىل سىياسىي قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «پىرى ھەزرەتلەرنىڭ نەزىرى كىمگە چۈشسە،ئۇ ئۆمۈرۋايەت بەھرى تاپىدۇ. پىرىمىزنىڭ دەرگاھىغا كىلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ. بىرەر كىشى يالغۇز ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پىر-ئەۋلىياغا قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، قەتئىي گۇناھكار بولىدۇ، قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. پىرلار مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنى جەننەت ۋە دوزاققا ئايرىغۇچىلاردۇر. پىرلار ئاللانىڭ تىلى ۋە جامالىدۇر. پىرلار قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوئال-سوراق قىلغۇچىلاردۇر. پىرسىز يۈرگۈچىلەر دىنىدىن ئېزىپ يۈرگۈچىلەردۇر.پىر تۇتمىغان ئادەمنى خۇدا بەندەم دېمەيدۇ،ئۇنداق ئادەم خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە،ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەن ئاچ-زېرىنلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەڭ، خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن دېگىنىڭ بىكار.ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا-چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت-پاراغەتتە بولىدۇ، خۇدانىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولىدۇ...» دېگەندەك ئالا-جۇقا

www.kitaphumar.com

جۆيلۈشلىرى نادان خەلقنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان بولۇپ،تەرىقەت پىرلىرىنىڭ خەلىق ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ زورىيىشىغا ۋە شان-شۆھرىتىنىڭ راسا كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» ھۆكمىگە ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپ ھالدا جۆيلۈشلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن يېيىلىشى شەھەرگىچە، زەردارلىرىن گادايغىچە تارقىلىپ،تەركىدۇنيا سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ، ھەلقە-سامالىرى بىلەن ساپايە ئاۋازلىرىنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىشى، بىرگە ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ تولىمۇ نادان، ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى، مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلىق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ھەم بىلىم، ئەخلاق ھەم ئەدەپ ۋە تىنچلىق، ھاياتلىق ھەم ياشاش دىنى بولغان ئىسلامنى چۈشەنمىگەنلىكىنى، بۇ دىنىنىڭ ئاساسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»نى بىلمىگەنلىكىنى، بىلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىنى ھەم بىلگەن شارائىتتىمۇ يەنىلا جاھالەتپەرەس، قانخور خوجا-ئىشانلار تەرىپىدىن ھاياتى ۋە مال-مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىشتەك پاجىئەلىك ئۆتمۈشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرى جاھالەتپەرەس تەرىقەتچى سوپى-ئىشانلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىنىڭ ئىسلامغا پۈتۈنلەي يات ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئەڭ ياخشى پاكىت. «قۇرئان كەرىم»نىڭ «سۈرە ئال ئىمران»كەلىمىسىدە: «ئى ئەھلى كىتاپ(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە(يەنى بىر خىل ئەقىدىگە)ئەمەل قىلايلى!...»دېيىلگەن، سۈرە مائىدە كەلىمىسىدە: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى(تەركىدۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار،(ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار،ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دېيىلگەن .بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدىكى سەۋەپ، ئەينى دەۋردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەردە تەركىدۇنيا بولۇپ ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىش، گۆش يېمەسلىك، ئاياللارغا يېقىن يولىماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولۇپ، ئەنە شۇ ئەھۋاللارغا قارشى يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغان. ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى مانا بۇ ئايەتلەر بىرگە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابروي تېپىش كويىدا پالاقشىپ يۈرگەن تەرىقەت پىرلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىدىن،ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن پۈتۈنلەي ئازغانلىقلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلارھە دىسە ئۆزىگە مۇرىت تويلاپ، ئۆز يولىدا خۇداغا بەندىچىلىك

www.kitaphumar.com

قىلىۋاتقان خەلقنى تەركىدۇنيا چىلىقا،كەيپچورلۇققا، دىۋانە-دەرۋىشلىككە دەۋەت قىلغان. مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان خەلق مانا شۇ يولدا جاھالەتكە، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەمدە دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان،ئىززەت-ئابروينى دوست تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىش-ئوقەت قىلمايدىغان،دۇنيانىڭ پايدىسىدىن زىيىنىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىسلامغا يات ئىللەتلەرنى يۇقتۇرىۋالغان. نەتىجىدە، نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق كۈچەيگەنسىرى جاھالەتپەرەس خوجا-ئىشانلارغا ئەگەشكۈچىلەر شۇنچىلىك كۆپىيىپ بارغان.

ئۈچىنچى، تەرىقەت پىرلىرىنىڭ مال-دۇنيا، ھوقۇق-مەرتىۋە تالىشىپ ئېلىپ بارغان سىياسىي كۆرەشلىرى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىغا ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك «ئاق تاغلىق»،«قارا تاغلىق»دېگەن ئىككى يەرلىك گورۇھنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن خەلقنى ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈشكە مەجبۇر قىلىپ، گورۇھۋازلىق، تەپرىقچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرغان.ھەممە يەرنى ۋابادەك قاپلاپ كەتكەن قانخۇمار سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇيۇقسىز ئۇر-يىقىتىشلىرىدىن قاتتىق يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن بىچارە خەلق يەنىلا كۆڭلىدىكىنى سىرتقا چىقىرالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قورقۇش، ۋەھىمە ئىچىدە سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ جەھرى سامالىرىغا قاتناشقان.

دەرۋەقە،سوپى-ئىشانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھىجابۇل غەيىپ («غايىپ پەردىلىكلەر»، «نامەلۇم قەستچىلەر»)دەپ ئاتالغان يوشۇرۇن قەست قىلىش گورۇھمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەۋلىيا خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ زىتىغا تەگكەن، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ «ھىجابۇل غەيىپ »دەپ نام ئالغان سادىق قانخور مۇرىتلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. يوشۇرۇن قەستكە ئۇچرىغان كىشىلەر ئىچىدە يۇرت چوڭلىرى، شەرىئەت پېشۋالىرى خاتىپ، مۇدەررىس، ئىمام-مۇتىۋەللىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇن شەھەر-يېزا ئاھالىلىرى بار ئىدى.قانخور سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ھەم ئاپپاق خوجا دەۋرلىرىدە ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئىسمائىلخان دەۋرىدە ئاپپاق خوجا «دەۋىتى ئىشقىيە» ئاشىقلىرى ئىچىدىن«خۇدايى غازات»گورۇپپىسىنى قۇرۇپ،1667-يىلى يەكەندە مەزھەپ رەقىپلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دادىسى مۇھەممەت يۈسۈپ-«مازار

www.kitaphumar.com

پادىشاھىم» نىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ قانلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. جاي-جايلاردا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پىيىنى قىرقىش،پۇت-قولىنى كېسىپ كاردىن چىقىرىش، ئۆي-جاي، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاش ۋە كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئەسەبىي ھەرىكەتلەر جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ،خەلقنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغان. نەتىجىدە ۋەھىمە،دەككە-دۈككە ئىچىدە قالغان كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ «ئىشقىيە سۇلۇكى» ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان خۇدايى قۇللارغا ئايلانغان.

تۆتىنچى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يەنى ئىسمائىلخان دەۋرىدە، خان ئاپپاق خوجىنىڭ ھىلىمىكىرلىك ياغلىما گەپلىرىگە ئىشىنىپ، «ئاق تاغلىق» خوجىلارغا مەنسۇپ بولغان سوپى-دەرۋىشلەردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان باجنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن. بۇنىڭغا دائىر مەلۇماتلارنى بىز «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان«تەزكىرەئىي پىر ياران»، «ھىدايەتنامە» قاتارلىق تەزكىرىلەردىن ھەم باشقا ئەسەرلەردىن ئۇچرىتالايمىز.

«ئاق تاغلىق» خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولغۇچىلار ھەسسىلەپ ئېشىپ، خانلىقنىڭ ھەرقايسى شەھەر-بازارلىرىنى، يېزا-قىشلاقلىرىنى ئۇچىسىغا ئاق لىباس، بېشىغا ئاق تەقىيە كىيىپ، بېلىگە ئاق بەلۋاغ باغلايدىغان،قوللىرىدا ئاق ساپلىق ساپايە، ئاق رەڭلىك توغ-شەددىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈيدىغانلار قاپلاپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولغان ھەر قانداق ئادەم ئاق تەقى كىيىپ، خانلىقنىڭ باج-سېلىقى ۋە ئالۋان-ياساقلىرىدىن خالى بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئاق تەقى كىيگەن لۈكچەك، قىمارۋاز، جازانىخورلارمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قازاخانالارغا چۈشۈپ قالسا، ئاپپاق خوجىنىڭ ئابرويلۇق سوپى-ئىشانلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، شەرئەت ئەھكاملىرى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراشتەك ئەھۋاللار سادىر بولۇپ تۇرغان. ئاپپاق خوجىنىڭ شەھەر-بازار، يېزا-قىشلاقلاردىكى مۇرىت-مۇخلىسلىرى تېگىشلىك يەر، سۇ ۋە ئاشلىق بېجى تاپشۇرمىغانلىنى ئاز دەپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نۇرغۇن يەر-زېمىن«خۇدايى ۋەخپە»شەكلىدە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مەھەللىۋى ئىشانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، خانلىققا تەۋە يەر-زېمىن بىلەن يەر بېجى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەن. نەتىجىدە ئوردا خەزىنىسىدە ئاقچا، ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئاشلىق قالماسلىقتەك ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەن.

www.kitaphumar.com

تەرىقەت پىرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە مۇرىت قوبۇل قىلىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا ياشاپ كەلگەن خەلقنى زور بالايىئاپەتلەرگە دۇچار قىلدى. پۈتۈن ئەلدە تەرىقچىلىق، گۇرۇھۋازلىق ئەۋج ئېلىپ نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ھۆكۈم سۈردى. سوپى-ئىشانلارغا مۇرىت-مۇخلىس بولۇپ، تەرىقەت سۆلۈكلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، شۇ يول ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. سوپى-ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل سىياسىي قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماستىن، ئەڭ ئاخىرقى تىغ ئۇچىنى ھاكىمىيەتكە قارىتىپ، 1678-يىلى جۇڭغار موڭغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئون ئىككىنچى سۇلتانى ئىسمائىلخاننى ئاغدۇرۇپ، تارىختا 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنى بەربات قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغارلار ھامىيلىقىدىكى ئاپپاق خوجا «خان»لىقىنى تىكلەپ، ئۆزىنىڭ قورچاق-قارانچۇقلۇق ئورنىنى ساقلاپ15يىل(1678-1693)ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن،1693-يىلى قەستكە ئۇچراپ زەھەرلىنىپ ئۆلدى.شۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاساسەن «قارا تاغلىق»خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

دېمەك، 1678-يىلى ئاپپاق خوجىدىن باشلانغان«خوجىلار دەۋرى»82يىلچە داۋاملىشىپ، 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەتىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدىمۇ خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئۈزۈلمىدى. مەسىلەن،1757-يىلىدىن1857-يىلغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە بۇرھانىدىن خوجا، سامساق خوجا، جاھانگىر خوجا(1790-1820)، بۈزرۈكخان خوجا(1824-1869)، ئەۋلىيا خوجا(1816-1869)، ۋەلىخان تۆرە(1821-1865)قاتارلىق مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان خوجىلارنىڭ قوقەن خانلىقىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ قوزغىغان توپىلاڭلىرى، ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. ھەتتا «خوجىلار دەۋرى»دىن يۈز يىل كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ياقۇپ بەگمۇ خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوقەندىن ئاپپاق خوجىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بۈزرۈك خوجا (نەسەبىسى: ئاپپاق خوجا-يەھيا خوجا ــ مەھمۇت خوجا-بۇرھانىدىن خوجا-سامساق خوجا-جاھانگىر خوجا-بۈزرۈك خوجا)نى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلانغان.

www.kitaphumar.com

قسقىسى، شىنجاڭدىكى«خوجىلار دەۋرى»ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مەيلى «خوجىلار دەۋرى»بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق، پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرى بولسۇن باشتىن-ئاخىر ۋەتىنىمىز پۈتۈنلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. خوجىلار دەۋرى خۇددى سەئىدى شىرازىنىڭ:«تەركى دۇنيا بول دەر خەلققە پىر-ئىشان، لىكىن ئۆزلىرىچۇ؟ يىغار پۇل ۋە دان!» دېگىنىدەك، خەلقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، ھېسابسىز مال-دۇنيا يىغقان، مەسچىت، مەدرىسىلەرنى خانىقا بىلەن تۈنەكخانىلارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن، قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب، مەدەنىي مىراس ۋە تارىخىي قولىيازمىلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، بۇنىڭغا نارازى بولغان، قارشى چىققان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈرگەن، نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتنى پەيدا قىلغان، ماددىي ۋە مەنىۋىي نامراتلىققا سەۋەپ بولغان بىر دەۋر بولغان.

## پايدىلانغان ماتىرىياللار:

(1)(2)ۋ.ۋ.بارتولىد:«ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12لېكسىيە»، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى،1984-يىل نەشرى، 236-بەت.
(3)ۋېي لياڭتاۋ:«يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،162-بەت.
(4)زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر:«بابۇرنامە» ،مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى، 34-بەت.
(5)(6)(7)مىرزا ھەيدەر كوراگان:«تارىخى رەشىدى»، 2-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل خەنزۇچە نەشرى9-،320-بەت.
(8)موللا مۇسا سايرامى:«تارىخى ئەمنىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1988-يىل نەشرى، 59-60-بەتلەر.
(9)«جالالىدىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا دائىر تارىخىي ۋەقەلەر»،«شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتىرىياللىرى»،16-توم،شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى باستۇرغان.

www.kitaphumar.com

(10)موللا مۇسا سايرامى:«تارىخى ئەمىنىيە» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1988-يىل نەشرى،18 ـبەت.
(11) «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى»(«مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى»)،قولىيازما.
(12) «تەزكىرەئى ھىدايەت»،قولىيازما.
(13) (14)«قۇرئان كەرىم»، 1986-يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
(15) ئەخەت تۇردى:«بەختىسىز سەئىدىيە» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002-يىل نەشرى،481 ـبەت.

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 2003 ـيىل 2 ـسان.

www.kitaphumar.com

# جاڭ جىجوڭ نىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى

**ماخمۇت ئابدۇۋېلى**

**مۇھىم مەزمۇنى:** 1945- يىلى قىشتا جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىلدى. مەزكۇر ماقالىدە، جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىشىدىكى كونكرېت سەۋەبلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ تىنچلىق بىتىمى

1945- يىل 9- ئايدا، ئالتە يىل داۋام قىلغان دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن سەككىز يىل داۋام قىلغان جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تىنچلىق بەرپا قىلىش ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 1944- يىلى نويابىردا باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1945- يىل 9- ئايغىچە بولغان بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئارقا- ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىپ، مىللىي ئارمىيە شىمالىي شىنجاڭنى گومىنداڭ ئاسارىتىدىن تولۇق ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسىغىچە قىستاپ كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتىشقا كۆزى يەتمەي، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە بېسىمى تۈپەيلى، شۇ يىلى 9- ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدە ھۆرمەتكە

www.kitaphumar.com

سازاۋەر، مەشھۇر دىپلومات جاڭ جىجوڭنى سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى، شۇ چاغدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 1945 ـ يىل 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتادا ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخپىي مۇزاكىرە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ، جۇڭگوغا تەۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى «مۇستەقىل» ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ شەرتى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئامېرىكا بۇنى قوللىدى①. دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈچ دۆلەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جياڭ جيېشى ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالماشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى سۈپىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىغا ھەمدە «شىنجاڭ توپىلىڭى» (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى دېمەكچى)غا ئەمدى ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغاندىلا، بۇ تەلەپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى②. شۇنداق قىلىپ يالتا يىغىنىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ سودىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى توسۇپ قېلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ماناس دەرياسىنى ياسىل قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىپ تۇردى. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى بۇ ئۆزگىرىش، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى تېپىلغۇسىز شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە مەملىكەت ئىچىدىمۇ، گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش ھالەتلىرىنى تۈگىتىپ ئورتاق كېلىشىم ھاسىل قىلىش تەلەپلىرى كۈنسايىن كۈچەيدى. 1944 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خۇرلى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ دېموكراتىك بىرلىك سەپ قۇرۇشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى③. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى

www.kitaphumar.com

بىسمىنىڭ تۈرتكىسىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كومپارتىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپ، جاڭ جېجۇڭنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ تاللىدى. جاڭ جېجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يىغىنلىرىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى تەكلىپ پىكىرلىرىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاچقا بولغاچقا، جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ پارتىيىسىگە سادىق ئەمەلدارلار ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭغا گۇمانىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان خىسلىتى، گومىنداڭ پارتىيىسىنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىمۇ قايىل قىلغانىدى. جاڭ جېجۇڭ باۋدىڭدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىزىقىپ، كومپارتىيە ئەزاسى چۇ چيۇبەيدىن رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن④. 1924-يىلى جاڭ جېجۇڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرىدە، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ياقىلايدىغان لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەچكە، جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ سولچىللىرى تەرىپىدىن «قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ كوماندىرى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئاتالغان⑤. 1937-يىلى جاڭ جېجۇڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىزچىل زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. جاڭ جېجۇڭنىڭ كومپارتىيە بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە يېقىن مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇنىڭ كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ بىرلىشىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىشى، ئۇنى كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدىكى مۇھىم شەخسكە ئايلاندۇرغان. جياڭ جيېشى گەرچە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كومپارتىيىگە يېقىنچىلىق قىلىش سىياسىتىدىن نارازى بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەددىي مەسىلىدە ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، 1945-يىل 8-ئاينىڭ 31-كۈنى جياڭ جيېشى جاڭ جېجۇڭغا ناھايىتى كەسكىن قىلىپ: «شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى چوقۇم ئوڭشاش كېرەك، شىنجاڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، رەئىس ۋە ھەر قايسى نازارەتلەرگە مۇئاۋىن ئورۇن تەسىس قىلىپ، مەركەز بىلەن يەرلىك تەڭ باشقۇرماق لازىم.»⑥ دېدى ھەم ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ دوكلات قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى⑦. ئەمەلىيەتتە، جياڭ جيېشى جاڭ جېجۇڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ماھىر بولۇشتەك قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى سۆھبەت ئۈستىلىگە

www.kitaphumar.com

ئەكىلىپ، بىر ياقتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر ياقتىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش كويىدا ئىدى. بۇ، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى- نىڭ دەلىلى ئىدى. ياپونىيىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى ۋە كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ باشلىنىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىغا يول ھازىرلىدى.

شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى شېڭ شىسەيىنىڭ قولىدىن ۋۇ جۇڭشىنغا ئۆتۈپ ئەمدىلا بىر ئاي بولغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ قولىدىن تارتىۋېلىندى، ئىنقىلابچىلار تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىپ ماناس دەرياسىغا قىستاپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە زور تەھدىت سالدى. ئۈرۈمچى قولدىن كەتسە، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىش خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن 8- ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ۋە ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئارقا- ئارقىدىن تېلېگراما يوللاپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى جىددىي ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى قاتمال ۋەزىيەتتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. جياڭ جيېشى ئىزچىل ھالدا ۋۇ جۇڭشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن شىنجاڭنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللاپ كەلگەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇ شىنجاڭدا مىللىي مەسىلىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، شىنجاڭ مەسىلىسىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى⑧. جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنى ئوچۇق- ئاشكارا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان دەۋرنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە شىنجاڭغا ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈلمىنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي جەھەتتىن دېموكراتىيە بېرىشنى قارار قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشىگە، ئىچكى جەھەتتە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە زورىيىشى سەۋەب بولسا، تاشقى جەھەتتە «جۇڭگو- سوۋېت دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» تۈزۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا قول تىقماسلىققا ۋەدە بېرىشى سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى ھەمكارلىق شەرتنامىسىنىڭ سوۋېت تەرەپ ۋەكىللىرى شىنجاڭ مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى ھەتتا ستالىنمۇ

www.kitaphumar.com

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالغانىدى[9]. دېمەك، ئىچكى- تاشقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە دىققەت قىلىشى تۈپەيلىدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق قوللۇق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش مەقسىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياقىدىغان ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي جەھەتتىن دېموكراتىيە بېرەلەيدىغان ھەم دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغدىيالايدىغان ئەرباب ــــ جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى لايىق كۆردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يىراقنى كۆرەر، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا بەل باغلىغان دىپلوماتى جاڭ جىجۇڭ 1945- يىل 9- ئاينىڭ 13- كۈنى ئايروپىلان بىلەن چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇ كۈنىلا 8- ئۇرۇش رايونىنىڭ كوماندىرى جۇ شاۋلياڭ ئۇنىڭغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن دوكلات بەردى. جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسىدە: «مەن بىر تەرەپتىن، جۇ شاۋلياڭ ۋە لى تىجۇنلەرگە ئارمىيىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىسام، يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى لىيۇ زېرۇڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى يېسىيېف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدىم. چۈنكى مەن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم. شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەنلا ھەل قىلىش كېرەك ئىدى، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلغاندا، ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشى كېرەك، ئەڭ ياخشى كېلىشتۈرگۈچى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى[10] دەپ يازغان. مانا بۇ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنىڭ بېسىلىشى ئىدى.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە، ھەربىي قوماندان جۇ شاۋلياڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىنلار شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قارشى ئېقىمدىكىلەر ئىدى، ئۇلار ئىزچىل ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانلىق باستۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنىڭ

www.kitaphumar.com

ئىستىپانامىسىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، سوۋېت كونسۇلى يېشىيېف بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە توقۇنۇشنى پەسەيتىشنىڭ چارە- تەدبىرلىرى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈتتۈرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشقا قوشۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالدى. 1945- يىلى 10- ئاينىڭ 10-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۆكتەبىر كېلىشىمى» ئىمزالاندى، شۇ كۈنى جياڭ جيېشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رادىئو نۇتقى سۆزلىدى. جياڭ جيېشى نۇتقىدا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈردى⑪. شۇنىڭ بىلەن 10- ئاينىڭ 17- كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى رەسمىي باشلاندى. تىنچلىق سۆھبىتى ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، 1946- يىلى 6- ئايدا ئاياغلاشتى. دەسلەپتە جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆھبەتكە قاتناشتى، 1946- يىلى 3- ئاينىڭ 28-كۈنى ئۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. 6- ئاينىڭ 6- كۈنى ئىككى تەرەپ تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدى. 6- ئاينىڭ 18- كۈنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى بېكىتىلگەندە، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

1945- يىلى 9- ئايدا جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ، تاكى 1947- يىلى 5- ئايدا شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغۇچە بولغان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىلىپ، سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەت ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ يەنىلا تىنچ ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. شۇڭا، ئەنگلىيە تارىخچىسى لىندا بىنسون خانىم ئۆزىنىڭ «ئىلى ئىنقىلابى» ناملىق ئەسىرىدە: «جاڭ جىجۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىككى يىلدا، شىنجاڭدا بۇرۇنقى 10 يىلدىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىلگىرىلەش بولدى⑫ دەپ يەكۈن چىقارغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدا يول قويىغان دېموكراتىك سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، گومىنداڭ

www.kitaphumar.com

ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىم ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنى كۆپلەپ قاتناشتۇردى، يەرلىكتىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇل خادىملىرى ئەركىن سايلام ئۇسۇلى بىلەن سايلاپ چىقىلدى، يەرلىكتىن ئېلىنىدىغان باج كېمەيتىلىپ، ئىلگىرى ئېلىنغان باجمۇ يەرلىككە قايتۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، خەنزۇ تىلى بىلەن يەرلىك تىل تەڭ قوللىنىلدى. مائارىپتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىدا دەرس ئاڭلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئايرىلىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. غەرب ماتېرىياللىرىدا: «جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.»⑬ دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىككە كۆرسەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. 1947- يىلى 5-ئاينىڭ 21- كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 2830- نومۇرلۇق ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمەت پەرمانىدا: «جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن، لىيۇ مېڭچۇن باشقا مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلدى، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە رەئىسلىككە، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى، بۇرھان نەنجىڭغا بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى.»⑭ دېيىلگەن. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئاخباراتىدا، جاڭ جىجۇڭنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق ئەسكەرتىش بېرىلمەيدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە: «مېنىڭ شىنجاڭغا بېرىشتىكى ۋەزىپەم، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇش ئىدى ، مېنىڭ ئەسلىدە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمەسلىك ئويۇم بار ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇنلا، جياڭ جيېشىغا شاۋ لىزى ئەپەندى بىلەن جياڭ جىڭگو ئەپەندىنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدىم، بىراق تەكلىپىم ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، ئىلى تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىگە قارىغاندا، ئۇلارمۇ مېنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدىكەن، شۇڭا مەن ئامالسىز بۇ قوشۇمچە ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغانىدىم. رەئىسلىك

www.kitaphumar.com

ۋەزىيەتنى قوشۇمچە ئۆتەپ بىر يىلدىن كېيىن، مەن يەنىلا قەتئىي ھالدا بۇ ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىش قارارىغا كەلدىم.»⑮ دەپ يازغان.

جاڭ جىجوڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەرلىكتە سايلام ئارقىلىق يەرلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى سايلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدا گومىنداڭچىلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن كۆرەش بولدى. ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ چىقىشقا ئۇرۇندى، بۇ خىلدىكى كۆرەش تۇرپان، قەشقەر رايونلىرىدا ئەڭ كەسكىن بولدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامزات كۆرسىتىشى بىلەن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا سايلاندى. بۇ، قەشقەردىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە، جاڭ جىجوڭنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن، بۇ ئىش يەسكويغا چۈشىدۇ. جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە يول قويغان ئاساستا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ۋالىيلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوخشاشلا ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ نامزات كۆرسىتىشى بىلەن ئابدۇراخمان تۇرپانغا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەندە، گومىنداڭ تەرەپ يەنە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ھەم جاڭ جىجوڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە يول قويغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۈرۈمچىدە «25- فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، خەلق ئامىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەخمەتجان قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، خوتەننىڭ ۋالىيسى چى دىڭباڭ، يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ قاتارلىقلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ، بۇ ۋەقە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇلار جاڭ جىجوڭنىڭ سىياسىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەتكە ھەددىدىن زىيادە يول قويدى، دەپ ئەيىبلىشىدۇ.

1947- يىل 4- ئايدا جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەچچە خادىمى جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. جاڭ جىجوڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى، ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. جاڭ جىجوڭ خوتەندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، يەنى 5-ئاينىڭ 7- كۈنى كەچتە 5- 6 مىڭ كىشى جاڭ جىجوڭ تۇرۇۋاتقان ۋالىي مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. توپلانغان ئامما توختىماي: «جاڭ جىجوڭنى يوقىتايلى، جاڭ جىجوڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى»⑯، دەپ شوئار توۋلىشىپ، جاڭ جىجوڭنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەتىسى جاڭ جىجوڭ كۆچا بىلەن قاراشەھەرگە قىلىدىغان سەپىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى يالغۇز ئۈرۈمچىگە قايتىپ

www.kitaphumar.com

كېلىدۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى، ئۇنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەندى. ئۇ بۇ ھەقتە: «بۇ قېتىمقى زىيارەت داۋامىدا، ماڭا ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك تەسىر قىلغىنى، مەيلى قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىگە بارايلى، ھەممىلا يەردە تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن كونىلىقنى ساقلاش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆرەشنىڭ بارلىقنى كۆردۈم. سۆھبەت يىغىنلىرىدىكى بەس- مۇنازىرىلەردە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز چېكىگە يەتكەن بولۇپ، مۇنازىرە بەكمۇ كەسكىن ۋە جىددىي ئىدى... بۇ خىل چېكىگە يەتكەن كۆرەش داۋامىدا، مېنىڭ ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىشىم قىيىن ئىدى، مېنىڭ سۆزلىرىم بەزىدە تەرەققىيپەرۋەرنى نارازى قىلسا، بەزىدە يەنە كونىلىقنى ساقلاش تەرەپدارلىرىنى نارازى قىلىپ قويغانىدى.»⑰ دەپ يازغان. شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى سۇڭ شىليەن بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان ئەپەندىمۇ، جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىنىڭ، ئۇنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە بىۋاستە تۈرتكە بولغانلىقى ھەققىدە ئەسلىمە يازغان. بۇرھان ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان.... ئۇ زېرىككەن، ئۆزلىرى نېمە قىلسا قىلسۇن، دەپ قەتئىي چېكىنىپ چىقماقچى بولغان. مۆلچەرىمچە، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش قارارىغا كېلىپ، جياڭ جيېشىغا 5- ئايدا تېلېگراممىا يوللىشىغا، ئۇنىڭ بىر ئاز سانلىق مىللەت ئەربابىنى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەندىن باشقا، بۇ قېتىم قەشقەردە مۇشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.»⑱ دەپ يازغان.

جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن نېمە ئۈچۈن ئىستېپا بەرمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىرىنچىدىن، مەن بىر خەنزۇ. خەنزۇلار ئۆلكە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 5% ىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭلاشقا شىنجاڭغا خەنزۇلاردىن رەئىس بولۇش مۇۋاپىق ئەمەس، بۇ ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ بۇ بىر يىللىق تەجرىبەم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە ، مەن ئىزچىل ھالدا زەربە بېرىش نىشانى بولۇپ قالدىم. بەزىدە تەرەققىيپەرۋەرلەر مېنى كونىلىق تەرەپدارلىرىغا يان باستى دەپ ئەيىبلەشتى، بەزىدە كونىلىق تەرەپدارلىرى تەرەققىيپەرۋەرلەرگە يان باستى دەپ ئەيىبلەشتى. بۇ ئىككى

www.kitaphumar.com

مەزھەپنىڭ تەشەببۇسى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلار ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمىدى. كونىلىق تەرەپدارلىرى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىدۇ، مەركىزى ھۆكۈمەتنى قوللايدۇ، مەن ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپىنى قوللايمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغۇچىلاردۇر، بۇ مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن قارىمۇ ـ قارشىدۇر. تەرەققىيپەرۋەرلەر بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنچىلىق قىلىش تەرىپىنى مەن قوللايمەن، بىراق ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى مۇستەھكەم ئەمەس، بۇ مېنىڭ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىش تەشەببۇسۇم بىلەن چىقىشالمايدۇ... تەرەققىيپەرۋەرلەر كونىلىق تەرەپدارلىرىنى خەنزۇلارنىڭ غالچىسى دەپ تىللايدۇ، كونىلىق تەرەپدارلىرى بولسا قارشى تەرەپنى چەت ئەلنىڭ گۇماشتىسى دەپ تىللايدۇ. مېنىڭ بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرۈش تىرىشچانلىقىم بىكارغا كەتتى، ئۇلارنى كېلىشتۈرۈش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ.... ئۇنىڭدىن كۆرە ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بەرگىنىم تۈزۈك. ئۈچىنچىدىن، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ... مەن ئىزچىل ھالدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىم. مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىمنىڭ شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.... پۈتكۈل مەملىكەتتىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش ھەققەتەن قىيىن، شۇڭلاشقا مەن شىنجاڭدا ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ قالماسلىقىم كېرەك.... ئەگەر مەن رەئىسلىك ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىپ، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت بىرلا ۋەزىپىنى ئۆتىسەم، نەنجىڭ بىلەن غەربىي شىمال ئارىلىقىدا ئەركىن ھالدا بېرىپ كېلەلەيتىم.»⑲ دەپ يازغان.

دېمەك، جاڭ جىجوڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىشى، ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە شىنجاڭدىكى مۇرەككەپ مەزھەپ توقۇنۇشى ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە بولغان. گەرچە جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن داۋاملىق تۈردە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان. مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇرھاننىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا رەئىس بولۇپ تەيىنلىنىشى ۋە سۇڭ شىلىيەننىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار قوماندانلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، تاۋ سىيۆنىڭ

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭ ئورنىغا قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ بىۋاستە كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان بولۇپ، بۇ ئىككى زاتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئىزاھلار:


①② لى شىڭ: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، 2006- يىل ئۈرۈمچىدە نەشرى، 377-، 378، 379-، 380- بەتلەر.

③⑤ David D.Wang: “Under the Soviet Shadow the Yining Incident: Ethnic Conflicts and International Rivalry in Xinjiang 1944 - 1949” , The Chinese University of Hongkong Press,1999.52, 226, 227 page.

⑩⑮⑲ جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسى»، 2- قىسىم، 1985- يىل خەنزۇچە نەشرى، 540، 539-، 419، - 52- بەتلەر.

⑨ خۇاڭ جيەنخۇا: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى، 129، 125-، 127- بەتلەر.

⑦⑭⑲⑯⑰ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3- قىسىم، 1989-يىل ئۈيغۇرچە نەشرى، 893-، 896، 872-، 913، 800- بەتلەر.

⑪ جى داچۇن: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر»، 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى، 202- بەت.

⑫⑬ Linda Benson “The Ili Rebellion ,The Muslem Challenge To Chinese Authority In Xinjiang 1944 -1949 ”, London,1989 Press,118,163 page.

⑱ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 1986- يىل ئۈيغۇرچە نەشرى، 540- بەت.


ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى.شىنجاڭ ئاكادىميە تورى

www.kitaphumar.com

# كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى)

«ئەگەر ماڭا ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇش نېسىپ بولسا، مەن كۇچارنى تاللىغان بولاتتىم.»

-تويىنبى(ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس)

## 1.كۇچار ھەققىدە قىسقىچە بايان

مەن ئۇچۇن كۇچار ئادەتتىكى نام ئەمەس.مەن ھەرقېتىم كۇچارنى ئىنتايىن پەخىرلىك،ئىپتىخارلىق،سۆيۈنۈش ھېسسىياتىم بىلەن تىلغا ئالىمەن. بۇ ئۇلۇغ ئانا زېمىنغا نۇرغۇن تارىخى قىسمەت، ھېكمەت، مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان، دۇنيادا پەقەت بىرلا كومىراجىۋا، سۇجۇپ، ئەھمەد يەسسەۋي ۋە نىساخان ئانا بار، بۇنداق گۆھەر زېمىندىن دۇنيادا پەقەت بىرنىلا تېپىشقا بولىدۇ، شۇڭا دۇنيادا پەقەت بىرلا كۇچار بار.

كۇچار (كۇچان)-ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا دەرياسى ۋە سىمۋولى بولغان تارىم دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان، بۈيۈك يىپەك يولىدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا نامى مەشھۇر بولغان قەدىمقى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر فولكلورمەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن كانى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۆلۈقى .

ئارخىلوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۇچار بىر نەچچەمىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. كۇچار قەدىمي خەنزۇ تىلىدا «كىۋى-تىسىئى»دەپ ئوقۇلىدىغان ئىككى ھەرىپ بىلەن ترانسكىرىپسىيە قىلىنغان. ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا بۇ خەتلەر «گۈيزى» ياكى «چيۈيزى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەريي«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۇچار نامى تىلغا ئېلىنغان. موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ جاينىڭ نامى كۇشىيان (كۈسيان)، كۇتسا(كۇچار) دەپ ئوقۇلىدىغان خەتلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. قەدىمدە بۇ ئەل كۆسەن دەپ ئاتالغان،بۇ كۇشان دېگەن نامدىن كەلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

www.kitaphumar.com

1758-يىلى چىڭ (مانجۇلار)ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى كۇچارنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن رەسمىي ھۆججەتلەردە بۇ شەھەرنىڭ نامى كۇچې دەپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلىشقا باشلاندى. شۇنىڭدىن بېرى كۇچارنىڭ نامى خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا كۇچې دەپ يېزىلماقتا. روسچە ماتېرىياللاردا ئەنە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كۇچار دەپ ئاتىلىدۇ.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3،2- ئەسىرلەردە خەنزۇلارغا مەلۇم بولغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۇچار خېلى كاتتا ۋە كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ ،ئۇنىڭ ئاھالىسى 80-مىڭ ، قوشۇنى 20-مىڭ كىشىدىن تەشكىل تاپقان .دۆلەت مەركىزى كۇچار شەھىرى بولۇپ ،ئۇ ئۇزۇنلىقى 3.5كىلومېتىرغا يېقىن بولغان ھەيۋەت قەلئە تاملىرى بىلەن ئورالغان .جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ،«شەھەر سېپىلىنىڭ گۈزەللىگى چاڭئەن ‹قەدىمىي جۇڭگونىڭ مەركىزى،ھازىرقى شىئەن›شەھىرى سېپىللىرىدىن قېلىشمايدىكەن »(«كۇچار تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار»، ئۈرۈمچى 1996-يىلى نەشرى خەنزۇچە11-بەت).

خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا،كۇچار ۋىلايىتى قەدىمدىن سۇيى مول ، ئىقلىمى ئىللىق –دېھقانچىلىققا ماس جاي بولغان.شۇڭا ئۇنىڭ يەرلىك ئاھالىسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۇزۇن چاچ قويمىغان . ئۇزۇن چاچ قويۇش پەقەتلا خانغا مەنسۇپ بولغان .كۇچاردا باللارنى كىچىكىدىن باشلاپ ياپىلاق باش قىلىپ ئۆستۈرگەن .سەنئەتتە،جۈملىدىن ئويۇن ۋە غەزەلخانلىقتا كۇچارلىقلار تولىمۇ ماھىر بولغان. يېزىقچىلىق ئىشلىرى يەرلىك يېزىقتا ۋە ھىندى يېزىقلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان .كۇچار بۈيۈك يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپ بولغان .

كۇچاردىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ۋە بۇنىڭدىن2500-3000 يىل بۇرۇن يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن توقۇلغان ماتالار ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن گىلەملەر بۇ يەردە توقۇمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخقا ئىگەئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇلاردىن مەلۇمكى بۇنىدىن 2500-3000 يىل مۇقەددەم كۇچار خېلى يۇكسەك مەدەنىيەتكە ۋە ھۈنەرۋەنچىلىككە ئىگە بولغان بۇ كۇچارنىڭ خەلقئارا سودىسىدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئىنتايىن زور بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.مەنبەلەرگە قارىغاندا،كۇچار خانلىقىدا سورتلۇق ئاتلارنى ۋە خەلقئارا سودىدا بازىرى ياخشى بولغان ھەرخىل قۇشلارنى كۆپەيتىش ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى يولغا قويۇلغان . پاختىدىن ماتا ۋە يۇڭدىن گىلەم توقۇش، ھايۋانات تېرىللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلاش، ئاياللار ئۈچۈن زۇرۇر بولغان تۈرلۈك

www.kitaphumar.com

خۇشبۇي ھىدلىق، ئۇپا ۋە ئەگلىكلەرنى ئىشلەپ چىقىرىش ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەم يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن(«كۇچار تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار»، ئۈرۈمچى 1996-يىلى نەشرى خەنزۇچە59-72-بەت). بۈيۈك يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقى ۋە يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقى سەۋەبلىك كۇچار خەلقئارا سودا مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ئەمما مىلادىنىڭ بۇرۇنقى 1000-يىلىدىكى كۇچارنىڭ خەلقئارا سودا ئالاقىلاردا تۇتقان ئورنى داۋاملىق ئېشىپ بارغان ، شۇ سەۋەبلىك ،1،بۇ دەۋىردە بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ قەشقەر-كۇچار-دۈنخۇاڭ-چاڭئەن قىسمى ناھايىتى ئاۋات ۋە قايناق بولغان، 2، مىلادىيەنىڭ 1-ئەسىردىن باشلاپ كۇچار بۇددا دىنىنىڭ يىرىك مەركەزلىرىدىن بىرىگەئايلانغان ئىدى. مىلادىيە 3.4-ئەسىرلەردە كۇچاردا مىڭدىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىللىرى مەۋجۇت بولغان. 3، ئەينى زاماندا كۇچاردا بۇددا دىنىنى ھۆرمەت قىلىدىغان سودىگەرلەرگە كاتتا ئىمتىيازلار بېرىلگەن(سۇ بىخەي «بۈيۈك يىپەك يولى ۋە كۈسەن مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 319.407-بەتلەر).

بۈيۈك يىپەك يولىنى بويلاپ سەپەرگە چىققان ھەر بىر بۇددا دىنى ئېتىقادچىسى ھېسابلانغان سودىگەرلەر كۇچارنى زىيارەت قىلىپ ئۆتۈشنى ئارزو قىلغان .بۇخىل ھالەت بۇ جايدا تاكى ئىسلامدىنى تارقالغىچە داۋام قىلغان .

كۇچار بۇددىزىمنى ئوتتۇر تۈزلەڭلىككە تارقىتىشدا ھەم كاتتا رول ئوينىغان . كۇچارلىقلار ئوتتۇر تۇزلەڭلىككە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى بۇددىسلارغا دەرىس بېرىشگە پائال قاتناشقان. مەسىلەن مىلادىيە399-يىلى ئوتتۇر تۇزلەڭلىكدىكى بۇددا دىنى پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان فاشىيەن بۈيۈك يىپەك يولىنى بويلاپ سەپەرگە ئاتلىنىشدىن ئەۋۋال چاڭئەندىكى كۇچارلىق يىرىك دىن ئەربابى جيۈمولاشى-كومراجىۋا (جۇمالىچ بولۇشى مۇمكىن ،344 -416) يەرلىك بۇددىسلارغا دەرىس بەرگەن . ئاردىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ياۋشۈن 800-نەپەر خەنزۇ راھىب بىلەن سەپەر قىلىپ جيۈمولاشى باشچىلىقىدا بۇددىزىمغا ئائىت ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان ۋە ئىلگىرى قىلىنغان تەرجىملەرنى تۈزەتكەن («غەربىي ئەللەرگە ئائىت تەكشۈرۈشلەر ۋە تەتقىقاتلار»ئۈرۈمچى 1994-يىلى نەشرى خەنزۇچە.297-بەت).

كۇچار بۈيۈك يىپەك يولىدىكى قەدىمى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى كاتتا سىيەسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە ئىدى .شۇ سەۋەبلىك مىلادىيەدىن 1000-يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردە كۇچار كۆپ قېتىم ھەرخىل كۈچلەر ۋە ئەللەر ئارىسىدا تالاش تارتىشدا قالغان .

www.kitaphumar.com

كۇچار ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قۇرماس بۇلۇقى .مىڭ ئۆيلەردىكى رەسىملەر، ھەيكەللەر، كۇچا خەلق مەشرىپى، ناخشىللىرى، ئۇسۇل سەنئىتى بۇ نۇقتىنى تەكرار ئىسپاتلايدۇ. شۇڭداقلا كۇچارنى ئۇيغۇر 12 ـمۇقامنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى ،كۇچارلىق سوجۇپ ـ مۇقام نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىللىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

ئىشچان، ئىجادكار، ئاقكۆڭۈل، تىلى تاتلىق، مەدەنىيەت سۆيەر كۇچار خەلقى نەچچە ئون ئەۋلاد جاپالىق، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىش بەدلىگە ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل يەرلىك دۇردانىلارنى بىزگە ئەبەدى مىراس قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر فولكلور خەزىنىسىنى بېيىتقان ، ئەنە شۇ فولكلور خەزىنىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى-كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدۇر.كۇچارئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيتى ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيتىنىڭ ئالتۇن خەزىنىسى.

2.فولكلور ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

فولكلور-مەلۇم بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجدىمائي پەن تارمىقى بولۇپ، 1846 -يىلى ئەنگىلىيەدە بەرپا بولغان. ئەنگىلىيەلىك ئارخېلوگ تومىس (W.J.Thoms)فولكلور(Folklore)ئاتالغۇسىنى تۇنجى بولۇپ ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ ساخون تىلىدىكى Folk(خەلق)دىگەن مەنىدىكى سۆز بىلەن Lore(بىلىم) دىگەن ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ«ئاۋام بىلىملىرى» دىگەن مەنانى بەرگەن.

دىمەك- فولكلور ئونۋېرسال پەن بولۇپ،شەھەر قىشلاقلاردىكى ئاۋام خەلق ھاياتى ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدىن ئىبارەت. يەنى ئۇ پۈتكۈل خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئۇ ياللغۇز كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن يەنە كىشىلەرنىڭ ماددي تۇرمۇشىنمۇ تەتقىق قىلىدۇ، ياللغۇز مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئارقىدا قالغان مىللەتنىڭ ھەتتا ياۋايى ھالەتتىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ.مانا بۇ فولكلورنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان قاراش. ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرسى تۆۋەندىكى تۆت چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:بىرىنچى ماددي فولكلور-ئىقتىسادى ئادەتلەر.ئىككىنچى ئىجدىمائي ئادەتلەر، ئۈچىنچى ئىتقاد ئەدەتلىرى ، تۆتىنچى كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى.

www.kitaphumar.com

## بىرىنچى، ئىقتىسادىي ئادەتلەر

(1).كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ئادەتلىرى

ئوۋچىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىگىلىك شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىقمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ قىياتاش رەسىملىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.كۇچار ئۇيغۇرلىرى قەدىمدىن تارتىپ يىقىنغىچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تارىم دەريا ساھالىدە ياشايدىغانلار بىلەن تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغانلاردا بۇخىل ئادەت قويۇقراق بولغان.كۇچار خەلقىنىڭ تارىخىنىڭ يالدامىسى بولغان كۇچار خەلق ناخشىللىرىدىن «ئالما پۇرايدۇ سۆيگىنىم »ناملىق ناخشىدا «ھاۋادىكى لاچىننى تورىبلەن تۇتاي دەيمەن »دىگەن مىسراغا قاراپ كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوۋچىلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقۇرلىغىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

(2).چارۋىچىلىق ئادەتلىرى

كوئىبىلۇن، ئالتۇن، چىلەنشەن تېغىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل يايلاقلار بار ئىدى، شۇڭا كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدا چارۋىچىلىق مۇھىم ئورۇننى ئىگەنلەيتتى، ئاساسلىق تۆگە، ئات (سورتلۇق ئاتلار)، كالا، قوتاز، ۋە قوي(قۇيرۇقلۇق قوي) بار ئىدى. ئەتىۋارلىق ئۇچار قاناتلارنى كۆپلەپ كۆپيتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

(3).دېھقانچىلىق ئادەتلىرى

قەدىمكى خەنزۇچە يازمىلارغا قارىغاندا ،كۇچار قەدىمدىن تارتىپ سۇيى ئەلۋەك، ئىقلىمى ئىللىق بولغاچقا دېھقانچىلىققا تولىمۇ ماس كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن يەرلىك ئاھاللەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.كۆپۈنچە بۇغداي، شال، كېۋەز ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلگەن .بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملاشماقتا.

(4).يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەۋقۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزگىچە مول يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئىختىرا قىلغان.كۇچا خەلقى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قاتار داڭدار تائاملارنى ياراتقان. مەسىلەن:بىجاق نېنى، كۇچار لەڭمىنى، كۇچار كاۋىپى(كۇچار

چوڭ زىخلىق كاۋاپ)، كۇچار سۇيۇقئېشى، كۇچار يۇتازىسى، ناۋات بىلەن دەملەنگەن قاراچاي، كۇچار قېتىق قايماقلىرى، كۇچار زىبىپى...

(5).كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى

فولكلور شۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى كۇچار ئاياللىرى چاچ پاسونلىرىنى ھەر خىل قىلىپ،بېشىغا ئالتۇن جىرغا، گۈل قاداق، گۆللۈك تاج قادىغان. قوللىرىغا ئۈزۈك، بىلەزۈك سالغان، بېلىگە نەقىشلىك كەمەر ياكى پوتا باغلىغان. پۇتىغا قىزىل، قارا ئۆتۈك كىيگەن. ئۈستىگە تور يوپۇق ئارتقان، ئەرلىرى گۈللۈك ئەرەنچە كۆڭلەك، دوپپا، گۈل پۇچقاقلىق تامبال، ئۆتۈك كىيگەن. بۇ قەدىمكى كۇچار سەنئەتكارلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى، قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆيدىكى سۈرەتلەرمۇ بىزگە قەدىمكى كۇچارلىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەرلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. تۆرلۈك يازما يادىكارلىقلاردا ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان كۇچار خەلق ناخشىلىرىدا كۇچار خەلقىنىڭ ھەر كېيىم-كېچەكلىرى زىبۇ-زىننەتلىرى ۋە گۈزەللىك ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغان.

(6).ھويلا-ئاران مەدەنىيىتىگە ئائىت ئادەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران مەدەنىيتى-ھويلا، ئۆي، باغدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. كۇچار ئۇيغۇرلىرى قەدىمدىن بېرى ھويلا-ئارانغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تىپىك ھويلا-ئاران مەدەنىيىتىنى ياراتقان خەلق دېيىشكە بولىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، كۇچار توغرىسىدا «شەھەر، تاملىرىنىڭ گۈزەللىكى چاڭئەن شەھرىنىڭ تاملىرىدىن قېلىشمايتتى»دېگەن مەلۇماتلار خاتىرلەنگەن.

كۇچار ئۇيغۇرلىرى باشقى جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ئايۋان، ساراي، پېشايۋانلىق ئۆيلەرنى سېلىپ ئۇنى زىلچى گىلەملەربىلەن بېزەپ ئەتراپىغا باغ بىنا قىلىپ ، ھەرخىل گۈللەرنى تېرىپ گۈزەل مۇھىت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن .بۇ خىل ئادەتنىڭ ئىزنالىرىنى ھېلىمۇھەم كۇچارنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىشقا بولىدۇ.

(7).باغۋەنچىلىك ئادەتلىرى

كۇچار ئۇيغۇرلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. كۇچاردا باغسىز ئۆينى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.كۇچار مېۋىلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلىلا داڭقىسى بار، مەسىلەن، كۇچار ئۈرۈكى (ئاق كىشمىش ، قۇممەت ئۈرۈك،سېرىق كىشمىش، قىزىل قاچا، ياغلىق ئۈرۈك) شاپتۇل (يەرلىك شاپتۇل، يارما شاپتۇل، ئەش شاپتۇل) ئۈزۈم، ئۆرۈمە، ئەنجۈر، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار.

www.kitaphumar.com

كۇچار ئۇيغۇرلىرى گۈل خۇمار خەلق مىلك ئۆيلەرنىڭ نەقىشلىرىدە بۇ خىل ھالەتلەرنىڭ ئىزنالىرى بار.كۇچار خەلق ناخشىللىرىدا قىزىل گۈل، رەيھان گۈل، ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى، ئانارگۈل،سېرىق سەبدە، سەبدە گۈل، چوغلۇق، ھەشقى پېچەك قاتارلىق توققۇز خىل گۈل نامى تىلغا ئېلىنغان.

(8).قاتناش-ترانسپورت مەدەنىيىتى.

بۆيۈك يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقى ۋە يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقى سەۋەبلىك كۇچار خەلقئارا سودا مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000-يىللىدىكى كۇچارنىڭ خەلقئارا سودا ئالاقىلاردا تۇتقان ئورنى داۋاملىق ئېشىپ بارغان. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كۇچارنىڭ كارۋانچىلىقى، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى گۈللەپ ياشناش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان، ھەرخىل ھارۋىلار، جابدۇقلار ياسالغان.

(9).قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-سېتىق ئادەتلىرى.

كۈسەن ئۇيغۇرلىرى ياشىغان كوئېنلۇن، ئالتۇن ۋە چىلەنشەن تاغلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قاشتېشى چىقاتتى، شۇڭا كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقۇرى بولۇپ، ئۇلار ياسىغان ئالتۇن، قاشتېشى بۇيۇملىرى، پولات ساۋۇت، تېرە بىلەن يۇڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە سەگەز رەختلىرى بەكلا داڭلىق ئىدى.

كۈسەن ئۇيغۇرلىرى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋار سودىسى جەھەتتە ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شۇڭا كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودىسى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقانىدى.كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودىگەرلىرى غەربنىڭ ئۈنچە-مەرۋايىت، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق قۇشلىرىنى ئىچكىر جايلارغا ئېلىپ بارغان، ئىچى جايلاردىن يىپەك ۋە چايلارنى ئېلىپ غەربىگە يۆتكىگەن، ئۆز جايىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان پولات ساۋۇت،سەگەز،قاشتېشى جابدۇقلىرى، تېرە ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن ماللارنى شەرقتە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا، تۈبۈت ۋە سۇڭ سۇلالىسىغا ئاپىرىپ ساتقان، غەربتە ئەرەبىستان ۋە شەرقىي رىمغا ئاپىرىپ ساتقان.كۇچار ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئېسىل بۇيۇملارنى ياساپ قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. مەسىلەن، كۇچار دوپپىسى،كاركول قولاقچىسى، كۇچار سوپۇنى، كۇچار پىچىقى، كۇچار قەلەمتۇرچى، كۇچار كەتمىنى قاتارلىقلار كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىدىندۇر.

www.kitaphumar.com

بۈگۈنكى كۈچار يەنىلا چوڭ سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ شايار،توقسۇ،باي ناھىيىلىرىنى ۋە باشقى جايدىن كەلگەنلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرماقتا.

## 2. كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى

قەدىمقي خەنزۇ يىزىقىدىكى يازمىلارغا قارىغاندا «كۈچار قەدىمدىن سەنئەتتە، جۇملىدىن ئۇيۇن ۋە غەزەلخانلىقتا تولىمۇ ماھىر بولغان» لىقى مەلۇم.كۈچارنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۆشۈگى دېيىشكە بولىدۇ.

(1).كۇسەندە بۇددىزىم دەۋرىدىلا ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى، ھەيكەل تىراشلىق سەنئىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

(2).كۇسەننى ئۇيغۇر 12-مۇقام سەنئىتىنىڭ بۆشۈگى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: قەدىمقي ئۇيغۇر نەغمىلىرى-ئۇيغۇر 12-مۇقامنىڭ ئەڭ تۈپكى مەنبەسى. كۈچار مۇزىكىسى6-ئەسىردىن باشلاپ ئوردا-سارايلاردا دىققەتكە سازاۋەر بولغان.6-ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. «ئەن» (ناخشا)، «كۈي» (مۇزىكا)، «ئۆلەن» (ئۇسسۇل)دىن تەشكىل تاپقان. يۇرۇشلەشكەن رەسمىي ئۇسسۇللۇق نەغمىلەرگە ئايلانغانىدى.

كۈچار چوڭ نەغمىلىرى ئۆزىگە خاس يەرلىك تۈس ئالغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇقام تۈسىنى ئالغان. مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئون ئىككى مۇقام ئىچىدىكى مۇقاملارنىڭ بىرىنچى قىسمى دەپ ئاتالغان «چوڭ نەغمە» شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، لېكىن نەغمىلىرى ۋە ئۇنىڭ «داستان»، «مەشرەپ» قىسمىلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بۇنداق نەغمىلەر نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كاشغەر، ياركەند خەلق ئارىسىدا مۇقام دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ كەلگەنىكەن. دېمەك، كۈچار نەغمىسى ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مۇزىكا مەدەنىيىتى كېيىنكى ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا سىستېمىسىنىڭ گەۋدىلىك مەنبەسىدۇر.

ئىككىنچى.سۇجۇپ-مىلادىيە 6 -ئەسىردە كۇسەن ئېلىدە ياشىغان مۇزىكانت بولۇپ، مۇزىكانتلار جەمەتىدە تۇغۇلغان.«سۈينامە،مۇزىكا تەزكىرىسى»دىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى كۇسەن مۇزىكىسىدا يەتتە ئاۋازلىق كۈي شەكلى بولۇپ، بۇ يەتتە ئاۋاز

www.kitaphumar.com

بەش يېـرىـم ئـاۋاز(بەش تـارانە) بـىلەن بىرلىشـىپ 12 كەسـمىلىك كـۆي قـانۇنى (12تېمپېرتاتسىيە قانۇن)نى ھاسىل قىلغان.شۇنداقلا سۇجۇپنىڭ دادىسىدىن قالغان يەتتە پـارچە كـۆي-نەغـمە بولغـان. تەتقىقاتچىلارنىـڭ تەتقىقاتىـدا قارىغانـدا،فارابىنىڭ مۇزىكـا توغرىسـىدىكى نەزەرىـيە سىستېمىسـى سـۇجۇپنىڭ «بەش تـارانە»،«يەتـتە ئاھـاڭ» سىستېمىسـىغا ئوخشـايدىكەن. يەنە بىـر قىسـىم تەتقىقـاتچىلار ئۇيغـۇر مۇقاملىرىنىـڭ 12 بولـۇش قائىدىسـى ئەنە شـۇ كۇچـارلىق سـۇجۇپنىڭ يەتـتە ئـاۋاز، 12 باسـقۇچلۇق كـۆي قانۇنـىدىن قالغـان مۇزىكـا سىستېمىسـى بولـۇپ، بـۇ سىسـتېمىنىڭ ئەبـۇ نەسـىر فـارابى (870~950) سىستېمىسى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىشى شەرق 12 مۇقاملىرىنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى بولغـان. فارابىنىـڭ مۇزىكـا بىلىملىـرى ئەسـلىدە ئوتتـۇرا ئاسـيا،تۈركىي-ئۇيغـۇر مۇزىكا بايلىقى ئىگىلىكىدە شەك يوق،دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئـۈچىنچى . يۇقىرىـدا «ئۇيغـۇر ئـون ئىككى مۇقامى» نـىڭ بىردىنبىـر مەنبەسـىنىڭ خەلقنىڭ نەغمە-كۈيلىرى ئىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتتۇق. ئەنە شۇ نەغمە-كۈيلەر تۈرلۈك تارىلىق ۋە باشقا خىلـدىكى چالغـۇ ئەسـۋابلار بـىلەن ئورۇنلىنـىدۇ.چـالغۇ ئەسـۋابلار بولمىسـا نەغـمە-كـۈيلەر، مۇقـاملار شـەكىللىنەلمەيدۇ. شـۇڭا، تـارىلىق مىللىـي چـالغۇ ئەسـۋابلارنىڭ بولۇشـىمۇ «ئۇيغـۇر ئـون ئىككى مۇقامى» نـىڭ شەكىللىنىشـىدىكى مـۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭـئۆيى، سـىم-سـىم مىڭـئۆيى ۋە قىزىـل قاغا مىڭئۆيلىرىـدە چالغۇ-ئەسۋابلار كۆرۈنۈشى سـىزىلغان رەسـىملەر بىرقەدەر كـۆپ بولـۇپ، ئۇنىڭـدا 27خىـل چالغۇ ئەسۋابنىڭ سۈرىتىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋەسـىرتىغا مەشـھۇر بولغـان غەربىـي يـۇرت بـۇددا سـەنئىتىنىڭ«گـۈل تاجىسـى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقـان قىزىـل مىڭـئۆيى رەسـىملىرىدە كۆسـەن مۇزىكىسـىنى ئورۇنـداۋاتقان ئىپتىـدائىي چـالغۇلار بىـر قەدەر كـۆپ، تۈرىمۇ ھەر خىـل، كۆسـەن تـام سۈرەتلىرىدىكى چالغۇلار تارىلىق چالغۇ،پۈۋلىمە چالغۇ ۋە سوقمىلىق چالغۇ دەپ ئـۈچ تـۈرگە ئايرىلىدۇ.

(3).كۇچارنىڭ خەلق ناخشىلىرى، كۇچار خەلـق سـەنىمى، كۇچـار خەلـق مەشـرىپى، كۇچارنىڭ ئۆزگىچە سـەنئەت گـۆھەرلىرى بولـۇپ ھېسابلىنىدۇ، كۇچـار خەلـق سـەنئىتىنى كۇچـار خەلقىنىـڭ مەنـىۋىي دۇنياسـىنىڭ جاھاننامەسـى، بـاي، رەڭگـارەڭ فولكلـور مەدەنىيىتىنىڭ ئـالتۇن قەسرى. ئۇنىڭـدا كۇچار خەلقىنىـڭ تۇرمۇشـى ھايـاتى ، گۈزەللىـك قاراشلىرى، تارىخى، ئارزۇ-ئارمانلىرى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

www.kitaphumar.com

(4).كۇچاردا قەدىمدە بۇد سەيلىسى بولغانلىقى مەلۇم ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرخىل باغ سەيلىللىرى ،كارىز سەيلىسى،نەۋرۇز بايرىمى،روزاھېيت ۋە قۇربان ھېيتلار داغدۇغلۇق ئۆتكۈزلۈپ كەلگەن،بۇ خىل سەيلە بايراملارغا كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيتى ئەك تۈيۈنغان، مۇجەسسەملەنگەن دېيشكە بولىدۇ،شۇنداقلا بۇ خىل سەيلە بايراملار كۇچار فولكلور مەدەنىيتىنى ساقلايدىغان، تارقىتىدىغان، كۇچار خەلقىنى تەربىيەلەيدىغان، ئىستىتىك زوق ئاتا قىلىدىغان مەكتەپ شەكلىنىمۇ ئالغان دېيشكە بولىدۇ.

(5).كۇچاردا مەدداخلىق-غەزەلخانلىق سەنئىتى، پىرە ئويىنىتىش ئادەتلىرى خېلى گەۋدىلىك بولغان، بۇ خىل ئادەتلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان خەلق داستانلىرى، قىسسەلەر، چۆچەكلەر، قوشاق ۋە ناخشىلار زامانىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇخىل ئادەت كۇچاردا 80-يىللارنىڭ ئاخىرغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان.

(6).كۇچارئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرى-تولىمۇ ئۆزگىچە،كۇچار ئۇيغۇرلىرى مەركىزى دىيالىكتىنىڭ تارىم شىۋىسىدا سۆزلىشىدۇ.كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن سىلىق ، تاتلىق، ئىنتو ناتسىيەسى ئۆزگىچە، يېقىملىق بولۇپ كىشىگە ئۆزگىچە تەسىر بېرىدۇ. سۆزلەردىكى «ۋ» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا «گ»نى، (گايىت، مۇگە، ھاگا، جۇگا...). «ر» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا «ز»نى (سەيناغا كىزمەملا؟) تەلەپپۇز قىلىدۇ.

(7).كۇچار دېھقانلار رەسىماچىلىقىمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ رايون ئىچى ۋە سىرتىدا خېلىلا داڭقىسى بار.

### تۆگەللىمە كەلىملەر:

كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر تارىخ جاھاننامىسى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر مەدەنىيەت قامۇسى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر سەنئەت بۆشۈگى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر فولكلور قەسرى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر ئۇستى ئۇچۇق مۇزېيى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر تىل قايمىقى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر ئىپتىخارى،پەخرى دېمەك.
كۇچار دېمەك-ئۇيغۇر سۆيگۈسى دېمەك.
كۇچار دېمەك-دۇنيادا پەقەت بىرلا دېمەك.

www.kitaphumar.com

گۈللە كۇچار! زەپەرقۇچ كۇچار! داستان بول كۇچار! ئامان بول كۇچار!

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابلەت خوجايېۋ «بۈيۈك يىپەك يولى: مۇناسىۋەتلەر ۋە تەقدىرلەر»، تاشكەنت، 2007-يىلى نەشرى.
2. ئابدۇكېرەم راخمان «ئۇيغۇر فولكلور ھەققىدە بايان»،شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشتىياتى، 1985-يىلى نەشرى.
3. ئا.راخمان.ر.ھەمدۇللا، ش.خۇشتار«ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى». شىنخاڭ ياشلار ئۆسمۈلەر نەشرياتى.1996-يىلى نەشرى.
4. تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش«ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى».شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرياتى، 2011-يىلى نەشرى.
5. تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش«كۇچار خەلق ناخشىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئۇدۇمى ئادەتلىرىمىز» شىنجاڭ سەنئىتى،2010-يىلى 6-سان.
6. چيەن بوچۈەن«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى».شىنجاڭ خەلق نەشرياتى. 1999-يىلى10-ئاي نەشرى.

ئەسكەرتىش : مەزكۇر ماقالە كۇسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 4-سانىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، تۇرسۇن ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بۇ قېتىم ماقالىنىڭ تولۇق نۇسخىسى يوللاندى...ۋاقىپ بولغايسىلەر !

www.kitaphumar.com

# ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجراچانلىق ماھارىتى

دىلخۇمار سادىق

## مۇقەددىمە

چاقچاق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشنى ئاساس قىلغان گەپ-سۆز بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، چاقچاق ـــ قىلىپقا، قانۇنىيەتكە چۈشمەيدىغان تىل سەنئىتى. ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، كۆپ قىرلىق، ھازىرجاۋابلىق، مەنتىقىلىق، دەلمۇدەللىك، قاراتمىلىق، ھەجۋىيلىك، يوشۇرۇنلۇق، مەنىدارلىق، ئوبيېكتىپلىق قاتارلىقلار غامەركەزلىشىدۇ. ھەققى چاقچاق ئىلمى بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ئەدەب- ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. چاقچاقلار ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى نامايەن قىلغان بولۇپ، يۇقىرىقى چاقچاقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىلى رايونىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگە خاس مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان بولۇپ، شۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى چاقچاق مەدەنىيىتىدۇر. ئىلى چاقچاقلىرى ـــ ئىلى خەلقىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى، ياشاش ئۇسۇلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بەدىئىي دىتىگە ئوخشاش تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىل سەنئىتى. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىغا خەلقىنىڭ خۇشاللىقى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتى، كىنايە، مەسخىرىلىرى، سىڭىپ كەتكەن. خەلق چاقچاقلىرىنى ئۆتمۈشىمىز ۋە بۈگۈنىمىزنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى توغرۇلۇق رەيھانئاي مامۇتنىڭ «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، ئابدۇرسۇل سېيىتنىڭ «چاقچاقچىلار چايخانىسى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشىردىن چاققان بولۇپ، مەنمۇ بۇ ماقالەم ئارقىلىق چاقچاقچى، چاقچاقنىڭ ئورۇندۇلىنىش ئالاھىدىلىكى توغرۇسىدا پىكىر يۈرگۈزمەكچى.

www.kitaphumar.com

## بىرىنچى خەلق چاقچاقچىلىرى ھەققىدە:

خەلق چاقچاقچىلىرى چاقچاق سەنئىتىنىڭ يۈكسەلدۈرگۈچىلىرى، خەلق كۆلكىسى ئۈچۈن ئۆنسىز كۈرەش قىلغۇچىلار، ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى توي-تۆكۈن سورۇنلاردا باشقىلارنى كۈلدۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن كۈلىدىغان ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر[

-ئاندۇرسۇل سىيىت: «چاقچاقچىلار چايخانىسى2» شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى ]، ھەر ساھە ھەركەسپتىكى، مەيلى ئوقۇتقۇچى مەيلى دوختۇر بولسۇن، ئۆز ئەجرىگە لايىق ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بىراق، خەلق چاقچاقچىلىرى دەپ ئاتالغان بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا خەلقنىڭ ئاتىغىنىنى ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالىدىغىنى گاھىدا ئازغىنا پۇل بولسا گاھىدا دۇئا بولىدۇ.

ئۇلارنىڭمۇ كۈلكىسى، يىغىسى بولىدۇ، ئۇلارمۇ يىغلايدۇ، لېكىن يىغىسىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۈنسىز يىغلايدۇ، گاھىدا ئائىلىدىكى ئۇرۇش جېدەللەر، بالىلىرىنىڭ غېمى، تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى تۈپەيلى گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئالدىغا كېلىپ كۈلكە تەمە قىلىپ سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن كىشىنى قايتۇرماي قاتنىشىپ، يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك سورۇنى جانلاندۇرىدۇ، ئاياغلاشقاندا يەنىلا شۇ ئائىلىنىڭ، بالىلىرىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ...

مانا بۇ خەلق چاقچاقچىلىرى، ئۇلار كۆڭۈلدىكى كىرلانى تازىلىيالايدۇ، يۈرەكتىكى قاداقلارنى ساقايتالايدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن گەرچە ئۇچۇر ئىنقىلابى، ئېلېكترون دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار كەلمىسىمۇ، كىر تازلاپ ساۋاپ تاپىدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. ماگىنىت دولقۇنلىرى ئىچىدە دېمى كېسىلىپ، كۈندىن-كۈنگە رىتىمىنىڭ تىنىمسىز تېزلىشىشى بىلەن زامانىمىز كىشىلىرىگە ھاياتنىڭ مەنىسىنى، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقى گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ.مانا بۇ ئۇلاردىكى «كىر تازىلاش» خاسىيىتىدۇر [-ئەسئەت ئابدىرشىت: «چاقچاقچىلارنىڭ دەردى يوقمۇ»،«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008-يىللىق 6-سان ].شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق چاقچاقچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ھەرقانداق سورۇنىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوللاپ، خەلق چاقچاقلىرىنى بېيىتىمىز، ئېلى چاقچاقلىرىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇمىز دەيدىكەنمىز، تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئويلىشىپ باقسىكەن دەيمەن.

(1)خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئەركىن جانلىق كەيپىيات بىلەن خەلقنى كۈلدۈرۈشىگە مەدەت بېرىشىمىز كېرەك. خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ قوشۇننى زورايتىپ، مۇقىم ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە قىلساق. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، مەنىۋىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم رولى بار.

(2)خەلق چاقچاقچىلىرىنى كۆپرەك تونۇشتۇرۇپ، ھەرقايسى ناھىيە-شەھەرلەردىكى چاقچاقچىلارنى ئۆز-ئارا ئۇچراشتۇرۇپ، تونۇشۇش، مۇسابىقىلىشىش شەكىللىرى بىلەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، يېڭى يېتىشىپ چىقىۋاتقان چاقچاقچىلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كىرەك.

(3)تېلېۋىزور پىروگراممىلىرىدىن مەخسۇس چاقچاق سەھىپىلىرىنى ئاجرىتىپ، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ يارقىن چاقچاقلارنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشىمىز، چاقچاقچىلارنىڭ ئۆزىنى نامايەن قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

(4)چاقچاقچىلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى چاقچاقچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ خەلق كۆلكىسىنى يەنىمۇ بېيىتىشىغا، چاقچاقچىلارنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

(5)ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، چاقچاقچىلارنى ھۆرمەتلەپ، چاقچاقنى چۈشىنىپ، ئىبرەت ئېلىشىمىز، مىللىي پىسخىكمىزدىكى ناچار ئادەت، ناچار خائىشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. يەنى چاقچاقنى كۆتۈرەلمەي مۇش ئاتىدىغان چاقچاقچىلارنى يارىلاندۇرىدىغان، ئۇلارغا زەربە بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

## ئىككىنچى چاقچاقنىڭ تۈرلىرى

خەلق چاقچاقلىرى ئادەتتە ھەرخىل توي-تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان، بىر-بىرىگە پاس بېرىپ ئورۇندىلىدىغان چاقچاقلار ۋە ئادەتتىكى سورۇن ۋە پائالىيەتلەردە مەلۇن بىر چاقچاقچى تەرىپىدىن ئورۇندىلىنىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان چاقچاقلار دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئاساسىي چاقچاقنىڭ تۈرلىرى:

www.kitaphumar.com

(1) هۇجۇم قىلىش شەكلىنى ئاساس قىلغان چاقچاق شەكلى—چاقچاق سورۇنىدىكى مەلۇم چاقچاقچى شۇ سورۇننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم كىشى ئۈستىگە چاقچاق ئوبېكتىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، ياكى بىرنەچچە كىشى تەڭلا چاقچاق قىلىدۇ، مەسىلەن: مەلۇم بىر سورۇندا روزا تۇتمايدىغان بارات ئىسىملىك، دائىم ئۆيدە تۇرمايدىغان تۇرغانجان ئىسىملىك كىشى بىر ئولتۇرۇپ قاپتىكەن مۇنداق چاقچاق بولۇنۇپتۇ:« موشۇ قاينوقلۇقلار ئاجايىپكەن بىر كۈنمۇ روزا تۇتمايدىغانلارغا«بارات»، ئۆيدەتۇرماي لاغايلاپ يۈرىدىغانلارغا«تۇرغانجان» كۆزى كۆرمەيدىغانلاغا«روشەن» دەپ ئىسىم قويىدىكەن.»دىسە، تۇرغانجان دىگەن كىشى قويۇپ «شۇ چىرايى مايمۇندەك ئادەملەرگە «يۈسۈپ» دەپ ئىسىم قويىدىكەن» دەپ كۈلگەن ئىكەن.سورۇندىن كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ چاقچاق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ،ھوجۇم قىلىپ چاقچاق قىلىش شەكلى داۋاملىشىدۇ.

(2) لەقىمىنى ئاتاپ چاقچاق قىلىش شەكلى— بۇ خىل چاقچاق شەكلىدە چاقچاقچىلار بىر-بىرىنىڭ لەقىمىنى چاقچاقنىڭ ئوبېيكتى قىلىدۇ. مەسىلەن غۇلجىدا پەرھات باجىي، لەتى ئېشەك، تەيگو، ياقۇپ مەينەت ...قاتارلىق چاقچاقچىلىرىمىزھەرخىل سورۇنلاردا ئۆزلىرىگە خاسلاشتۇرۇپ قويۇلغان ھەرخىل لەقەملەر بىلەن ئاتىلىپ، سورونلاردا شۇ لەقەملەر بىلەن چاقچاق تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ، مەسىلەن:بىر باغدىكى بىر ئولتۇرۇشتا « پەرھات(باجى):

-بۇ سورۇنغا كىچىك باللارنى چاقىرمىغان ،نىمە بار دەيمە ئۇلارغا، تۇداخۇن(پاكار)

–ۋۇي-ۋۇي باجىلانىڭ بۇرنىغا چىقىپ ئوينايدىغانغىمۇ كىچىك باللار كىرەكتە.»

(3) قوشاق (شېئىر) توقۇپ چاقچاق قىلىش شەكلى — چاقچاقچى سورۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر نەچچە كىشىگەئاتاپ چاقچاقلىق شېئىر توقۇپ ئوقۇيدۇ، مەسىلەن ھازىر ئەلگە تونۇلۇۋاتقان شېئىرى چاقچاقچى تۇغلۇق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقتا

(4) ماقال ـ تەمسىللىك چاقچاق شەكلى — مەسىلەن بىر كىشىنىڭ لەقىمى«تۆگ» بولۇپ، ئۇ بىر ئولتۇرۇشتا قوپال، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويسا، بۇنى بايقىغان چاقچاقچى <تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق> دىگەن ماقالدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چاقچاق باشلايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ماقال ـ تەمسىل پەيدا بولۇش جەھەتتىن قاراتمىلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن چاقچاقلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن، خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. •

www.kitaphumar.com

(5) ئوخشىتىش شەكلىدىكى چاقچاقلار ــــ چاقچاقچىنىڭ ئوخشىتىش شەكلىدە ئوبيېكت قىلىنغان شەخسنىڭ غەلىتە كۆرۈنۈش ۋە غەيرىي ھالەتلىرىنى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرگە-ھايۋانات، ئۇچار قانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرۈش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چاقچاقنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

(6) چاچما چاقچاق شەكلى ــــ بۇ خىل چاقچاقتا چاقچاقچى مەلۇم سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەركىن چاقچاق قىلىدۇ. بۇنىڭدا سورۇندىكى ھەربىر ئادەم چاقچاقنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. بۇ خىل چاقچاق چاقچاقچىدىن ھازىر جاۋابلىقنى، سورۇندىكى ھەر بىر ئىشقا تېز ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(7) بەسلىشىش خاراكتېرلىك چاقچاق شەكلى ــــ بۇخىل چاقچاقتا، خەلق ئىچىدە نامى بار ئىككى چاقچاقچى سورۇندا بىر- بىرى بىلەن كەسكىن تۇتۇشىدۇ، بۇ خىل چاقچاقنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، بىر تەرەپ يېڭىلمىگۈچە يەنە بىر تەرەپ توختىمايدۇ. بۇ خىل چاقچاقتا قايسى تەرەپ چاقچاقنى تېز كەلتۈرەلمەي دۇدۇقلاپ قالسا، ياكى گەپ تاپالماي تۇرۇپ قالسا يېڭىلگەن ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قىلىنىۋاتقان چاقچاق تېمىسىغا مۇناسىۋەتسىز گەپنى قىلىپ سالسا ياكى ئەدەپسىز گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىپ قالسىمۇ يېڭىلگەن ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن ھېيى بىلەن ياقۇپ ئىككىسى دائىم تۇتۇشۇپ چاقچاق قىلىشىپ پۈتۈن سورۇننى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ.

( 8) تەرجىمە چاقچاق شەكلى ــــ بۇ يېقى بارلىققا كەلگەن چاقچاق شەكلى بولۇپ، ئىككى چاقچاقچىنىڭ بىرى چەتئەللىكنىڭ رولىنى ئېلىپ مەلۇم بىر چەتئەل تىلىغا ئوخشىتىپ سورۇندىكىلەرگە خالىغانچە بىر نىمىلەرنى دەيدۇ، يەنە بىرى تەرجىماننىڭ رولىنى ئېلىپ، ناھايىتى كۈلكىلىك <تەرجىمە >ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل چاقچاقتا چەتئەللىكنىڭ رولىنى ئالغۇچى ئۆزى دوراۋاتقان چەتئەل تىلىنى ئەينەن دوراش ئارقىلىق كۈلكە قوزغىسا، تەرجىماننىڭ رولىنى ئالغۇچى كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن ناھايىتى قىزىقارلىق تەرجىمە قىلىپ، سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بۇنىڭ ئادەتتىكى قىزىقچىلىقتا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى،<تەرجىماننىڭ تەرجىمىسى> نەق مەيدان ۋە سورۇندا بارلىققا كەلتۈرگەن چاقچاق بولىدۇ[ـ رەيھانئاي ماموت: «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە ھەسلەپكى مۇلاھىزە » 19-بەت، مىراس ژۇرنىلى 2012-2-سان. ]. زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چاقچاقنىڭ يەنە تۈر ۋە شەكىللىرى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

بىز بۇ ماقالىمىزدا ھەرخىل ئۇلتۇرۇش، مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى چاقچاقنىڭ قاندىاق ئورۇندىغانلىقى ،چاقچاق سورۇندىكى تەرتىپلەر ھاققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

www.kitaphumar.com

## ئۈچۈنچى سورۇنلاردىكى چاقچاقنىڭ ئىجراچانلىقى

(1)سورۇن چاقچىقىنىڭ باشلىنىشى:

ئادەتتە ئىلى رايونىدىكى چاقچاق سورۇنلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ، چاقچاقمۇ سورۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئورۇندىلىدۇ. مەسىلەن ھەرخىل چاقچاقچىلارنى يىغىپ مەخسۇس چاقچاق ئېيتىشىش سورۇنلىرى بولىدۇ، بۇنداق سورۇنلاردا ئادەتتە ئىلىدىكى ھەرقايسى داڭلىق چاقچاقچىلار يىغىلىدىغان بولۇپ، سورۇننىڭ يىگىت بېشى سورۇن سۆزىنى قىلىپ داڭلىق چاقچاقچىمىز ھېسام قۇربان ئاكا(مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن)نىڭ چاقچىقى بىلەن چاقچاق باشلىنىدۇ، سورۇندىكى چاقچاق ئاۋال سورۇندىكى باشقا بىرنەچچە چاقچاقچىنىڭ چاقچىقى بىلەن باشلىۋېلىنىپ، ئاندىن سورۇن كەيپىياتىغا قاراپ بىر -بىرىگە پاس بېرىپ، بىر ئىككى چاقچاقچى ئۆز ئارا بىر-بىرىنى چاقچاق ئوبيېكتى قىلىپ چاقچاقنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ. ياكى سورۇندىكى بىرەرسىنىڭ ئولتۇرۇش ھالىتى، كىيگەن كىيىمى، قىلغان گېپىنى تۇتۇۋېلىپ چاقچاق قىلىپ تېخىمۇ ئەۋجىگە ئېلىپ چىقىدۇ،سورۇن ئارلىقىدا دۇتتار-تەمبۇرلەرگە تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلار ياڭراپ سورۇننىڭ ھالىتىنى تەڭشەيدۇ، سورۇن ئارلىقىدىكى «خەپشۇك» دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇشلار سورۇننىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا ئالاھىدە رول ئوينىدۇ.

ھەرخىل مەرىكە ئولتۇرۇشلىرىنىڭ، توي -تۆكۈنلەرنىڭ سورۇنلىرىمۇ تولىمۇ قىزىپ كېتىدىغان بولۇپ ئاۋال سورۇن تەشكىللىگۈچى ئىككى ئېغىز سۆز قىلىدۇ، ئاندىن سازچىلار سازلىرىنى تەڭشەپ، ناخشىچىلار جۆر بولۇپ، ناخشا باشلىنىدۇ، بىر ئىككى ناخشا كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئېيتىلىپ سورۇن ئەۋجىگە چىقىدۇ، ئاندىن سورۇنغا قاتناشقان چاقچاقچىلار ئىچىدىن بىرەر چاقچاقچى بىر ئىككى چاقچاق باشلايدۇ، ئورنىغا چۈشكەن چاقچاقتىن باشقا چاقچاقچىلارمۇ پاس بېرىشىپ رەسمى چاقچاق قىزىپ كېتىدۇ. بىرەر چاقچاقچى شۇ سورۇندىكى يەنە بىر چاقچاقچىغا چاقچاق قىلىپ ئىككى چاقچاقچى ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىدۇ، قايسى تەرەپ گەپتە يېڭىلىپ قىلىپ سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرەلمىسە چاقچاقتا يېڭىلگەن بولىدۇ. يەنە بىرەر ئىككى ناخشا ئورۇندىلىپ بىر-بىرىنىڭ لەقەملىرى ئىشارەت قىلىنىدىغان قىزىقارلىق شەكىللىرى باشلىنىدۇ، بەزىدە تېخى پۈتۈن سورۇندىكى بارلىق كىشى چاقچاق ئوبيېكتى قىلىنىپ، ھۆتۈلۈپ قويۇلغان بىر

www.kitaphumar.com

«ئۆھۆ»لەرمۇ كىشىلەردە كۈلكە قوزغايدۇ[ــ رەيھانئاي مامۇت: «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە ھەسلەپكى مۇلاھىزە » 20-بەت، مىراس ژۇرنىلى 2012-2-سان. ]. چاقچاقچىلار چاقچاقلىرىنى ئېيتىشىپ سورۇن تازا ئەۋجىگە كۆتىرىلىۋاتقاندا ئۆي ئىگىسى يەنى ساھىپخان باشچىلىقىدا ئۆرۈم ئۆرىلىپ سورۇننى تېخىمۇ قىزغىنلىققا ئىلىپ چىقىدۇ.

(2)- سورۇنلاردىكى چاقچاقچىلارغا بېرىلىدىغان ئۆرۈم ھەققىدە:

چاقچاق سورۇنلىرىغا قاتنىشىدىغان سازچى، ناخشىچى، چاقچاقچىلار سورۇن مەشرەپلەرنىڭ ئەڭ تۆرىدە ئولتۇرىلىدۇ، چاقچاقچىلار قىزىپ چاقچاقلار كىشىلەردە چاۋاك ۋە زور كۈلكە قوزغىغاندا، ناخشا-مۇزىكىلار ئەۋجىگە چىققاندا سورۇندىكىلەردىن قىقاس-چۇقان چىقىپ ھاياجانلىنىدۇ، بۇچاغدا سورۇندىكىلەر چاقچاقچى، ناخشا-مۇزىكىچىلارغا ئۆرۈم ئۆرىلىدۇ. بۇ ئۇلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئۆزلىرىنى بەك خوشال قىلغانلىقىغا، سورۇن كەيپىياتىنى يوقىرى كۆتۈرگەنلىكىگە، باشقىلارنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن جاپا تارتىۋاتقانلىقىغا بولغان تەشەككۈرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۆرۈمنىڭ سوممىسى ئادەتتە چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ، پەقەت سورۇن ئەھلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خوشال بولىشىغا قارىتا ئۆزلىرى ئاتىغىنىنى بىلدۈرىدۇ.ئۆرۈم ئادەتتە پۇل ئارقىلىق ئۆلچىنىدىغان بولۇپ، بەزى چوڭ سورۇنلاردا يەنى ئاتاقلىق چاقچاقچىلار قاتناشقان ئولتۇرۇشلاردا 200-50يۈەنگىچە، ئادەتتىكى سورۇنلاردا 100-10يۈەنگىچە بولىدۇ.توي-تۆكۈن سورۇنلىرىنىڭ ئاخىرىدا سورۇن ئۇيۇشتۇرغۇچى، ناخشا-مۇزىكا ئورۇندىغۇچىلىرىغا ۋەچاقچاقچىلارغا كۆڭۈل سوغىسىنى بېرىدۇ.(يەنى ئۇلارنىڭ سورۇنغا كېلىش ھەققى)گەرچە بۇ بىر كىچە ياكى كۈندۈز سورۇن ئەھلىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن بۇ جاپاكەشلەرگە نىسپەتەن ئاز بېرىلگەن سوۋغا بولسىمۇ بىراق ئۆرۈم بېرىش بىر تەرەپتىن چاقچاقچىلارنىڭ قىلغان چاقچىقىنىڭ كۆپچىلىككە يارىغانلىقىنىڭ بەلگىسى[ــ رەيھانئاي مامۇت: «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە ھەسلەپكى مۇلاھىزە » 20-بەت، مىراس ژۇرنىلى 2012-2-سان. ]، يەنە بىر تەرەپتىن چاقچاقچىلارغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ چاقچاقچىلارغا بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ.

(3) چاقچاق سورۇنىدىكى«لەقەم»ئاتاپ چاقچاق قىلىش شەكلى

لەقەم قويۇش ۋە لەقەمنى ئاتاپ چاقىرىش بىز ئۇيغۇرلارغا ئەزەلدىنلا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، لاقەم ئادەتتە بىرەر كىشىنىڭ چىراي شەكلى ياكى تۈزۈلىشىدە، ياكى مىجەز خۇلقى، ئالاھىدىلىكلىرىدە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغانلىقىغا ئاساسەن

www.kitaphumar.com

قويلىدۇ، چاقچاق سورۇنلىرىدا ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان لەقەم سورۇننىڭ قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

مەسىلەن: ئىلىدىكى تەسىرى زور چاقچاقچىلارنىڭ بىرى ئىبراھىم ئابلاخان — 1942-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، لەقىمى«دىۋانە»، ئىبراھىم ئابلاخان لەقىمى ئۈستىدە توختىلىپ «گەپنى كۆنىمىز تېرىق بىلەن قوناق نورمىسىغا قاراپ قالغان شۇ لەنتى يىللاردىن باشلايمىز. ئۇ يىللاردا تۇرمىشىمىز قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ ئاز-ئازدىن يىغىش قىلىپ سورۇن تۈزەتتۇق، سورۇنلىرىمىز شۇنداق قىزاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايانداپدىكى مەلۇم بىر تويىنىڭ مەسلەھەت تويىدىن قايتىۋتىپ يول ئۈستىدە بىر ئانا نان يېقىۋتىپتۇ ئالايلى دېسەك پۇل يوق، شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ نان سورىدىم، بۇ چاقچاقچى بۇرادەرلىرىم تەرپىدىن نان تىلگەنگە ئالماشتى. شۇنداق قىلىپ «دىۋانە»دەپ ئاتالدىم. كىشىلەر مىنى «دىۋانە» دەيدۇ.راست مەن بىر« دىۋانە » «دىۋانە» بولغاندىمۇ بەدەلسىز قولغا كېلىدىغان پۇچۇق ناننىڭ دىۋانىسى ئەمەس، بەلكى ساپ ۋە ساغلام ئەقىلدىن تامغان مۇھابىەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ساداقەتنىڭ، سەممىيەتنىڭ، كۆلكە-چاقچاقنىڭ دىۋانىسى[— ئابدۇرسۇل سىيىت: «چاقچاقچىلار چايخانىسى1» شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەت نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى39-بەت ]».

ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدە «قورۇق»لەقىمى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر يېتۈك تىل ئۈستىسى بار، ئۇبولسىمۇ ساتتار قورۇق. بۇ كىشى ھىسام قۇرباندىن كېيىنلا يېتىشىپ چىققان داڭلىق چاشما چاقچاقچىلارنىڭ بىرى.

رەشىت مۇھەممەت — لەقىمى «ساراڭ»، ئىلى چاقچاقچىلىرى ئىچىدىكى تولىمۇ قىزىقارلىق كىشى بولۇپ گەپ سۆزى، كېيىنىشى، قىلىقلىرى كىشىلەردە كۆلكە قوزغايدۇ، شۇڭا «ساراڭ » دەپ ئاتالغان، كىشىلار ئۇنىڭ گەپ-سۆزنى ئاڭلاشقا تولىمۇ ئامراق.

مىجىت ئابدىراخمان — لەقىمى «قانجوق» بۇ چاقچاقچىمىزنى لەقىمى بىلەن ئاتىمىسا خەلقىمىز ئاسان تونىيالمايدۇ، بۇ قىزىقچىمىز لەقىمى ئۈستىدە توختىلىپ «كېچىكىمدە تەمبۇر چېلىشقا ھەۋەسلىنەتتىم، تەمبۇر چالىمەن دەپ «مىجىت تەمبۇر» دەپ ئاتالدىم، بۇنىڭغا ھەدەپ تۇرشام، كىيىم كىچەكنى پاكىز، كىر قونىدۇماي قېقىپ يۈرسەم «مىجىت سەتەڭ» دەپ ئاتالدىم، ئاپلا دەپ يۈرسەم، بىر كۈنى ھېسامكام. ئىبرايىمكام دىۋانى، ساتتاركام قورۇقلار بىلەن بىر ئولتۇرۇشقا بېرىپ قالدىم، چاقچاق دېگەن شۇنداق نەرسە، خۇرىچىگىز ئىچىلسا ئىچىلىپلا كېتىسىز، سىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، شۇ كۈنى قانداق بولغان بىلمىدىم، كەيپىياتىم ئېچىلىپ باشقىچە سۆزلەپلا كېتىپتىمەن، بىراق ئاخىرىغا

www.kitaphumar.com

كەلگەندە ھېسامكام يەنە جاھاندارلىقنى قىلدى. ئىبرايىمكام ماڭا قاراپ: «نەدىن كەلگەن سەھرالىق بۇ، ھەممىزگە تېتىپلا كەتتىغۇ؟» دېۋىدى، ھېسامكام: «نەدىن كېلەتتى، بۇ دېگەن جىلىيۇزنىڭ قانجۇقى، قانجۇق دېگەن ئىت تالمايدۇ، قويۇپ بېرىڭلار،» دەپ يېغىشتۇرغان بولدى. ئەتىسىدىن تارتىپ بۇ گەپ لەتى، كامىللارغا بولۇپ بەردى، شۇندىن تارتىپ بۇ پەخىرلىك نام بىلەن ياشاۋاتىمەن[ــ ئابدۇرسۇل سىبىت: «چاقچاقچىلار چايخانىسى1» شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى200-بەت ]» دېدى.

ھەبىبۇللا ئابدىرېھىم-لەقىمى سۆر بويتاق، خەلق ئىچىدە ھېبى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى توي قىلماي كۆلكە چاقچاق سورۇنلىرى بىلەن كىشىلەرگە زور خۇشاللىق بېرىپ ئۆتكەزگەن بولغاشقا «سۆر بويتاق» دەپ ئاتالغان.

ئۇلاردىن باشقا يەنە :«تەيگو»، پەرھات«باجى»، لەتى«ئىشەك»، تۇداخۇن «پاكار» (رەھمەتلىك).....

## تۆتىنچى ئىلى رايۇنىدا چاقچاقنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى

چاقچاق ئۇ بىر سەنئەت، ئۇ بىر گۈزەللىق، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ھوزۇرى تولىمۇ سىرلىق، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش روھى بېسىمىنى يېنىكلىتىپ كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ، ئىلىلىقلا ئەزەلدىن كۈلكە بىلەن ياشاپ كەلگەن چاقچاقچى خەلق،شۇ سەۋەبدىن ھەممىلا يەردە ئىلى چاقچاقلىرى تارقىلىپ يۈرىدۇ،ئۇنداقتائىلى رايۇنىدا قانداق قىلىپ مۇشۇنداق چاقچاق موھىتى شەكىللەنگەن.مەن چاقچاقدىن ئىبارەت بۇمەدىنيەت ھادىسىنىڭ ئالاھىدە كۈشلۈك بولۇشىدىكى سەۋەپنى تۆۋەندىكى بىرقانچە سەۋەپتىن دەپ قارايمەن.

(1)ئىلى خەلقىنىڭ پىسخىكىسى ـــــ ئىلى خەلقى خۇش چاقچاق مېھمان دوس خەلق، مەيلى بېشىغا چۈشكەن دەرت ئەلەملىرى بولسۇن ۋە ياك كۈلكە-خوشاللىقلىرى بولسۇن، چىرايىدىكى كۈلكە تەبەسسومى بىلەن جىلۋەقىلىپ كۈلۈپ ئۆتكۈزدۇ، توي-تۆكۈن، مەشرەپ، يىگىت ئولتورىشى، نورۇز پائالىيەتلىرىنى ناخشا-مۇزىكا، چاقچاق ئارقىلىق تېخىمۇ يوقرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ، ئىلى خەلقىدىكى بۇ خىل خۇش تەبەسسۇم، مېھماندوسلۇق، بىرەر ئىشلارنى ئاسان كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان يۇمۇرىستىك خارەكتىر شۇندالا، ئەزەلدىنلا ناخشا-ئۇسسۇلغا بولغان ھىرىسمەنلىك، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلى خەلقىنىڭ

www.kitaphumar.com

يەرلىك شىۋە ئالاھىدىلىكى، يەنى ئۆز-ئارا گەپلەشكەندە بىر-بىرىنى سەنلەپ گەپ قىلىشى،مەسىلەن (ئۇكام ۋۇي،مە كەگىنە، نىمداق قىلسەن ۋۇي...) بۇخىل خارەكتىرمۇ ئىلى خەلقىنىڭ چاقچاقنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇسەۋەپتىن چاقچاقچىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ چاقچاق پائالىيەتلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ.

(2)چاقچاق ئۇستازلىرىنىڭ تەسىرى ـــ زامانىمىزدىكى ھايات نەسىردىن ئەپەندى دەپ ئاتالغان ھىسام قۇربان(مەرھۇم) باشچىلىقتىكى سەلەي. ئەبەي، ساتتار....قاتارلىق چاقچاقچىلار ئىلى سورۇنلىرىنى قىزىتىپ بارچە سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرۈسە، بىر تەرەپتىن ھەبىبۇللام ئابدىرېھىم(ھېبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۇداخۇن روزەم(تۇداخۇن پاكار) بولۇس نىزامىدىن، لەتى قاتارلىق چاقچاق چاگىرتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چاقچاقدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋىيەت ھادىسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئاددىلىقدىن مۇرەككەپلىككە، تىزلىقتىن-چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەقىي قىلغان، مەرھۇن چاقچاق پىشۋاسى ھىسان قۇربان ئاكا باشلامچىلىقىدىكى چاقچاقچىلار ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى قىزىتىپ، خەلق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ يۈرگەندىن ياشقا ھەرساھە ـھەر كەسىپتىكى چاقچاق ھەۋەسكارلىرىنى يېتەكلەپ، يېڭى-يېڭى چاقچاقچىلارنى يېتىشتۈرۈپچىققاندىن باشقا يەنە چاقچاق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئازغىنە كىرىمنىمۇ يېتىم-يېسىرلارغا ئىشلىتىپ ھەقىقي بىر مەدىنىيەت شەكىللەندۈرۈپ چاقچاق دىن ئىبارەت بۇ مەدىنىيەن ھادىسىنى گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

(3) ھەرخىل چاقچاق سورۇنلىرى ۋە مەشرەپ سورۇنلىرى ـــ ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى يەنە بىر موھىم ھالقا ـچاقچاق سورىنى،ئىلى رايونىدا ئەزەلدىن چاقچاقچى ۋە چاقچاقچىلارغا ھازىرلانغان سورۇن باشقا يۇرۇتلاردىن كەڭ بولغان، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەشرەپ توي-تۆكۈن ۋە باشقا شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نەغمە-ناۋا بىلەن باشلىنىپ، چاقچاق بىلەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەريىلى باھار ئايلىرىدا جىرغىلاڭ، چوقۇر قاتارلىق دەريا ياقىسىدىكى مەنزىرلىك جايلاردا بولىدىغان «دەريا سەيلىسى» ئۆرۈك پىشقاندا بولىدىغان جىلىلىيۈزى، تۆرپانيۈزى، چولونقاتلاردىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»، قىش پەسلى سەھرا ـيېزىلاردا بولىدىغان «سوقوم بەزمىسى»، شۇنۇڭدەك غۇلجا شەھرىنىڭ ئاۋات باغچىلاردا، چايخانا، ئاشپوزوللاردا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان [رەيھانئاي ماموت: «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە ھەسلەپكى مۇلاھىزە » 19-بەت، مىراس ژۇرنىلى 2012-2-سان ـ ]ئولتۇروشلار، ئىلى چاقچاقلىرىنى ئەۋجىگە چىقىردىغان ئاساسلىق سورۇن ھىسابلىنىدۇ⑦. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل سورۇن

بەزمىلەر ئىلى چاقچاقلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە ئىلىپ چىقىپ چاقچاقنىڭ تەرقىلىشى، تەرەققىي قىلىشى،شۇنداقلا ئومۇملىششى ئۈچۈن ئاساسىي سورۇن بولالايدۇ،بۇ خىل بەزمە سورۇنلاردىكى ھەرخىل سورۇن ئەھلى ئارقىلىق چاقچاق مەڭگۈ ئۈزۈلمەي داۋاملىشالايدۇ.

(4) ئۆزگە خاس گۈزەل مەنزىرىسى—گۈزەل تەلكە تەغلىرىدىن، كۆپكۆك سايرام ۋادىلىرىدىن، يېشىل نارات ئوتلاقلىرىدىن گۈزەل ئىلى دىيارىغا نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ خىل ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرىنى قوشاق كۈيلىرىگە قاتمايدىغان يىگانە شائىر بولماسلىقى مۇمكىن، مانا بۇ خىل گۈزەل مۇھىت ئەزەلدىن ناخشا-سازخۇمار ئىلىلىقلارنىڭ جەننەت ماكانى بولۇپ ھەرخىل ئولتۇرۇش، مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ خىل گۈزەل مۇھىتتا ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەرخىل سورۇنلار ئىلى چاقچاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن يەنە بىر يىگى كۈچ بولۇپ ھىسابلىنىدۇ،بۇ خىل گۈزەل مەنزىرىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرخىل مەرىكىلەردە ئېيتىلىدىغان ناخشا، تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا،شۇنداقلا ئارىلىقلىرىدا ئېيتىلىدىغان چاقچاقلار ھەققىي ئىلى چاقچاق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن يىگى كۈچ بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

### 5-چاقچاق پائالىيىتىنىڭ ئىلىنىڭ ئىقتىسادى،مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىلى رايونىدىكى چاقچاق پائالىيتى ئىلىنىڭ ئىجدىمائىي ،ئىقسادىي ، مەدىنىيىتىگە ناھايتى موھىم تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ،ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان.

ئىقتىساتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى: چاقچاق سۆيەر خەلق ئۆمۈرلۈك خوشاللىقى ئۈچۈن ھەرخىل چاقچاق سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەنىۋى بايلىق يارىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئىقتىساتقا قوشۇدىغان پايدىسىمۇ ناھايتى يوقرى بولىدۇ، يەنى سورۇن تەشكىللەش، يىمەك-ئىچمەكلەرنى تەييارلاش،چاقچاقچى ۋە ناخشىچى، مۇزىكانتلارغا پۇل بېرىش ،تاماق تارتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىقساتقا قوشۇدىغان پايدىسى ناھايتى زور بولۇپ كەلمەكتە. ئىلى چاقچاقلىرى توي تۆكۈننىڭ جىنى بولۇپ ،ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى چوڭ كىچىك ياشلارمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ،شۇ سەۋەپتىن باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن سايائەتچىلەر ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئىقسادىي كىرىممۇ يوقرى بولىدۇ.

مەدىنيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى: بىز ئۇيغۇرلاردا: «بالاڭنى مەكتەپكى بەر مەشرەپكە بەر »دەيدىغان گەپ بار ،مەشرەپتىكى چاقچاق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى كىيىم

www.kitaphumar.com

-كىچەك مەدىنىيىتى، يىمەك-ئىچمەك مەدىنىيىتى قاتارلىقلارنى ئۇگەنگىلى بولىدۇ. ئوتتۇز ئوغول مەشرىپى، نوروز بەزمىسى قاتارلىق سورۇنلارمۇ چاقچاقنىڭ ئەڭ موھىم سورۇنلىرى بولۇپ ئەدەپ -قائىدە ئۆگۈنىدىغان ياخشى سورۇن بولالايدۇ.

چاقچاق ۋە چاقچاقچىلار ئارقىلىق ئىلىنىڭ مەدىنىيەت، سايائەتچىلىك، ئىقسادىغا زور تۆھپە قوشۇپ ئىلى نامىنىڭ تونىلىشىدىمۇ ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ. مانا مۇشۇنداق چاقچاق ئىلىنىڭ سىياسى، ئىقسادى، مەدىنىيىتىگە بولغان تەسىرى كۆپ بولغاشقا، ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ ئىلى رايونىدىكى چاقچاق پائالىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە موھىم رول ئوينىغان.شۇنداقلا ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ باشقا يۇرۇتلارغا تارقىلىش ،تەرەققي قىلىشىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

## خاتىمە

چاقچاق سەنئىتىگە ئىلى خەلقىنىڭ ئاجايىپ مېھىر-مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، خۇشاللىقلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، چاقچاق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. چاقچاق— ئىلىلىقلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى، ياشاش ئۇسۇلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، تەپەككۇرى، بەدىئىي دىتىگە ئوخشاش تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ سەنئەتكە خەلق ناخشىلىرى، قوشاقلىرى، ئەپسانە-رىۋايەتلىرىگە ئوخشاشلا خەلقنىڭ خوشاللىق ھەم كۈلكىسى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتى، زەھەردەك ئاچچىق كىنايە، مەسخىرىلىرى، زۇلۇم، خورلۇق، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتكە قارشى ئىسيانكارانە روھى سىڭىپ كەتكەن. شۇنداق بولغاچقا خەلق چاقچاقلىرىنى ئۆتمۈشىمىز ۋە بۈگۈنىمىزنىڭ جانلىق خاتىرىسى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان روشەن خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ، چاقچاقخۇمار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، يازما ھەم فولكلور ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكى توغۇرسىدا نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق سورۇنلاردىكى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئىجراچانلىقى ئىلى رايونىدا شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى توغۇرسىدا ماتىرىياللار يەنىمۇ كەمچىل بولماقتا، شۇڭا بۇ ماقالەمنىڭ بۇ ھەقتىكى بوشلۇقنى ئازراق

www.kitaphumar.com

بولسىمۇ تولۇقلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.شۇنداقلا ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىپ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقنىشىنى ،ھېسام قۇربان، تۇداخۇن روزەم قاتارلىق مۇنەۋۋەر خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ چىرىقىنى ئۆچۈرمەي،ئۇلارنىڭ ئىزىنى يېڭى چاقچاقچىلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ،چاقچاق مەدىنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئۈمۈت قىلىمەن.

## قوشۇمچە

تۆۋەندە چاقچاق ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئاتاقلىق خەلق چاقچاقچىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي:

ھېسام قۇربان: 1930-يىلى غۇلجا شەھرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، مەملىكەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ھېكايىچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2013-يىلى 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھېسام چاقچاقلىرى

### (مەستلىكنىڭ سىرى)

ئاشخانىدىن چىقىۋاتقاندا بىر ئاغىنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

ــــ دائىم جىق ئىچسىڭىزمۇ مەست بولمايتتىڭىز، بۈگۈن ئازراقلا ئىچىپ تەڭشىلىپ قاپسىزغۇ؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

ــــ بۈگۈن پۇل خەجلەپ قويدۇم ئەمەسمۇ!

ھەبىبۇللام ئابدۇرېھىم: كىشىلەر ئارىسىدا تولىمۇ ھۆرمەتلىنىدىغان ھەققىي بىر ساخاۋەت ئىگىسى، مەمەيۈزى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە مەكتەپلەردە ناخشا ئېيتىپ كېيىن چاقچاق سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، چاقچاق

www.kitaphumar.com

بىلەن شۇغۇللانغان، كىيىن كىشىلەر تەرىپىدىن« ھىبى» دەپ ئاتالغان. چاقچاقچىمىز ھەبىبۇللام ئابدۇرېھىم ئارقىلىق تاپقان پۇللىرى ۋە ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇللىرى ئارقىلىق بىر يېتىملار مەكتىپى قۇرۇپ، ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. كىشىلەر ئۇنى ھازىرغىچە توي قىلماي چاقچاق سورۇنلىرىدا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن «سۈر بويتاق» دەپ ئاتايدۇ.

## ھىبى چاقچاقلىرى

## (پىرىم نانغا بەش مانتا)

قاينۇقلۇق ئىككى بۇرادەر بازار ئايلانغاچ شەھەرگە كىرىپتۇ، ئىلگىرى ئۇلار مەدرىسەنىڭ سامسىسىنىڭ داڭلىقلىقىنى ئاڭلاپ، چۆشكە يېقىن «مانتىخانىغا كىردۇق» دەپ باشقىلارنىڭ خاتا كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن مەدرىسەنىڭ يېنىدىكى ئاممۇۋى مونچىغا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا ھور دېگەن كۆتۈرۈلۈپ، ئادەملەر ئۆچرەتتە تۇرغۇدەك، ھىلىقى ئىككىسى ئۈدۈل بىلەت ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ «پىرىم نانغا بەش مانتا»-دەپ بۇيرۇپتۇ. بىلەت ساتقۇچىمۇ قىزىقچى ئىكەن، چاندۇرماي تاھارەت ئالدىغان چۆگۈننى ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ‌دەپتۇ:

—— بەش مىنۇتتىن كېيىن چىقىدۇ، چاي ئىچكەچ تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار.دەپتۇ.

تۇداخۇن روزى (تۇداخۇن پاكار) —— غۇلجا شەھىرى توققۇزتارا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. تەقدىرنىڭ ئاچچىق چاقچىقى بىلەن بويىنىڭ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى42 كىلوگىرام بولۇپ قالغان. ئۇ تولىمۇ گەپتان، ھەييار، قىزىقچى چوڭ بولغان، كېيىنكى كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدىكى داڭلىق چاقچاقچىغا ئايلانغان. ئەپسۇس، تازا گۈللىنىپ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، 2012-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تۇداخۇن پاكار چاقچاقلىرى

(تۆگىنىڭكىنى يەپ)

ھېسامكام «چولپان رېستورانى» دا تاماق يەپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە تۇداخۇن

www.kitaphumar.com

كىرىپ قاپتۇ. ھېسامكام قائىدە بويىچە ئۇنى تاماقتا تەكلىپ قىپتۇ:

ــــ كېلە، بىللە يەيلى.

ــــ ياق.

ــــ بۆرەك كاۋپىي بۇيرۇتۇپ قويدۇم دەيمەن.

ــــ زوقۇم يوق.

ــــ ئەخمەق!- دەپتۇ ھېسامكام،- بۆرەك يېسەڭ بۆرىكىڭگە، يۈرەك يېسەڭ يۈرىكىڭگە پايدىسى بار.

ــــ ئۇنداق يېرى بولسا،- دەپ چاقچاق قىپتۇ تۇداخۇن ھېسامكامغا،- پاچاق يەپ پۇتۇڭنى تۈزلىتىۋالساڭ بولمامدۇ؟!

ھېسامكامۇ بوش كەلمەپتۇ:

ــــ تۆگىنىڭكىنى يەپ ئۇزارتىۋالامسەن- يا؟

## پايدىلانمىلار


1.ئوسمان ئىسمائىل «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىللىق نەشرى

2.ئابدۇرسۇل سېيىت «چاقچاقچىلارچايخانىسى1» شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى.

3. ئابدۇرسۇل سېيىت «چاقچاقچىلارچايخانىسى2» شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى.

4.رەيھانئاي مامۇت «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە». «مىراس» ژۇرنىلى 2012-يىللىق 2-سان.

5.مەمتىمىن ھوشۇر «ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش»،«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى 1984-يىللىق 4-سان.

6.راھىلە داۋۇت «ھېسام چاقچاقلىرىنى تويلاپ رەتلەشتىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر توغۇرسىدا»، «ئىلى دەريا» ژۇرنىلى 2000-يىللىق 5-سان.

7.ئەسئەت ئابدىرشىت «چاقچاقچىلارنىڭ دەردى يوقمۇ»«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى 2008-يىللىق نەشرى.

www.kitaphumar.com

8.ئابدۇكېرەم راخمان «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىللىق نەشرى